سۈلەيمانىيە ۋەقفى

دىن ۋە پىترەت تەتقىقات مەركىزى

قۇرئان نۇرى ئاستىدا

# ۋەسلىچىلىك ۋە شېرىك

پروفېسسور، دوكتور ئابدۇلئەزىز بايىندىر

سۈلەيمانىيە ۋەقفى نەشرىياتى

ئىستانبۇل 2012

بِسْمِ اللَّهِ الرَّحْمَنِ الرَّحِيمِ

سۈلەيمانىيە ۋەقفى دىن ۋە فىترەت تەتقىقات مەركىزى
(ئۇيغۇرچە بۆلۈمى)

سۈلەيمانىيە ۋەقفى نەشرىياتى
ئىستانبۇل 2012/1433

## ئاپتۇر ھەققىدە

ئابدۇلئەزىز بايىندىر 1951- يىلى تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى ئەرزۇرۇم ۋىلايىتىنىڭ تورتۇم ناھىيىسىدە تۇغۇلغان. 1976- يىلى ئەرزۇرۇم ئاتا تۈرك ئۇنىۋېرسىتېتى ئىسلامىي ئىلىملەر فاكولتېتىنى پۈتتۈرگەن. 1976- يىلىدىن 1997- يىلىغىچە ئىستانبۇل مۇ   پتىلىقىدا مۇئاۋىن مۇ   پتىي ۋە پەتىۋا مۇتەخەسسىسى بولۇپ ئىشلىگەن. بۇ جەرياندا مۇ پتىلىقنىڭ پەتىۋا ئىشلىرى ۋە مەھكىمە ئارخىپلىرىنى باشقۇرغان. 1997- يىلى ئىستانبۇل ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلاھىيەت فاكولتېتىغا ئوقۇتقۇچى قىلىپ بەلگىلەنگەن.

1984- يىلى «مەھكىمە ئارخىپلىرى نۇرى ئاستىدا ئوسمانلىلاردا مۇھاكىمە ئۇسۇللىرى» ناملىق ئىلمى   ي ماقالىسى بىلەن ئىسلام قانۇنى ساھەسىدە دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. 1987- يىلى ئىسلام ئىقتىسادى ۋە كالام ئىلمى ساھەسىدىكى ئىلمىي خىزمەتلىرى بىلەن دوتسېنتلىق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. 2003- يىلى فىقھ ساھەسىدە پروفېسسور بولغان.

1993- يىلى «سۈلەيمانىيە ۋە قىۋى دىن ۋە فىترەت تەتقىقات مەركىزى» نى قۇرغان. ئەرەبچە، ئىنگلىزچە ۋە فرانسۇزچە بىلىدۇ.

پروفېسسور، دوكتور ئابدۇلئەزىز بايىندىر ھازىر ئىستانبۇل ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلاھىيەت فاكولتېتى فىقھ بۆلۈمىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى ۋە بۆلۈم باشلىقى، «سۈلەيمانىيە ۋە قىۋى دىن ۋە فىترەت تەتقىقات مەركىزى» نىڭ مەسئۇلى بولۇپ ئىلمىي تەتقىقات بىلەن شۇغۇللانماقتا. توي قىلغان، تۆت پەرزەنتى بار.

## تەرجىماندىن

بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم

ئىنسانىيەتنى يوقتىن پەيدا قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئىككى ئالەملىك ھايات يولىنى توغرا رەۋىشتە كاپالەتكە ئىگە قىلىش ئۈچۈن قۇرئان كەرىمنى نازىل قىلغان ۋە ئۇ كىتابنى ئەلچىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئارقىلىق بىزلەرگىچە يەتكۈزگەن ئۇلۇغ ئاللاھقا چەكسىز ھەمدۇسانا ئېيتىمەن.

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن قېرىندىشىم، ئەڭ دەسلەپكى پەيغەمبەردىن باشلاپ، ئەڭ ئاخىرقى پەيغەمبەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغىچە بولغان بارلىق پەيغەمبەرلەر ئارقىلىق ئاللاھ تەرىپىدىن ئىنسانلارغا يەتكۈزۈلگەن دىنلارنىڭ ئىسمىلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇپ «ئىسلام دىنى» دەپ ئاتايمىز.

بىر پەيغەمبەر يەتكۈزگەن دىن ئىنسانلار تەرىپىدىن بۇرمىلانغان ياكى ھەرخىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئەسلى رەڭگى ئۆزگىرىپ ئىلاھىي دىن بولۇش سۈپىتىدىن ئايرىلىپ قالغاندىن كېيىن ئاللاھ تائالا ئىنسانلارغا ئۆزلىرىنىڭ جىنسىدىن يېڭى پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتىپ، ئۇلارنى دىنىنىڭ ئەسلى ھالىتىنى ئىنسانلارغا قايتىدىن يەتكۈزۈشكە بۇيرۇغان. لېكىن پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاخىرقىسى بولغاچقا، دىنىنىڭ ئەمىر-پەرمانلىرىنى كېيىنكى ئەۋلادلارغا يەتكۈزۈش ۋەزىپىسى مۇسۇلمان ئالىملارغا تاپشۇرۇلغان.

ئىنسانلارنىڭ ئاللاھنىڭ بارلىقى ۋە بىر ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى ئىشەنچىسى كامىل. پەقەت بۇلاردىن بەزىلىرى ئۇنى يوشۇرىدۇ، ئۆز نەپسى ئالدىدا يالغان سۆزلەيدۇ. ئەسلىدە ئۇلار ھاياتىنىڭ مەلۇم بىر باسقۇچىدا كائىناتنىڭ ئىچى-سىرتىدىكى مەۋجۇدىيەتنى ياراتقان ۋە ئۇلارنى ئىنتىزاملىق ھالدا باشقۇرۇۋاتقان بىر كۈچنىڭ بارلىقىنى ئاللىبۇرۇن قوبۇل قىلغان.

باشقا بىر تۈركۈم كىشىلەر بولسا، بىرلىكى ۋە بارلىقىغا ئىشەنگەن ئاللاھنى ئۆزىنىڭ چەكلىك ئەقلىي كۈچى بىلەن تەسەۋۋۇر قىلىپ، ئۇنىڭغا بولغان يېقىنلىقلىرىنى ھەر خىل ئۇسۇللار بىلەن ئىپادىلەيدۇ. يەنە بەزىلىرى بولسا، ھەر خىل سەۋە بلەرنى ئالغا سۈرۈپ ئاللاھ تەرىپىدىن بېرىلگەن بۇيرۇقلارنى ئۆزىنىڭ ھايات پەلسەپىسىگە بويسۇندۇرۇشقا ئۇرۇنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن دىن ئەسلى ساپلىقى ۋە غايىسىنىڭ سىرتىدا ئومۇملىشىشقا باشلايدۇ.

ئالايلۇق، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن 23 يىللىق ھاياتىدا، ھەقىقىي دىنىي چۈشەنچىدىن يىراق ۋە ئىجتىمائىي ئادالەتتىن مەھرۇم بولغان، جاھالەت قاراڭغۇلۇقىدا تېڭىرقاپ يۈرگەن ئىنسانىيەت ئالەمىنى نىجاتلىق نۇرىغا باشلىدى. ئىسلام دىنى قىسقا مۇددەت ئىچىدە ئەرەپ يېرىم ئارىلىدىن ھالقىپ ئافرىقا، ياۋروپا ۋە ئاسىيادىكى نۇرغۇنلىغان مىللەتلەرنىڭ ئۈمىد يۇلتۇزىغا ئايلاندى. ئەرەب، تۈرك، پارس ۋە باشقا نۇرغۇنلىغان مىللەتلەر ئىرق ۋە رەڭ ئايرىمىسىغا قارىماي ئۆزلىرىگە ئوخشاش بىر ئىنسانغا قۇل بولۇشقا قارشى ئىلاھىي ئادالەت بايرىقى ئاستىدا بىرلەشتى. ماددىي ۋە مەنىۋىي جەھەتتىكى چىرىكلىكتىن ماددىي ۋە مەنىۋىي مەدەنىيەت بەرپا قىلىشتەك تاكامۇللىشىش پەللىسىگە يۈزلەندى.

ئەپسۇسكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن بەزى مىللەت ۋە قەبىلىلەر ئۆزلىرىنىڭ قەدىمقى ئادەتلىرىنى قايتا تىرىلدۈرۈشكە يۈزلەندى. ئىلگىرىكى مەدەنىيەت قالدۇقلىرىنى ئىسلام ئاساسلىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈشكە تىرىشتى. شۇنىڭ بىلەن خالىس ئىسلام ئېتىقادى ئۈستىدە ھەر خىل رەڭدىكى پەردىلەر شەكىللىنىشكە باشلىدى. بۇ ئەھۋال دەۋرىمىزگىچە بولغان 1400 يىلدەك ئۇزۇن بىر زامان مابەينىدە ئېتىقادىي مەسىلىلەردىن ئادەتتىكى مەسىلىلەرگىچە سىڭىپ كىردى.

ئەسلى ماھىيىتىگە زىت نۇرغۇنلىغان يېڭى تېمىلار «ئىسلام» سەرلەۋھىسى ئاستىدا خەلقئالەمگە «تەقدىم» قىلىندى. بىر تالاي مەسىلىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆگەتكەن قېلىپتىن چىقىپ كەتتى. بۇنىڭغا قارشى چىققان ھەقىقەتپەرۋەر كىشىلەر ھەر خىل سۆپەتلەر بىلەن ھاقارەتكە ئۇچرىدى. جامائەتچىلىككە «دىن دۈشمىنى» قىلىپ كۆرسىتىلدى. ئۇلارنىڭ «مەسىلىسىنى بىر تەرەپ» قىلىش ئۈچۈن ھەر خىل رەزىل ۋاستىلەرنى قوللىنىشتىن نومۇس قىلىشمىدى. نەتىجىدە بۇنداق ئەھۋاللار شۇنداق بىر ۋەھىمىلىك دەرىجىگە بېرىپ يەتتىكى، «دىندارلار» نىڭ قارىشىدا ئىجتىمائىي ھاياتتا ئۇچرىغان تۈرلۈك-تۈمەن مەسىلىلەرگە ئاللاھ نېمە دەيدۇ؟ دېگەن سوئالنى سوراشنىڭ ئۆزى جىنايەت ھېسابلىنىدىغان بولۇپ قالدى.

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن، قولىڭىزدىكى بۇ كىتاب «مۇسۇلمان» لارنىڭ قارىشىدا «دىن» دەپ قارىلىپ كەلگەن بەزى ئادەتلەرنىڭ ئىچىدىكى ئېتىقاد بىلەن مۇناسىۋەتلىك بەزى خاتا چۈشەنچىلەرنى تەتقىق قىلىشنى باش تېما قىلىدۇ. بۇ كىتابتا خاتا كۆزقاراشلار تەنقىد قىلىنىدۇ. تەنقىد ئاپتورنىڭ شەخسىي كۆزقارىشى ئاساسىدا ئەمەس، قۇرئان كەرىمنىڭ ئايەتلىرىنى مەركەز قىلىپ ئېلىپ بېرىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن پاش قىلىنغان خاتالىقلارنىڭ يازغۇچىنىڭ كىشىلىك كۆزقارىشىدىن كېلىپ چىققان مەسىلە ئەمەس، قۇرئان كەرىم ئايەتلىرىگە زىت بولغانلىقتىن كېلىپ چىققان خاتالىق ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىش كېرەك. چۈنكى ئېتىقادىمىز خاتا بولۇپ قالسا، قىلغان پۈتۈن ئەمەل-ئىبادەتلىرىمىز بىكار بولۇپ كېتىدىغانلىقى ھەممىمىزگە ئايان.

كىتابتا يېزىقچىلىق ئۇسۇلى جەھەتتە كۆچۈرمە جۈملىلەرنىڭ بەك ئۇزۇن بولۇشىدىن كېلىپ چىققان چېچىلاڭغۇدەك كۆرۈنىدىغان تەرەپلەر بار. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەسەرنى ئوقۇش جەريانىدا باشتىن ئاخىرىغىچە تۈگىتىپ

ئوقۇش ياكى ئاز بولغاندا بىر بۆلۈمنى باشتىن ئاخىرىغىچە دىققەت بىلەن ئوقۇشقا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك.

شۇنداق بولغاندا ئەسەرنىڭ مەنە پۈتۈنلۈكىنى قولغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ. ئەكسىچە بولغاندا بىرقانچە ئابزاسقا بېرىپ قالغان نەقىللەر بىر قاراشتا ئوقۇرمەنلەرگە خاتا تۇيغۇ بېرىپ قويۇشى مۇمكىن.

ئەسەرنىڭ بىرىنچى بۆلۈمىدە ئاساسەن مۇسۇلمانلار چۈشۈپ قېلىش ئېھتىمالى يۇقىرى بولغان تۇزاقلار بايان قىلىنىدۇ. چۈنكى قۇرئان كەرىمدە مۇشرىك دەپ سۈپەتلەنگەن كىشىلەر ئاللاھنى بار دەپ قارايدۇ. لېكىن ئۇلارنىڭ ئاللاھقا بولغان چۈشەنچىسىنىڭ خاتا يولدا ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ ياكى بىلىشنى خالىمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئاللاھقا ئىشىنىپ تۇرۇپمۇ مۇسۇلمان ھېساپلانمايدۇ. دەرۋەقە بىر كىشى «مەن ئاللاھقا ئىشىنىمەن. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن مۇسۇلمان» دەپ مەغرۇرلىنىپ كەتمەسلىكى كېرەك. مۇشرىكلار بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ ئوخشاپ كېتىدىغان ناھايىتى كۆپ تەرەپلىرى بار بولغاچقا ئۆزىمىزگە باھا بەرگەندە داۋاملىق قۇرئان كەرىمنى ئاساسي ئۆلچەم قىلىپ تۇرۇپ باھا بېرىشكە توغرا كېلىدۇ.

ئىككىنچى بۆلۈمدە ئىنسانلارنىڭ ئاللاھ بىلەن مۇناسىۋەت ئورنىتىشتا ئوتتۇرىدا باشقىلارنى ۋەسىلە قىلىشنىڭ خاتا ئادەت ئىكەنلىكى بايان قىلىنىدۇ. كىشىلەرنىڭ تەبىئىتىگە سىڭىپ كەتكەن بۇ ئەھۋالنىڭ پەقەت ئۆز ۋاقتىدىكى مەككىلىك مۇشرىكلارغىلا خاس بىر ئادەت بولماستىن، بەلكى باشقا جەمئىيەتلەردىمۇ ئومۇملىشىپ قالغان بىر ھالەت ئىكەنلىكى خرىستىئان ۋە تاۋىزمچىلار مىسال قىلىنىش ئارقىلىق ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ.

گەرچە خرىستىئانلار ئۆزلىرىنىڭ ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىغا ئەگىشىۋاتقانلىقلىرىنى دەۋا قىلىسىمۇ رېئاللىقنىڭ بۇنىڭ ئەكسىچە ئىكەنلىكى ھەممىمىزگە ئايان. ھەتتا ئۆزلىرىمۇ بۇنى ئېتىراپ قىلىدۇ. ئۇلار ئاللاھنى

تونۇش جەھەتتە ئىيسا ئەلەيھىسسالام، مەريەم ئانا ۋە پاپالارنى ئاللاھ بىلەن ئۆزلىرى ئوتتۇرىسىدا ۋەسىلە بولىدۇ، دەپ قاراپ ئېتىقاد جەھەتتىن ھالاكەتلىك يولغا كىرىپ قالغان.

ۋەھالەنكى ئۇلارمۇ ئاللاھقا ئىشىنىدۇ. پەقەت ئاللاھ بار دەپ قويۇشلا بىزنىڭ پۈتۈنلەي توغرا يولدا ئىكەنلىكىمىزنى كۆرسەتمەيدۇ. ئۇ ھالدا ئاللاھ بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى خىيالىي تەسەۋۋۇرغا تايىنىپ ئەمەس، بەلكى مۇقەددەس كىتابىمىز قۇرئانغا ئاساسەن ئورنىتىش كېرەك. خرىستىئانلار قانداق قىلىپ بۇ جەھەتتە ھەقىقەتتىن ئايرىلىپ قالغان بولسا، بىز مۇسۇلمانلار مەسىلىنىڭ شۇ تەرىپىدىن ئىبرەت ئېلىپ توغرا يولدا مۇستەھكەم تۇرۇشىمىز كېرەكلىكى ئالغا سۈرۈلىدۇ.

بۇ بۆلۈمدە مىسال قىلىپ كۆرسىتىلگەن تاۋىزىم لاۋزىنىڭ تەلىماتلىرى ئاساسىدا شەكىللەنگەن بىر چۈشەنچە بولۇپ، ئۇ ئۆزىگە خاس ئىلاھىيەت قارىشى، ھېيت-بايراملىرى ۋە ئىبادەت شەكىللىرىگە ئىگە بولۇش سۈپىتى بىلەن دىنلار تارىخى ئىلمىدە جۇڭگولۇقلارنىڭ مىللىي دىنى دەپ تونۇشتۇرۇلىدۇ. بۇ خىل دۇنيا قاراشتىكىلەر «تاۋ» بىلەن «تې» نىڭ ئادەتتىن تاشقىرى ئالاھىدە كۈچ-قۇدرىتى بارلىقىغا ئىشىنىدۇ ۋە ئۇلار بىلەن مۇناسىۋەت ئورنىتىش ئۈچۈن بىر ۋەسىلىگە (ۋاستىگە) ئېھتىياج بار دەپ قارايدۇ.

ئەسەرنىڭ ئۈچىنچى بۆلۈمدە بولسا، تۈركىيەدە ئوتتۇرىغا چىقىپ زامانىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا تېز سۈرئەتتە يېيىلىشقا باشلىغان «نۇرچىلىق» ئېقىمى ھەققىدە مەلۇمات بېرىلىدۇ.

نۇرچىلىق ئېقىمى 1876 - يىلى تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى بىتلىس ۋىلايىتىنىڭ نۇرس يېزىسىدا تۇغۇلغان، 1960 - يىلى شانلىئۇرفا ۋىلايىتىدە ۋاپات بولغان، «بەدىئۇززامان» لەقىمى بىلەن تونۇلغان سەئىد ئىسىملىك بىر كىشىنىڭ ئوخشىمىغان زامانلاردا يازغان ئەسەرلىرى ۋە نۇتۇقلىرىنىڭ توپلىمىنى

ئۆزلىرىگە دەستۇر قىلىدۇ. بۇ توپلام جەمئىيەتتە «رىسالەئى نۇر» دېگەن نام بىلەن مەشھۇر. بۇ تەشكىلاتنىڭ قوللىغۇچىلىرى تۈركىيەنى مەركەز قىلغان ھالدا دۇنيانىڭ كۆپلىگەن رايونلىرىدا پائالىيەت ئېلىپ بارماقتا.

بۇ بۆلۈمدە ئۇلارنىڭ ئاساسلىق مەنىۋىي ئوزۇق مەنبەسى بولغان «رىسالەئى نۇر» دىكى ئىسلام دىنىغا ئوچۇقتىن-ئوچۇق زىت دەپ قارالغان بەزى كۆزقاراشلار قۇرئان ئايەتلىرى بىلەن بىرلىكتە ئوقۇرمەنلەرگە تەقدىم قىلىنىدۇ.

بۇ ئەسەرنى يېقىرىدىكى ئاساسىي گەۋدىنى چۆرىدەپ باشتىن ئاخىرىغىچە تەپسىلىي ئوقۇپ چىقىدىغان بولساق، ئۆز نۆۋىتىدىكى مۇشرىكلار، خرىستىئانلار، تاۋىزمچىلار، تەسەۋۋۇپ-تەرىقەت مەنسۇپلىرى، شۇنداقلا مەلۇم بىر كىشىنىڭ پىكىر ۋە كۆز قاراشلىرى ئاساسىدا شەكىللەنگەن دىنىي تۈسكە ئىگە نۇرچىلىقتا ئوخشاش گۇرۇھلارنىڭ ئاللاھ بىلەن بولىدىغان مۇناسىۋەتتە نەقەدەر خاتا چۈشەنچىدە ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكىلى بولىدۇ. شۇنداقلا بۇ قاتلامدىكى بىر-بىرىنى ئېتىراپ قىلمايدىغان كىشىلەرنىڭ ئۆز دىنىي ھاياتلىرىنى بىر-بىرىگە ناھايىتى يېقىن بىر سىزىق ئۈستىدە، ھەتتا ئوخشاش بىر قېلىپ ئىچىدە داۋاملاشتۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ. ئاللاھ ھەممىمىزنىڭ ئاياغلىرىنى توغرا يولنىڭ ئۈستىدە مۇستەھكەم قىلسۇن.

نىدا ھەققۇلى، 2006 - يىلى ئىستانبۇل.

## مۇندەرىجە

مۇقەددىمە.................................................................17
كىرىش سۆز.................................................................21
بىرىنچى بۆلۈم.................................................................23
دىن.................................................................23
ئا- ئاللاھ بىلەن ئالدىنىش.................................................................32
1- ئاللاھ بىلەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ئارىسىنى ئايرىۋېتىش..........................34
2- مەسئۇلىيەتنى ئاللاھقا ئىتتىرىپ قويۇش.......................................37
3- خاتا تەۋەككۇل.................................................................41
4- ئاللاھنىڭ ئەپۇچانلىقى بىلەن ئالدىنىش.......................................45
5 - ئاللاھنىڭ كۈچى بىلەن ئالدىنىش.......................................48
ب- ئىمان.................................................................50
ج - شېرىك ۋە كۇفۇر.................................................................53
1- ئۆزلىرىنى ئىلاھلاشتۇرۇۋالغانلار.......................................57
2- ۋەسلە ئىزدەيدىغانلار.................................................................63
ئا- مۇشرىك ئاللاھقا ئىشىنىدۇ 66
ب- مۇشرىك ئاللاھقا ئىبادەت قىلىدۇ. 68
ج– مۇشرىك ۋەسىلىگە ئىشىنىدۇ. 70
د– مۇشرىك ۋەسىلىنىڭ شاپائىتىگە ئىشىنىدۇ. 74
ئە– مۇشرىك مۇشرىكلىقنى رەت قىلىدۇ. 75

ف– ۋەسلە قىلىنغۇچىلار ۋەسلە قىلغۇچىلارنى رەت قىلىدۇ. 78
گ– ئەقىل شېرىكنى رەت قىلىدۇ. 79
ئىككىنچى بۆلۈم........................................................................83
ۋەسىلىچىلىك ئېتىقادى ...................................................................83
شېرىكنىڭ ئومۇمي قۇرۇلمىسى .........................................................85
ئا- كاتولىكلاردا ۋەسلە ئېتىقادى .....................................................90
1- ئاللاھ..................................................................................90
2- ئىيسا (بالا) .........................................................................91
3- مۇقەددەس روھ.........................................................................96
4- مەريەم ئانا.............................................................................97
5- ھەۋارىيلار ...........................................................................98
6- چېركاۋ...............................................................................101
7- راھىبلار ..............................................................................101
ئا- ئېپىسكوپلار 102
ب- پاپا 102
ج- پوپلار 103
8- چۆمۈلدۈرۈش ..........................................................................104
9- گۇناھ چىقىرش .........................................................................105
10- ئىلاھلار پىرامىداسى ..................................................................106
ب- تاۋىزمدا ۋەسلە ئېتىقادى.............................................................110

تاۋىزىمچىلاردا ۋەسىلە ئىلاھلار ..... 113

1ـ تاۋ ..... 113

2ـ تې ..... 114

3ـ يىن ياڭ ..... 114

4ـ ئۆلۈمسىز روھلار ۋە روھىي كۈچلەر ..... 115

5ـ ئاتاـ بوۋىلارنىڭ روھلىرى ..... 115

6ـ دانىشمەنلەر ۋە پەرىشتە سۈپەت ئۇستازلار ..... 116

7ـ رابىتە ..... 117

ئۈچىنچى بۆلۈم ..... 120

ئەھلى كىتابقا كۆڭۈل بېرىۋاتقان مۇسۇلمانلار ..... 120

ئاـ شېرىكنى رەت قىلىدىغاندەك كۆرۈنۈش ..... 121

بـ پەيغەمبەرنى ئىلاھلاشتۇرۇش ..... 124

جـ دىنىي زاتلارنى مۇقەددەسلەشتۈرۈش ..... 130

دـ دىنىي زاتلارنى ئىلاھلاشتۇرۇش ..... 136

ئېـ ئىنسان سۆزىنى ئاللاھنىڭ سۆزى ھېسابلاش ..... 138

فـ ۋەسىلىچىلىك ئېتىقادى ..... 146

گـ بىز تەتقىق قىلغان تەرىقەتلەردە ۋەسىلەر ..... 147

1ـ ھەقىقەتى مۇھەممەدىيە ..... 148

2ـ ئىنسانى كامىل ..... 149

3ـ قۇتبۇل ئىرشاد ..... 152

4ـ رىجالۇل غەيب........................................................155
5ـ قۇتۇب..........................................................155
6ـ غەۋس..........................................................155
7ـ رەۋاسىي........................................................155
8ـ تەرىقەت پىرى (ئىشانى)..............................................156
هـ ۋەسىە قىلىنغان كىشىلەرنىڭ غەيبنى بىلىدىغانلىقنى دەۋاسى....................161
1ـ كاتولىكلاردا غەيىب ئىلمى ....................................................164
2ـ تەرىقەتچىلەردە غەيىب ئىلمى ..................................................165
ئا‌ـ غەيبنى ھېچكىم بىلمەيدۇ 166
بـ ئۆتمۈش غەيبنى ھېچكىم بىلمەيدۇ 168
جـ مۇقەددەس چەكلىمە دەۋاسى 169
ئىـ ۋەسىلىلەرنىڭ شاپائەت قىلىدىغانلىقى ئېتىقادى..................................172
1ـ كاتولىكلارنىڭ شاپائەت چۈشەنچىسى .........................................172
2ـ تەرىقەتچىلەردە شاپائەت چۈشەنچىسى ......................................173
ژـ ئۆلۈكتىن ياردەم تىلەش ..............................................................179
1ـ كاتولىكلارنىڭ ئۆلۈكتىن ياردەم تىلىشى ...................................179
2ـ تەرىقەتچىلەر ۋە دىنى گۇرۇھلاردا ئۆلۈكتىن ياردەم تىلەش....................185
ئاـتوقۇلما ھەدىس 187
بـ بۇرمىلانغان ئايەتلەر 188
5) 6ـ ئايەتكە دىققەت قىلماسلىق 196

ج- ئۆلۈكتىن ياردەم تىلەيدىغانلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك مىساللار 198

ك- جامائەت شەكىللەندۈرۈش ۋە نۇر جامائىتى ........................................215

1- سەئىد نۇرسىي ھەققىدە ئويدۇرۇپ چىقىرىلغان ئالاھىدىلىكلەر...............217

ئا- فەردىيەت (بىرلىك) ماقامىدا بولغانلىقى دەۋاسى 217

ب- بەدىئۈززامان بولغانلىقى دەۋاسى 222

ج- ئالەملەرگە رەھمەت بولغانلىقى دەۋاسى 223

د- قىيىن ئەھۋالدا قالغانلارغا ياردەم قىلغانلىقى دەۋاسى 225

ئې- قۇرئاننى ۋە ئاللاھنىڭ ئىسىملىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقى دەۋاسى 226

ف- ھەر دەۋردە پەرقلىق كىملىك بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىدىغانلىقى دەۋاسى 228

گ- ئەڭ بۈيۈك مۇرشىد ۋە مۇجەددىد بولغانلىقى دەۋاسى 231

ھ- مەھدى ئىكەنلىكى دەۋاسى 232

ئى- كۈتۈلۈۋاتقان ئىيسا بولغانلىقى دەۋاسى 234

ژ- قۇتقۇزغۇچى ئىكەنلىكى دەۋاسى 235

ك- شاپائەت قىلىدىغانلىقى دەۋاسى 237

2- رىسالەئى نۇرلارنىڭ مۇقەددەسلەشتۈرۈلۈشى....................................237

ئا- رىسالەئى نۇرنىڭ تەستىقلانغانلىقى دەۋاسى 238

ب- رىسالەئى نۇرنىڭ تۈركچە بولۇشى 239

ج- رىسالەئى نۇرنىڭ گۇناھقا كاپارەت بولىدىغانلىقى دەۋاسى 240

د-رىسالەئى نۇرنى ئوقۇغانلارنىڭ ئالىم بولىدىغانلىقى دەۋاسى 240

ئې- رىسالەئى نۇرلارنى مۇقەددەسلەشتۈرگەنلىكىنىڭ مىساللىرى 240

3ـ ئىجاتلىقنىڭ نۇر جامائىتىدە ئىكەنلىكى دەۋاسى ............................243
ل ـ جامائەتنى كۆپەيتىشنىڭ غايە بولۇشى .........................................245
م ـ ئىنسانىيەتنى قۇچاقلاش دەۋاسى ..................................................250
تۆتىنچى بۆلۈم.................................................................................253
سەئىد نۇرسىي ۋە قۇرئان....................................................................253
ئا ـ ئەبجەد ۋە جەفر............................................................................253
ب ـ رىسالەئى نۇرلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىشارەتلەر .................................256
ج ـ سەئىد نۇرسىي بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىشارەتلەر .................................262
د ـ رىسالەئى نۇرلارنىڭ يېزىلىشىغا ئىشارەتلەر ...........................................266
ئې– رىسالەئى نۇرلارنىڭ قىممىتىگە ئىشارەتلەر ........................................268
ف ـ رىسالەئى نۇرلارنى ئوقۇغانلارغا ئىشارەتلەر............................................270
پايدىلانغان مەنبەلەر: ..........................................................................273

شەيتان ئاللاھ تەئالاغا مۇنداق دېگەن ئىدى:

«...**لَأَقْعُدَنَّ لَهُمْ صِرَاطَكَ الْمُسْتَقِيمَ. ثُمَّ لَآتِيَنَّهُمْ مِنْ بَيْنِ أَيْدِيهِمْ وَمِنْ خَلْفِهِمْ وَعَنْ أَيْمَانِهِمْ وَعَنْ شَمَائِلِهِمْ وَلَا تَجِدُ أَكْثَرَهُمْ شَاكِرِينَ**»

«... مەن چوقۇم ئۇلار ئۈچۈن سېنىڭ توغرا يولۇڭدا ئولتۇرىمەن. ئاندىن چوقۇم ئۇلارغا ئالدىلىرىدىن، ئارقىلىرىدىن، ئوڭلىرىدىن ۋە سوللىرىدىن كېلىمەن. ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكىنى شۈكرى قىلغۇچى كۆرمەيسەن»ـ ئەئراف 16/7 ـ 17.

شەيتان ئىنساندىنمۇ بولىدۇ، جىندىنمۇ بولىدۇ [1]. ئۇ تۇزىقىنى توغرا يولنىڭ ئۈستىگە قۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئەڭ چوڭ تۇزىقى شېرىكتۇر. چۈنكى

«**إِنَّ اللّهَ لاَ يَغْفِرُ أَن يُشْرَكَ بِهِ وَيَغْفِرُ مَا دُونَ ذَلِكَ لِمَن يَشَاءُ**»

«ئاللاھ ئۆزىگە شېرىك كەلتۈرۈلۈشىنى ھەرگىز مەغپىرەت قىلمايدۇ، بۇنىڭ ئاستىدىكى گۇناھنى خالىغان كىشىگە مەغپىرەت قىلىدۇ»ـ نىسا 48/34.

شېرىك ئورتاق قىلماق دېمەكتۇر. ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرمەك، ئاللاھقا ئائىت خۇسۇسىيەتلەردىن بىرىنى ياكى بىرقانچىسىنى باشقا بىر مەۋجۇداتتىمۇ بار دەپ قاراشتۇر. بۇ مەۋجۇداتلار كۆپىنچە ئاللاھقا يېقىن دەپ تەسەۋۋۇر قىلىنغان دىنى زاتلارنىڭ ئىچىدىن تاللىنىدۇ. شەيتانلار ئۇ دىنى زاتلارنىڭ ئاللاھنىڭ دوستى ئىكەنلىكىنى، ئاللاھ ئالدىدا ياردەمچى، سالاچى ۋە شاپائەتچى بولىدىغانلىقىنى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارغا بويسۇنۇش لازىملىقىنى داۋاملىق تەكىتلەپ تۇرىدۇ.

---

[1] ـ ئەنئام 112/6؛ ناس 114/ 6.

ئەقىل ۋە قۇرئان بۇ تۇزاقنىڭ ئالدىدا ئىككى چوڭ توسالغۇدۇر. شەيتانلار بۇ توسالغۇلاردىن ئۆتۈش ئۈچۈن دىنىنىڭ ئەقىل ئىشى ئەمەس، كۆڭۈل ئىشى ئىكەنلىكىنى ۋە قۇرئاننى ھەممە ئادەمنىڭ چۈشىنەلمەيدىغانلىقىنى سۆزلەپ تۇرىدۇ. ئىنسانلارنىڭ ئالدىغا ئۆزلىرى مۇقەددەس دەپ قارايدىغان باشقا كىتابلارنى قويىدۇ ۋە مۇشۇ كىتابلارنى ئوقۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ تۇزاققا چۈشۈپ قالغانلار قۇرئانغا بولغان ھۆرمىتىنى يوقاتمايدۇ، لېكىن قۇرئاننى چۈشۈنەلمەيدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ ئۇنى ئۆزلىرىگە نىسبەتەن مۇجمەل بىر كىتاپ دەپ ھېسابلايدۇ. ئاندىن بۇ شەيتانلار ئۆزلىرى ئويدۇرۇپ چىقارغان يېڭى ئىبادەت شەكىللىرىنى مەيدانغا ئېلىپ چىقىپ شۇ ئارقىلىق كۆپ ئىبادەت قىلىشقا تەۋسىيە قىلىدۇ ۋە ئىنسانلارنىڭ كۆڭۈللىرىنى توغرا يولدا ئىكەنلىكىگە تەسكىن تاپقۇزۇپ تۇرىدۇ. ئۇلارمۇ ئۇ زاتلارنى ئاللاھنىڭ دوستلىرى دەپ بىلىپ ئۇلارغا بەندە ۋە قۇل بولىدۇ. ئاخىرىدا ئۆزلىرىگە بولغان ئىشەنچلىرى يوقىلىدۇ ۋە توغرا يول بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئۈزۈلۈپ قالىدۇ، لېكىن ئۆزلىرىنى توغرا يولنىڭ قاپ ئوتتۇرىدا دەپ ھېسابلايدۇ. ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ:

«**وَمَن يَعْشُ عَن ذِكْرِ الرَّحْمَنِ نُقَيِّضْ لَهُ شَيْطَاناً فَهُوَ لَهُ قَرِينٌ. وَإِنَّهُمْ لَيَصُدُّونَهُمْ عَنِ السَّبِيلِ وَيَحْسَبُونَ أَنَّهُم مُّهْتَدُونَ**»

«كىم رەھماننىڭ زىكرىدىن يۈز ئۆرۈسە، ئۇنىڭغا بىر شەيتان مۇسەللەت قىلىمىز. شۇنىڭ بىلەن بۇ شەيتان ئۇنىڭ ھەمراھى بولىدۇ.

شەيتانلار ئۇلارنى توغرا يولدىن توسىدۇ، ئۇلار ئۆزلىرىنى توغرا يولدا، دەپ ئويلايدۇ»- زۇخرۇف 36/43 ـ 37.

ئاللاھ نامىدىن كەلسە- كەلمەس سۆزلەشمۇ زور كۆپ ساندىكى كىشىلەر چۈشۈپ قالىدىغان تۇزاقلارنىڭ بىرىدۇر. بۇ ھەقتە يا ئاللاھ تەئالانىڭ كۈچى يا چوڭلارنىڭ سۆزلىرى ۋە ياكى كىتابلاردىكى خۇراپاتلار ئاساس قىلىنىدۇ. خاتا سۆزلەپ قويماسلىق ئۈچۈن قۇرئانغا قاراش كېرەك بولغان تۇرۇقلۇق قۇرئاننى بۇ خاتالىقلارنى قوللايدىغان شەكىلدە تەپسىر قىلىش ئىشنى تاپتىن چىقىرىدۇ.

بۇ كىتابنى يېزىشتىكى مەقسەت-ياخشى مۇسۇلمان بولۇش ئۈچۈن يولغا چىققانلار ئاسانلا چۈشۈپ قالىدىغان بۇ تۇزاقلارنى قۇرئان ئايەتلىرى نۇرىدا ئوتتۇرىغا چىقىرىش ۋە ئۇلاردىن ئاگاھلاندۇرۇشتىن ئىبارەت. بىزنىڭ خاتالىقلىرىمىزنى كۆرگەنلەرنىڭمۇ بىزنى ئەينى شەكىلدە ئاگاھلاندۇرۇپ قويۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

ھەقىقەتنى چۈشىنىش ئاسان، قوبۇل قىلىش تەستۇر. ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ:

**«وَمَا كَانَ اللّهُ لِيُضِلَّ قَوْماً بَعْدَ إِذْ هَدَاهُمْ حَتَّى يُبَيِّنَ لَهُم مَّا يَتَّقُونَ»**

«ئاللاھ بىر قەۋمنى ھىدايەت قىلغاندىن كېيىن، ئۇلار ساقلىنىشقا تېگىشلىك ئىشلارنى بايان قىلماي تۇرۇپ، ئۇلارنى گۇمراھ قىلمايدۇ»- تەۋبە .115/9

**« وَمَنْ أَظْلَمُ مِمَّنِ افْتَرَى عَلَى اللَّهِ كَذِبًا أَوْ كَذَّبَ بِالْحَقِّ لَمَّا جَاءَهُ أَلَيْسَ فِي جَهَنَّمَ مَثْوًى لِلْكَافِرِينَ. وَالَّذِينَ جَاهَدُوا فِينَا لَنَهْدِيَنَّهُمْ سُبُلَنَا وَإِنَّ اللَّهَ لَمَعَ الْمُحْسِنِينَ»**

«ئاللاھقا يالغان چاپلىغان ياكى ئۆزىگە كەلگەن ھەقنى يالغان دېگەن ئادەمدىنمۇ زالىم ئادەم بارمۇ؟ كاپىرلارنىڭ جايى جەھەننەمدۇر، شۇنداق ئەمەسمۇ!

بىز ئۈچۈن جىهاد قىلغانلارغا كەلسەك، بىز ئۇلارنى ئەلۋەتتە يوللىرىمىزغا يېتەكلەيمىز. شۈبھىسىزكى، ئاللاھ ياخشى ئىش قىلغۇچىلار بىلەن بىللىدۇر»۔ ئەنكەبۇت 29/68۔69.

تىرىشچانلىق بىزدىن، مۇۋەپپەقىيەت ئاللاھدىن.

پروفېسسور، دوكتور ئابدۇلئەزىز بايىندىر

2005۔ يىل ئاۋغۇست. ئىستانبۇل

## كىرىش سۆز

ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ:

**«قُلْ إِنَّمَا حَرَّمَ رَبِّيَ الْفَوَاحِشَ مَا ظَهَرَ مِنْهَا وَمَا بَطَنَ وَالْإِثْمَ وَالْبَغْيَ بِغَيْرِ الْحَقِّ وَأَنْ تُشْرِكُوا بِاللَّهِ مَا لَمْ يُنَزِّلْ بِهِ سُلْطَانًا وَأَنْ تَقُولُوا عَلَى اللَّهِ مَا لَا تَعْلَمُونَ»**

«ئېيتقىنكى: ‹ رەببىم، پەقەت مۇنۇلارنىلا ھارام قىلدى: ئاشكارا بولسۇن مەخپىي بولسۇن پۈتۈن پاھىشىلەرنى [2]، گۇناھلارنى، ناھەق تاجاۋۇز قىلىشنى، ئاللاھ ئۆزىنىڭ شېرىكى ئىكەنلىكى توغرىسىدا ھېچبىر دەلىل چۈشۈرمىگەن نەرسىنى ئاللاھقا شېرىك قىلىشىڭلارنى ۋە ئاللاھ ھەققىدە ئۆزۈڭلار بىلمەيدىغان نەرسىنى سۆزلەشنى. ›»-ئەئراف 33/7 .

شېرىك ئورتاق قىلماق دېمەكتۇر. ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرمەك، ئاللاھقا ئائىت خۇسۇسىيەتلەردىن بىرىنى ياكى بىرقانچىسىنى باشقا بىر مەۋجۇداتتىمۇ بار دەپ قاراپ، ئۇنى ئۇ ھەقتە ئاللاھ بىلەن ئورتاق ھېسابلىماقتۇر. بۇنى قوبۇل قىلغۇچىغا مۇشرىك دېيىلىدۇ. مۇشرىك ئۇ مەۋجۇداتنى ئاللاھ بىلەن ئۆزىنىڭ ئارىسىدا ۋەسىلە (شېپى) قىلىدۇ ۋە ئۇنىڭغا قۇل ۋە بەندە بولىدۇ. قۇرئاننىڭ ھامان ھەر سەھىپىسىدە بۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئاگاھلاندۇرۇشلار بار. چۈنكى بۇ كەچۈرگۈسىز بىر گۇناھتۇر.

ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ:

**«إِنَّ اللّهَ لاَ يَغْفِرُ أَن يُشْرَكَ بِهِ وَيَغْفِرُ مَا دُونَ ذَلِكَ لِمَن يَشَاءُ»**

---

[2] ـ پاھىشە دېگەن سۆز قۇرئاندا ھەم زىنا (ئىسرا 32/17) ھەم بەچچىۋازلىق (نەمل 27/54ـ58) دېگەن مەنالاردا ئىشلىتىلگەن.

«ئاللاھ ئۆزىگە شېرىك كەلتۈرۈلۈشنى ھەرگىز مەغپىرەت قىلمايدۇ، بۇنىڭ ئاستىدىكى گۇناھنى خالىغان كىشى   دىن مەغپىرەت قىلىدۇ»ـ نىسا 48/4.

مۇشرىك تەۋبە قىلسا ئەپۇ قىلىنىدۇ. دەسلەپكى مۇسۇلمانلارمۇ شېرىكتىن تەۋبە قىلىپ ئىسلامغا كىرگەن ئىدى. ئۇنداقتا شېرىكتىن باشقا گۇناھلارنى قىلغان كىشى تەۋبە قىلماستىن ئۆلۈپ كەتكەن تەقدىردىمۇ، تامامەن ئەپۇ قىلىنىشى مۇمكىن.

شېرىك توغرىسىدا پەيغەمبەرلەرمۇ ئاگاھلاندۇرۇلغان. ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ:

**«وَلَقَدْ أُوحِيَ إِلَيْكَ وَإِلَى الَّذِينَ مِنْ قَبْلِكَ لَئِنْ أَشْرَكْتَ لَيَحْبَطَنَّ عَمَلُكَ وَلَتَكُونَنَّ مِنَ الْخَاسِرِينَ. بَلِ اللَّهَ فَاعْبُدْ وَكُنْ مِنَ الشَّاكِرِينَ»**

«ئى مۇھەممەد! ساڭا ۋە سەندىن ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرگە: ‹ئەگەر شېرىك كەلتۈرسەڭ، ئەمەلىڭ بىكار بولۇپ كېتىدۇ ۋە زىيان تارتقۇچىلاردىن بولۇپ كېتىسەن› دەپ ۋەھيي قىلىندى. شۇڭا ئاللاھقىلا ئىبادەت قىل ۋە شۈكۈر قىلغۇچىلاردىن بول»ـ زۇمەر 39/65 ـ 66.

پەيغەمبەرلەرمۇ قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇلغان شېرىك مەسىلىسىگە يېتەرلىك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. بولمىسا قىلىنغان ياخشى ئىشلارنىڭ ۋە ئىبادەتلەرنىڭ ساۋابى يوق بولۇپ كېتىدۇ.

# بىرىنچى بۆلۈم

## دىن

دىن ھەقىقەتتە ئىنساننى ئەڭ كۆپ ئالدايدىغان نەرسە ئاللاھنى بار ۋە بىر دەپ تونۇش بىلەنلا بولدى قىلىشتۇر. ئەسلىدە ئاللاھنىڭ بار ۋە بىر ئىكەنلىكىنى ھەر كىشى بىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەممە ئادەم ئۆزىنى ئۆزى دىندار ھېسابلايدۇ.

ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ:

«**وَإِذْ أَخَذَ رَبُّكَ مِنْ بَنِي آدَمَ مِنْ ظُهُورِهِمْ ذُرِّيَّتَهُمْ وَأَشْهَدَهُمْ عَلَى أَنْفُسِهِمْ أَلَسْتُ بِرَبِّكُمْ قَالُوا بَلَى شَهِدْنَا أَنْ تَقُولُوا يَوْمَ الْقِيَامَةِ إِنَّا كُنَّا عَنْ هَذَا غَافِلِينَ. أَوْ تَقُولُوا إِنَّمَا أَشْرَكَ آبَاؤُنَا مِنْ قَبْلُ وَكُنَّا ذُرِّيَّةً مِنْ بَعْدِهِمْ أَفَتُهْلِكُنَا بِمَا فَعَلَ الْمُبْطِلُونَ. وَكَذَلِكَ نُفَصِّلُ الْآيَاتِ وَلَعَلَّهُمْ يَرْجِعُونَ**»

«رەببىڭ ئادەم باللىرىدىن يەنى ئۇلارنىڭ بەللىرىدىن ئۇلارنىڭ نەسىللىرىنى ئالغاندا ئۇلارنى ئۆزلىرىگە قارشى گۇۋاھ قىلىپ تۇرۇپ: ‹مەن سىلەرنىڭ رەببىڭلار ئەمەسمۇ؟› دېدى. ئۇلار: ‹ھەئە، رەببىمىزدۇرسەن، بىز بۇنىڭغا گۇۋاھ بولدۇق› دېدى. ئى ئىنسانلار ئەمدى سىلەر قىيامەت كۈنى: ‹بىز بۇنىڭدىن غاپىل ئىدۇق› دېيەلمەيسىلەر. شۇنىمۇ دېيەلمەيسىلەر: ‹ئاتا-بوۋىلىرىمىز ئىلگىرى شېرىك كەلتۈرگەن ئىدى، بىز بولساق ئۇلاردىن كېيىن كەلگەن بىر نەسىل ئىدۇق. باتىلغا چۈمگەن ئۇ كىشىلەرنىڭ قىلمىشلىرى تۈپەيلى بىزنى ھالاك قىلامسەن؟› بىز ئايەتلەرنى مۇشۇنداق تەپسىلىي بايان قىلىمىز. بۇ ئۇلارنىڭ گۇمراھلىقتىن قايتىشلىرى ئۈچۈندۇر»-
ئەئراف7/172-174.

خەلق ئىچىدە بىزگە «ئاللاھ تەرىپىدىن روزا مىساقتا ئىلىنغان ئەھدە» ياكى «قالۇ بەلادا ئاللاھقا بىرىلگەن ۋەدە» دىگەندەك ئىپادىلەر بىلەن ئۇچراپ تۇرىدىغان بۇ ھادىسە، ئىنساننىڭ ئاللاھنىڭ بارلىقىنى ۋە بىرلىكىنى كەسكىن بىر شەكىلدە قوبۇل قىلىش ھادىسىسىدۇر. يۇقىرىدىكى ئايەت بۇ ئىشنىڭ ئادەم باللىرىنىڭ «بەللىرىدىن نەسىللىرىنىڭ ئىلىنىشى» ئەسناسىدا قەتئىيلەشكەنلىكىنى بىلدۈرمەكتە. نەسلىنىڭ بەلدىن ئىلىنىشى نەسلىنى داۋاملاشتۇرىدىغان ئۇرۇقنىڭ ئىلىنىشىدۇر. ئىنسان بۇ ھالەتكە كەلگەن ۋاقىت بالاغەتكە يەتكەن بولىدۇ.

ئىنسان دۇنياغا كۆز ئاچقاندىن باشلاپ ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى ئوقۇشقا باشلايدۇ. چۈنكى ئاللاھنىڭ ئايەتلىرى پەقەت قۇرئاندىكى ئايەتلەردىنلا ئىبارەت ئەمەس، بەلكى پۈتۈن مەۋجۇداتلاردا: ئاسمانلاردا، زىمىندا، ھايۋانلاردا، ئۆسۈملۈكلەردە، قىسقىسى ھەر يەردە ئاللاھنىڭ ئايەتلىرى بار[3]. ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ:

«**سَنُرِيهِمْ آيَاتِنَا فِي الْآفَاقِ وَفِي أَنفُسِهِمْ حَتَّى يَتَبَيَّنَ لَهُمْ أَنَّهُ الْحَقُّ**»

«بىز ئۇلارغا ئەتراپىدىكى ۋە ئۆزلىرىدىكى ئايەتلىرىمىزنى كۆرسىتىپ تۇرىمىز. ئاخىرىدا قۇرئاننىڭ ھەق ئىكەنلىكى ئۇلار ئۈچۈن ئىنىق ئوتتۇرىغا چىقىدۇ»- فۇسسىلەت 53/41.

[3] - خالىغانلار تۆۋەندە قۇرئان كەرىمدىكى سۈرىسى ۋە نومۇرى بىرىلگەن ئايەتلەرگە ئۈستىدە تەپەككۇر قىلسا بولىدۇ: بەقەرە 164/2؛ ئالى ئىمران 190/3؛ ئەنئام 97/6، 99؛ ئەئراف 26/7، 58؛ يۇنۇس 5/10، 6، 67، 92، 101؛ يۇسۇف 7/12، 35؛ رەئد 2/13، 3، 4؛ نەھل 13/16، 65، 66، 67، 68، 69، 79؛ ئىسرا 12/17؛ كەھف 9/18؛ مەريەم 10/19؛ تاھا 128/20؛ ئەنكەبۇت 24/29، 33، 34،35؛ رۇم 21/30، 22، 23، 24، 28؛ لۇقمان 31/31، 32؛ سەجدە 26/32؛ سەبەئ 15/34؛ زۇمەر 42/39، 52؛ مۇئمىن 13/40؛ جاسىيە 3/45، 4، 5، 6؛ زارىيات 22/51، 23، 35، 36، 37؛ قەمەر 12/54، 13، 14، 15.

ئىنساننىڭ ئەتراپىدا ۋە ئىچكى دۇنياسىدا ئۇقۇغان ئايەتلىرى ئۇنىڭغا بىر ياراتقۇچىنىڭ بارلىقىدىن خەۋەر بېرىدۇ. بۇ سەۋەبتىن ئىنسان كىچىك ۋاقتىدىن باشلاپلا ئالاھ ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزۈشكە باشلايدۇ. بۇ ھەقتە ئەتراپىدىكى كىشىلەردىن سوئاللارنى سورايدۇ. نەتىجىدە ئالاھنىڭ بار ۋە بىر ئىكەنلىكى ھەققىدە تولۇق قانائەت ھاسىل قىلىدۇ. كۆز ئالدىدىكى ئايەتلەر ئارقىلىق گويا ئالاھ ئۇنىڭدىن: «مەن سىنىڭ رەببىڭ ئەمەسمۇ» دەپ سورايدۇ، ئۇ تولۇق بىر قەتئىيلىك بىلەن «شۇنداق، رەببىمدۇرسەن، مەن بۇنىڭغا گۇۋاھلىق بېرىمەن» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ئىنسان بۇنى ئۆمۈر بويى ئۇقۇغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ ئالاھ بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى داۋاملىق جانلىق تۇرىدۇ. ئۇ ئىچكى دۇنياسىدا بۇنىڭدەك سوئاللارغا ھامان ھەر كۈن يولۇقۇپ تۇرىدۇ.

مۇشرىك شېرىك كەلتۈرگۈچى دېگەن بولىدۇ. شېرىكلىكنىڭ مەيدانغا كېلىشى ئۈچۈن ئاز دېگەندە ئىككى نەرسە بولۇشى كېرەك. ئالاھقا شېرىك كەلتۈرگۈچى مۇشرىكنىڭ بىرىنچى ئىلاھى ھەر دائىم ئالاھ بولىدۇ. ئالاھنىڭ بارلىقى ۋە بىرلىكىنىڭ سان-ساناقسىز دەلىللىرى بار بولسىمۇ، لېكىن ئالاھقا قوشۇلغان شېرىكلەرنىڭ ئالاھقا خاس ئىسىم-سۈپەتلەردە ئالاھ بىلەن ئورتاق ئىكەنلىكى ھەققىدە ھېچقانداق دەلىل-ئىسپات مەۋجۇت ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن ھېچبىر مۇشرىك ئۆزىنىڭ مۇشرىك بولۇشى ئۈچۈن ھېچقانداق سەۋەب تاپالمايدۇ ۋە مۇنداقمۇ دېيەلمەيدۇ:

**«إِنَّمَا أَشْرَكَ آبَاؤُنَا مِنْ قَبْلُ وَكُنَّا ذُرِّيَّةً مِنْ بَعْدِهِمْ أَفَتُهْلِكُنَا بِمَا فَعَلَ الْمُبْطِلُونَ»**

««ئاتا-بوۋىلىرىمىز ئىلگىرى شېرىك كەلتۈرگەن ئىدى، بىز بولساق ئۇلاردىن كېيىن كەلگەن بىر نەسىل ئىدۇق. باتىلغا چۆمگەن ئۇ كىشىلەرنىڭ قىلمىشلىرى تۈپەيلى بىزنى ھالاك قىلامسەن؟»- ئەئراف 173/7.

ئىنساننىڭ بالاغەتكە يەتكەن چېغى مۇھىمدۇر. مەسئۇلىيەت بۇ چاغدا باشلىنىدۇ. ئاتا-ئانىلار ئەكسىچە بىر نەرسە سۆزلىسىمۇ بالاغەتكە يەتكەن ئىنسان ئاللاھنىڭ بارلىقىغا، بىرلىكىگە، پۈتۈن مەۋجۇداتنىڭ ئىگىسى ۋە خوجايىنى ئىكەنلىكىگە قەتئىي بىر شەكىلدە گۇۋاھچى بولىدۇ. بەزىلىرى بۇنى ئاشكارىلايدۇ، بەزىلىرى بېشىغا بىر ئېغىرچىلىق كەلگەندە ئاشكارىلايدۇ.

ئۆزلىرىنى خۇداسىز دەپ ئاتايدىغان ئاتېئىستلار ئاللاھنى ئۆز ئىشلىرىغا ئارىلاشتۇرۇشنى خالىمايدىغان كىشىلەردۇر. ئۇلار ئۆزلىرىنى ئىلاھلاشتۇرىدۇ ۋە ئۆزلىرىگە-ئۆزلىرى خوجا بولۇشقا تىرىشىدۇ. باشقا مۇشرىكلار بولسا ئاللاھنىڭ يېنىدا باشقا خوجىلار تېپىپ، ئۇلارنى ئاللاھنى ئۇلۇغلىغاندەك ئۇلۇغلايدۇ ۋە ئاللاھ بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ئۇلارنىڭ ۋاستىسى بىلەن يۈرگۈزۈشكە تىرىشىدۇ.

قۇرئاندا «زىكىر» دېگەن سۆزدىن تۆرلەنگەن كەلىمىلەر ئۆتىدۇ. زىكىر-بىلىمنى زېھىندە ئىشلىتىشكە تەييار ھالەتتە تۇتماق، ئۇنى قەلبكە ۋە تىلغا كەلتۈرۈش، ئەسلەش دېگەن مەنالارنى ئىپادىلەيدۇ[4]. زېھىندە بار بولغان بىلىمنى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈشنى تەزەككۇر ( تَذكر) دېيىلىدۇ. ئىنسان تۇغۇلۇشىدىن تا ئۆلگىنىگە قەدەر ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى كۆرگەن ھالدا ياشايدۇ. ئاللاھنىڭ ئايەتلىرى ئاللاھ نازىل قىلغان كىتابلاردىكى ئايەتلەر بىلەن چەكلىنىك ئەمەس. ئىنساننىڭ تاشقى دۇنياسىدا (ئەتراپىدا) ھەم ئىچكى دۇنياسىدا بار بولغان ئايەتلەرمۇ بار. ئىنسان بىلىمنىڭ تولىسىنى تاشقى دۇنياسىدىن (ئەتراپىدىن) ۋە ئىچكى دۇنياسىدىن ئوقۇغان ئايەتلەردىن ئالىدۇ. بۇ سەۋەبتىن ئۇ بىلىملەر تەبىئىي قانۇن ۋە ئەخلاقنىڭ ئالەمشۇمۇل پرىنسىپلىرىنى كۆرسىتىدۇ.

---

[4] - راغىب ئەلئىسفەھانى، مۇفرەدات، دەمەشق ۋە بېيرۇت، 1992/1412، «**ذ ك ر**» ماددىسى.

قۇرئان، تەۋرات، ئىنجىل ۋە باشقا ئىلاھىي كىتابلارنىڭ ئورتاق ئىسمىمۇ «زىكر» دۇر [5]. چۈنكى تاشقى ئالەمدە ۋە ئىنساننىڭ ئىچكى دۇنياسىدا بار بولغان ئايەتلەر بىلەن قۇرئاننىڭ ئايەتلىرى ئوتتۇرىسىدا تولۇق بىر ماسلىق بار. ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ:

**«سَنُرِيهِمْ آيَاتِنَا فِي الْآفَاقِ وَفِي أَنفُسِهِمْ حَتَّى يَتَبَيَّنَ لَهُمْ أَنَّهُ الْحَقُّ»**

«بىز ئۇلارغا ئەتراپىدىكى ۋە ئۆزلىرىدىكى ئايەتلىرىمىزنى كۆرسىتىپ تۇرىمىز. ئاخىرىدا قۇرئاننىڭ ھەق ئىكەنلىكى ئۇلار ئۈچۈن ئېنىق ئوتتۇرىغا چىقىدۇ»ـ فۇسسىلەت 53/41.

شۇنىڭ ئۈچۈن پەيغەمبەرلەر ئىنسانلارنى «تەزەككۇر» غا يەنى زېھنلەرگە يەرلەشكەن بىلىملەردىن پايدىلىنىشقا چاقىرغان. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇشرىكلارغا «...تەزەككۇر قىلىم امسلەر!» يەنى باللىق دەۋرىڭلاردىن بېرى ئېرىشكەن بىلىمڭلار بىلەن مېنىڭ سۆزلىرىمنى سېلىشتۇرۇپ ئۆتكۈزگەن خاتالىقىڭلارنى كۆرمەمسلەر؟ دېيىشىنىڭ سەۋەبى ئەنە شۇ ئىدى.

دەرۋەقە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ئاللاھنىڭ ياراتقانلىقىنى، لېكىن ئۇلارنىڭ «مەلەكۇتىنى» يەنى باشقۇرۇش ئىشىنى قۇياشقا، ئايغا ۋە يۇلتۇزلارغا ئۆتكۈزۈپ بەرگەنلىكىنى دەۋا قىلاتتى. ئۇلارنى يەرلىك ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىدەك كۆرەتتى، ھەر بىرىدە بىر روھانىيەت بار دەپ ئېتىقاد قىلاتتى.

---

[5] ـ ئال ئىمران 58/3؛ ئەئراف 63/7؛ ھىجر 6/15، 9؛ نەھل 44/16؛ ئەنبىيا 2/21، 50، 105؛ فۇرقان 18/25؛

بۇ سەۋەبتىن ئۇ قەۋم تىلەكلىرىنى ئۇلارغا سۇناتتى، ئاللاھ بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرىنى ئۇلارنىڭ ۋاستىسى بىلەن يۈرگۈزۈشكە تىرىشاتتى. ئۇلارنىڭ ھەيكەللىرىنىڭ ئالدىدا ھۆرمەت بىلەن ئېگىلەتتى.

ئۇلارغا قۇربانلىقلىرىنى سۇنۇپ ئۆزلىرىگە قارىتىشقا تىرىشاتتى. بۇ ئۇلارنى ئاللاھقا ئورتاق قىلغانلىق ئىدى. ئۇلار ئىجتىمائىي ھالەتنى شۇنىڭغا ئاساسەن شەكىللەندۈرگەن ئىدى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئېلىپ بارغان كۆزىتىشلىرى نەتىجىسىدە ئۇلارنىڭ (قۇياش، ئاي ۋە يۇلتۇزلارنىڭ) كائىناتنى باشقۇرۇشتا نېسىۋىدار بولالمايدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغاندىن كېيىن «خەتەرلىك» بولۇشقا باشلىغان ئىدى. ئاللاھ تەئالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:

**«وَكَذَلِكَ نُرِي إِبْرَاهِيمَ مَلَكُوتَ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ وَلِيَكُونَ مِنَ الْمُوقِنِينَ. فَلَمَّا جَنَّ عَلَيْهِ اللَّيْلُ رَأَى كَوْكَبًا قَالَ هَذَا رَبِّي فَلَمَّا أَفَلَ قَالَ لَا أُحِبُّ الْآفِلِينَ. فَلَمَّا رَأَى الْقَمَرَ بَازِغًا قَالَ هَذَا رَبِّي فَلَمَّا أَفَلَ قَالَ لَئِنْ لَمْ يَهْدِنِي رَبِّي لَأَكُونَنَّ مِنَ الْقَوْمِ الضَّالِّينَ. فَلَمَّا رَأَى الشَّمْسَ بَازِغَةً قَالَ هَذَا رَبِّي هَذَا أَكْبَرُ فَلَمَّا أَفَلَتْ قَالَ يَا قَوْمِ إِنِّي بَرِيءٌ مِمَّا تُشْرِكُونَ. إِنِّي وَجَّهْتُ وَجْهِيَ لِلَّذِي فَطَرَ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضَ حَنِيفًا وَمَا أَنَا مِنَ الْمُشْرِكِينَ. وَحَاجَّهُ قَوْمُهُ قَالَ أَتُحَاجُّونِّي فِي اللَّهِ وَقَدْ هَدَانِ وَلَا أَخَافُ مَا تُشْرِكُونَ بِهِ إِلَّا أَنْ يَشَاءَ رَبِّي شَيْئًا وَسِعَ رَبِّي كُلَّ شَيْءٍ عِلْمًا أَفَلَا تَتَذَكَّرُونَ»**

«شۇنىڭدەك، بىز ئىبراھىمغا ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ باشقۇرۇلۇشىنى كۆرسىتەتتۇقكى، ئۇ كەسكىن بىلىمى بولغۇچىلاردىن بولسۇن.

ئۇ كېچىنىڭ قاراڭغۇلۇقى ئۈستىنى يېپىپ ئورىغاندا بىر يۇلتۇز كۆردى، ‹بۇ مېنىڭ رەببىمدۇر › دېدى. يۇلتۇز پېتىپ كېتىۋىدى ‹مەن پېتىپ كەتكۈچىلەرنى ياخشى كۆرمەيمەن › دېدى.

ئاندىن تۇغۇۋاتقان ئاينى كۆرۈپ: ‹بۇ مېنىڭ رەببىمدۇر › دېدى. ئۇ مۇ پېتىپ كېتىۋىدى: ‹رەببىم ماڭا توغرا يولنى كۆرسەتمىسە، مەن چوقۇم ئېزىپ كەتكۈچى قەۋمدىن بولۇپ كېتىمەن › دېدى.

ئاندىن چىقىۋاتقان كۈننى كۆرۈپ: ‹بۇ مېنىڭ رەببىمدۇر. بۇ تېخىمۇ چوڭدۇر! › دېدى. ئۇ مۇ پېتىپ كېتىۋىدى مۇنداق دېدى: ‹ئى قەۋمىم! مەن سىلەر ئاللاھقا شېرىك قىلىۋاتقان نەرسىلەردىن ئادا ـ جۇدامەن.

شۈبهىسىزكى، مەن يۈزۈمنى ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ياراتقان زاتقا يۈزلەندۈردۈم، هەقكە بۇرالدىم، مەن مۇشرىكلاردىن ئەمەس ›.

قەۋمى ئۇنىڭ بىلەن تالاش ـ تارتىش قىلىشتى. ئىبراهىم دېدىكى: ‹سىلەر مەن بىلەن ئاللاھ توغرىسىدا تالاش ـ تارتىش قىلىشامسىلەر؟ ئۇ مېنى هىدايەت قىلغان تۇرسا. مەن سىلەرنىڭ ئۇنىڭغا شېرىك قىلغان نەرسىلىرىڭلاردىن قورقمايمەن. لېكىن رەببىمنىڭ بىر نەرسە خالىشىدىن قورقىمەن. رەببىمنىڭ ئىلمى هەر نەرسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. تەزەككۇر قىلمامسىلەر؟»ـ ئەنئام 75/6ـ80.

ئايەتنىڭ ئاخىرىدىكى «تەزەككۇر قىلمامسىلەر؟» دېگەنلىك «مېنىڭ كۆرگەنلىرىمنى سىلەرمۇ كۆرۈۋاتىسىلەر، ئۇلارنىڭ كائىناتنى باشقۇرۇشتا هېچقانداق تەسىر كۆرسىتەلمەيدىغانلىقىنى سىلەرمۇ چۈشەنگەنسىلەر. بۇ بىلىمىڭلارنى ئىشلەتسەڭلار بولمامدۇ؟» دېگەنلىك بولىدۇ.

ئىبراهىم ئەلەيهىسسالام ئۇلارغا «شۈبهىسىزكى، مەن يۈزۈمنى ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ياراتقان زاتقا يۈزلەندۈردۈم، هەقكە بۇرالدىم، مەن مۇشرىكلاردىن ئەمەس» دېگەن چاغدا ئۇلارنىڭ ئىچىدىن هېچكىم

«ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ياراتقان كىم؟» دەپ سورىمىغان ئىدى. چۈنكى ئۇلار ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ياراتقۇچىنىڭ ئاللاھ ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلەتتى.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ مۇنداق دېدى:

«**وَكَيْفَ أَخَافُ مَا أَشْرَكْتُمْ وَلاَ تَخَافُونَ أَنَّكُمْ أَشْرَكْتُم بِاللّهِ مَا لَمْ يُنَزِّلْ بِهِ عَلَيْكُمْ سُلْطَاناً فَأَيُّ الْفَرِيقَيْنِ أَحَقُّ بِالأَمْنِ إِن كُنتُمْ تَعْلَمُونَ**»

«مەن سىلەر ئاللاھقا شېرىك قىلغان نەرسىلەردىن قانداقمۇ قورقاتتىم! ھالبۇكى، سىلەر ئاللاھ ئۆزىنىڭ شېرىكى ئىكەنلىكى توغرىسىدا ھېچبىر دەلىل چۈشۈرمىگەن نەرسىنى ئاللاھقا شېرىك قىلىشتىن قورقمايۋاتىسىلەر. بۇ ئىككى پىرقىنىڭ قايسىسى قورقماسلىققا تېگىشلىك؟ ئەگەر بىلسەڭلار دەپ بېقىڭلار»- ئەنئام 81/6.

مۇشرىك ئەڭ ئاز بولغاندا ئىككى ئىلاھقا ئىشىنىدۇ. مۇشرىكلارنىڭ بىرىنچى ئىلاھى ھەر دائىم ئاللاھ بولىدۇ. ئىككىنچى ئىلاھى بولسا ئۇلارنىڭ ئاللاھقا ۋەسىلە بولىدۇ دەپ ئېتىقاد قىلغان نەرسىسىدۇر. ئۇلارنىڭ بۇ ھەقتىكى بىردىنبىر ئاساسى چوڭلىرىدىن ئاڭلىغان-بىلگەنلىرىدۇر. بۇلار ئەقىللىرىنى ئىشلەتمەيدۇ. ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ:

«**وَإِذَا قِيلَ لَهُمْ تَعَالَوْاْ إِلَى مَا أَنزَلَ اللّهُ وَإِلَى الرَّسُولِ قَالُواْ حَسْبُنَا مَا وَجَدْنَا عَلَيْهِ آبَاءنَا أَوَلَوْ كَانَ آبَاؤُهُمْ لاَ يَعْلَمُونَ شَيْئاً وَلاَ يَهْتَدُونَ**»

«ئۇلارغا ئاللاھ نازىل قىلغان كىتابقا ۋە ئاللاھنىڭ ئەلچىسىگە كېلىڭلار، دېيىلسە: ‹ ئاتا-بوۋىلىرىمىزنىڭ يولى بىزگە كۇپايە › دەيدۇ. ئۇلار ئاتا-بوۋىلىرى ھېچ نەرسە بىلمىگەن ۋە ھىدايەت تاپمىغان كىشىلەر بولسىمۇ شۇنداق قىلامدۇ؟»-مائىدە 104/5.

«**وَيَجْعَلُ الرِّجْسَ عَلَى الَّذِينَ لاَ يَعْقِلُونَ**»

«ئاللاھ پاسكىنچىلىقنى ئەقلىنى ئىشلەتمەيدىغانلارنىڭ ئۈستىدە قىلىدۇ»- يۇنۇس 100/10.

ئاللاھنىڭ بار ۋە بىر ئىكەنلىكىنى شەخسىي كۆزىتىشلىرىمىز بىلەن چۈشىنىمىز ۋە بۇ سەۋەبتىن ئەشھەدۇ ئەن لا ئىلاھە ئىللەللاھ «**أَشْهَدُ أَنْ لاَ إِلَهَ إِلَّا اللَّهُ** » يەنى «مەن گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، ئاللاھدىن باشقا ئىلاھ يوق» دەيمىز.

بۇنىڭ ئۈچۈن پەيغەمبەرگە ئېھتىياج بولسا ئىدى، «مەن گۇۋاھلىق بېرىمەنكى،...» نىڭ ئورنىغا «شۇ پەيغەمبەرنىڭ بىلدۈرىشىچە دەيمەنكى،...» دېيىشكە توغرا كېلەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ھېچقانداق پەيغەمبەر ئاللاھنىڭ بارلىقىنى ئىسپاتلاش بىلەن ئەمەس، ئاللاھدىن باشقا ئىلاھ يوقلۇقىنى، پەقەت ئاللاھقىلا قۇل بولۇشنىڭ لازىملىقىنى چۈشەندۈرۈش بىلەن مەشغۇل بولغان. ئەسلىدە ئەقلىنى ئىشلەتكەن ھەر كىشى بۇنىڭ مۇشۇنداق ئىكەنلىكىنى ئاسانلا كۆرەلەيدۇ. پەيغەمبەرلەرگە قارشى چىققۇچىلار خاتا ئېتىقاد ئۈستىگە قۇرۇپ چىققان ھايات پرىنسىپلىرىنىڭ بۇزۇلۇپ كېتىشىدىن قورقىدىغانلار ۋە ئۇلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ كەتكەن خاتا يولدىكى كىشىلەردۇر.

پەيغەمبەرگە ۋە پەيغەمبەر ئېلىپ كەلگەن كىتابقا ئىشەنگەنلەرمۇ دەۋرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن كىتابنى ئۆزلىرىگە بويسۇندۇرۇشقا، نۇرغۇنلىغان ئايەتلەرنى كۆرمەسكە سېلىشقا ۋە شۇ بويىچە بىر ھايات قۇرۇشقا باشلىغان. يەھۇدىيلار، خرىستىئانلار ۋە ئۆزلىرىنى مۇسۇلمان دەپ ئاتايدىغان بەزىلەر بۇ گۇرۇپپىغا كىرىدۇ.

## ئا- ئاللاھ بىلەن ئالدىنىش

ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ:

**«يَا أَيُّهَا النَّاسُ اذْكُرُوا نِعْمَةَ اللَّهِ عَلَيْكُمْ هَلْ مِنْ خَالِقٍ غَيْرُ اللَّهِ يَرْزُقُكُمْ مِنَ السَّمَاءِ وَالْأَرْضِ لَا إِلَهَ إِلَّا هُوَ فَأَنَّى تُؤْفَكُونَ. وَإِنْ يُكَذِّبُوكَ فَقَدْ كُذِّبَتْ رُسُلٌ مِنْ قَبْلِكَ وَإِلَى اللَّهِ تُرْجَعُ الْأُمُورُ. يَا أَيُّهَا النَّاسُ إِنَّ وَعْدَ اللَّهِ حَقٌّ فَلَا تَغُرَّنَّكُمُ الْحَيَاةُ الدُّنْيَا وَلَا يَغُرَّنَّكُمْ بِاللَّهِ الْغَرُورُ. إِنَّ الشَّيْطَانَ لَكُمْ عَدُوٌّ فَاتَّخِذُوهُ عَدُوًّا إِنَّمَا يَدْعُو حِزْبَهُ لِيَكُونُوا مِنْ أَصْحَابِ السَّعِيرِ. الَّذِينَ كَفَرُوا لَهُمْ عَذَابٌ شَدِيدٌ وَالَّذِينَ آمَنُوا وَعَمِلُوا الصَّالِحَاتِ لَهُمْ مَغْفِرَةٌ وَأَجْرٌ كَبِيرٌ»**

«ئى ئىنسانلار! ئاللاھنىڭ سىلەرگە ئاتا قىلغان نېمىتىنى ياد ئېتىڭلار. ئاللاھدىن باشقا ياراتقۇچى بارمۇ؟ ئۇ سىلەرگە ئاسماندىن ۋە زېمىندىن رىزىق بېرىۋاتىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر. شۇنداق تۇرۇقلۇق قانداقمۇ بۇرۇلۇپ كېتىدىغانسىلەر؟

ئى مۇھەممەد! ئەگەر بۇ مۇشرىكلار سېنى يالغانچى دېسە، بىلگىنكى، سەندىن ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرمۇ يالغانچى دېيىلگەن. ئىشلار ئاللاھقىلا قايتۇرۇلىدۇ.

ئى ئىنسانلار! ئاللاھنىڭ ۋەدىسى ھەقتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن سىلەرنى دۇنيا ھاياتى ئالداپ كەتمىسۇن ۋە ئالدامچى شەيتان سىلەرنى ئاللاھ بىلەن ئالداپ كەتمىسۇن.

شۈبھىسىزكى، شەيتان سىلەرنىڭ دۈشمىنىڭلاردۇر. ئۇنى دۈشمەن تۇتۇڭلار. ئۇ ئۆز گۇرۇھىنى دوزاخ ئەھلىدىن بولۇشقا چاقىرىدۇ.

كاپىرلار[6] بارغۇ، ئۇلار قاتتىق ئازابقا دۇچار قىلىنىدۇ. ئىمان ئېيتىپ ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار بولسا، ئۇلارنىڭ گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ ۋە ئۇلارغا كاتتا ئەجىر بېرىلىدۇ»ـ فاتىر 3/35ـ7.

**«قُلْ أَرَأَيْتُمْ شُرَكَاءَكُمُ الَّذِينَ تَدْعُونَ مِنْ دُونِ اللَّهِ أَرُونِي مَاذَا خَلَقُوا مِنَ الْأَرْضِ أَمْ لَهُمْ شِرْكٌ فِي السَّمَاوَاتِ أَمْ آتَيْنَاهُمْ كِتَابًا فَهُمْ عَلَى بَيِّنَةٍ مِنْهُ بَلْ إِنْ يَعِدُ الظَّالِمُونَ بَعْضُهُمْ بَعْضًا إِلَّا غُرُورًا»**

«ئى مۇھەممەد! مۇشرىكلارغا ئېيتقىنكى: ﴿ سىلەر ئاللاھنى قويۇپ دۇئا قىلىۋاتقان زاتلىرىڭلارغا بىر قاراپ باقتىڭلارمۇ؟ ماڭا كۆرسىتىپ بېقىڭلار قېنى، ئۇلار زېمىندىن نېمە ياراتتى؟ ياكى ئۇلارنىڭ ئاسمانلاردا بىر شېرىكچىلىكى بارمۇ؟ ۋە ياكى ئۇلارغا بىز بىر كىتاب بەرگەن بولۇپ، ئۇلار ئۇ كىتابتىكى دەلىللەرگە ئاساسلىنامدۇ؟ ﴾ ياق، ئۇ زالىملار بىر-بىرىنى پەقەت يالغان ۋەدىلەر بىلەن ئالدايدۇ»ـ فاتىر 40/35.

**«يَا أَيُّهَا النَّاسُ اتَّقُوا رَبَّكُمْ وَاخْشَوْا يَوْمًا لَا يَجْزِي وَالِدٌ عَنْ وَلَدِهِ وَلَا مَوْلُودٌ هُوَ جَازٍ عَنْ وَالِدِهِ شَيْئًا إِنَّ وَعْدَ اللَّهِ حَقٌّ فَلَا تَغُرَّنَّكُمُ الْحَيَاةُ الدُّنْيَا وَلَا يَغُرَّنَّكُمْ بِاللَّهِ الْغَرُورُ»**

«ئى ئىنسانلار! ئاللاھقا تەقۋادارلىق قىلىڭلار، شۇنداق بىر كۈندىن قورقۇڭلاركى، ئۇ كۈنى ئاتا بالىسىغا ئەسقاتمايدۇ، بالا ئاتىسىغا ئەسقاتمايدۇ. شۈبھىسىزكى، ئاللاھنىڭ ۋەدىسى ھەقتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن سىلەرنى دۇنيا ھاياتى ئالداپ كەتمىسۇن ۋە ئالدامچى شەيتان سىلەرنى ئاللاھ بىلەن ئالداپ كەتمىسۇن»ـ لۇقمان 33/31.

ئاللاھ بىلەن ئالدىنىشنىڭ بىرقانچە تۈرلۈك شەكىللىرى بار:

---

[6] ـ يەنى بۇ ئاگاھلاندۇرۇشلارنى كۆزگە ئىلمىگەنلەر.

## 1 ـ ئاللاھ بىلەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ئارىسىنى ئايرىۋېتىش

ئىلگىرى دەپ ئۆتكىنىمىزدەك ھەرقانداق ئىنسان ئاللاھقا ئىشىنىدۇ ۋە بۇ ئىشىنىشىنى بىر شەكىلدە ئىپادىلەيدۇ. خۇداسىز دەپ ئاتىلىدىغان ئاتېئىستلارمۇ شۇنداق. ئۆز تەڭرىسىنىڭ ئىسمىنى مەيلى تەبىئەت تەڭرىسى، مەيلى ئاسمان تەڭرىسى ياكى باشقا نېمە دېسە دېسۇن ئاللاھنى ئىنكار قىلىش مۇمكىن بولمىغانلىقتىن خۇداسىزلىق دەۋاسى قىلىدىغان كىشى، دادىسىنى تونۇماس بولۇۋالغان كىشىگە ئوخشايدۇ. ئۇ قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغاندا دادىسىدىن ياردەم سورىغاندەك، بۇمۇ قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغاندا ئاللاھدىن ياردەم تىلەيدۇ. بۇ ئاللاھنىڭ ھەر نەرسىنى بېرىشىنى ئارزۇ قىلىدۇ، لېكىن ئاللاھنىڭ ئەمر بېرىشىنى خالىمايدۇ. بۇ خىل ئىنسانلار پەيغەمبەرگە ئىشەنمەيدۇ. ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ:

**«إِنَّ الَّذِينَ يَكْفُرُونَ بِاللَّهِ وَرُسُلِهِ وَيُرِيدُونَ أَنْ يُفَرِّقُوا بَيْنَ اللَّهِ وَرُسُلِهِ وَيَقُولُونَ نُؤْمِنُ بِبَعْضٍ وَنَكْفُرُ بِبَعْضٍ وَيُرِيدُونَ أَنْ يَتَّخِذُوا بَيْنَ ذَلِكَ سَبِيلًا. أُولَئِكَ هُمُ الْكَافِرُونَ حَقًّا وَأَعْتَدْنَا لِلْكَافِرِينَ عَذَابًا مُهِينًا. وَالَّذِينَ آمَنُوا بِاللَّهِ وَرُسُلِهِ وَلَمْ يُفَرِّقُوا بَيْنَ أَحَدٍ مِنْهُمْ أُولَئِكَ سَوْفَ يُؤْتِيهِمْ أُجُورَهُمْ وَكَانَ اللَّهُ غَفُورًا رَحِيمًا»**

«شۈبھىسىزكى، ئاللاھقا ۋە ئاللاھنىڭ ئەلچىلىرىگە كاپىر بولغان، ئاللاھ بىلەن ئاللاھنىڭ ئەلچىلىرىنىڭ ئارىسىنى ئايرىۋەتمەكچى بولغان، بەزىسىگە ئىشىنىمىز، بەزىسىنى ئىنكار قىلىمىز دېگەن [7]، ئۇنىڭ ئارىسىدا بىر يول تۇتماقچى بولغانلار با رغۇ، ئەنە شۇلار ھەقىقىي كاپىرلاردۇر. بىز كاپىرلارغا خورلىغۇچى ئازاب تەييارلىدۇق.

---

[7] ـ يەنى ئاللاھقا ئىشىنىمىز، پەيغەمبەرنى تونۇمايمىز دېگەن.

ئاللاھقا ۋە ئاللاھنىڭ ئەلچىلىرىگە ئىمان ئېيتقان، ئۇلاردىن ھېچ بىرىنىڭ ئارىسىنى ئايرىۋەتمىگەن كىشىلەرگە كەلسەك، ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئەجىرلىرىنى بېرىدۇ. ئاللاھ مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، مەرھەمەت قىلغۇچىدۇر»-نىسا 4/150-152.

پەيغەمبەرنى ئىنكار قىلىدىغان بەزىلەر بىلەن ئېلىپ بارغان بىر قىسىم مۇنازىرىمىز مۇنداق:

**پەيغەمبەرگە ئىشەنمەيدىغان كىشى** : مېنىڭ ئاللاھقا بولغان ئىمانىم چەكسىز.

**بايىندىر:** ئاللاھقا ھەممە ئادەم ئىشىنىدۇ، بۇ ھېچكىم باش تارتمايدىغان ئىش.

**پەيغەمبەرگە ئىشەنمەيدىغان كىشى:** مەن بەزىدە ئاللاھىمغا سېغىنىمەن، ئۇنىڭدىن ياردەم تىلەيمەن، ئۇنىڭ ماڭا يار-يۆلەكتە بولۇشىنى سورايمەن. مۇشۇنداق قىلغان ۋاقتىمدا كۆڭلۈم تەسكىن تېپىپ قالىدۇ ۋە ئۆزۈمنى بەختلىك ھېس قىلىمەن.

**بايىندىر:** بۇنى ھەر كىشى قىلىدۇ. قېيىن بولغىنى ئاللاھنىڭ ئەمر-پەرمانلىرىغا بويسۇنۇش يەنى پەيغەمبەرگە ئەگىشىشتۇر. سىز پەيغەمبەرگە ئەگىشىشنىڭ ئورنىغا كۆڭلىڭىز خالىغان شەكىلدە ياشاشنى ئارزۇ قىلىسىز. شۇنداق ئەمەسمۇ؟

**پەيغەمبەرگە ئىشەنمەيدىغان كىشى** : ئەلۋەتتە شۇنداق، ھايات مېنىڭ ھاياتىم. بۇنىڭغا كىم ئارىلىشالايدۇ؟

**بايىندىر:** ئۇ ھاياتنى سىزگە بەرگەن ئاللاھ ئارىلىشالمامدۇ؟ ئاللاھنىڭ پەيغەمبەرلىرى ئاللاھنىڭ بۇ ھەقتىكى ئەمرلىرىنى ئېلىپ كەلگەن.

**پەيغەمبەرگە ئىشەنمەيدىغان كىشى** : ئەمما مەن بۇ ھەقتە بىر-بىرىگە زىت، ئورۇنسىز، ئاساسسىز نەرسىلەرنى ئاڭلىدىم، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى خۇراپات ۋە كېيىن ئويدۇرۇپ چىقىرىلغان نەرسىلەردۇر.

**بايىندىر:** توغرا ھۆكۈم چىقىرىشنىڭ يولى دىننى ئەسلى مەنبەسىدىن ئۆگىنىشتۇر. دىننىڭ مەنبەسى قۇرئاندۇر. قۇرئاننى چۈشىنىپ ئوقۇپ چىقىڭ. ئەگەر سىزدە ئۇنىڭ ئاللاھنىڭ كىتابى ئىكەنلىكىگە تولۇق قانائەت ھاسىل بولسا، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىگە ئىشەنمەي تۇرالمايسىز.

پەيغەمبەرگە ئىشەنمەيدىغان كونا بىر ئاتېئىست ئۆزىنىڭ ئۆتمۈشى ھەققىدە سۆزلەپ مۇنداق دەيدۇ:

مەن ئاتېئىست ئىدىم. ئەگەر ئىنسانلارنىڭ دىن نامىدىن قىلغان سۆزلىرىگە قاراپ ئولتۇرغان بولسام دىنسىز قالغان بولاتتىم. مەن بىر دوختۇر، بىر كۈنى قۇرئاننى ئالدىم ۋە تەكشۈرۈپ چىقتىم. مەقسىتىم قۇرئاننىڭ راستىنلا ئاللاھنىڭ كىتابى بولۇپ بولمىغانلىقىنى بىلىش ئىدى. مەن قۇرئاندا مېدىتسىنا بىلەن مۇناسىۋەتلىك، بولۇپمۇ بالىنىڭ ئانا رەھمىدە (بالىياتقۇسىدا) بېسىپ ئۆتىدىغان باسقۇچلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك شۇنداق مەلۇماتلارنى ئۇچراتتىمكى، ئۇلارنىڭ ئۇ دەۋردە بىلىنىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. يەنە باشقا نەرسىلەرنى كۆردۈم ۋە قەتئىي بىر شەكىلدە تونۇپ يەتتىمكى، بۇ ئاللاھنىڭ كىتابىدۇر. مەن ئەنە شۇ چاغدا مۇسۇلمان بولدۇم.

**بايىندىر:** مانا مۇشۇنداق قىلىش لازىم. باشقىلارغا قاراپ ئەمەس، تەپەككۇر يۈرگۈزۈش ۋە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئارقىلىق بىر قارارغا كېلىش كېرەك. بۇنىڭ بولمىسا بولمايدىغان شەرتى قۇرئان كەرىمنى چۈشىنىپ ئوقۇشتۇر، ئۇنى تەتقىق قىلىشتۇر.

### 2ـ مەسئۇلىيەتنى ئاللاھقا ئىتتىرىپ قويۇش

نۇرغۇن ئىنسانلار قىلغان خاتالىقلىرىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئاللاھقا ئىتتىرىپ قويىدۇ. ئاللاھ تەئالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:

**«سَيَقُولُ الَّذِينَ أَشْرَكُوا لَوْ شَاءَ اللَّهُ مَا أَشْرَكْنَا وَلَا آبَاؤُنَا وَلَا حَرَّمْنَا مِنْ شَيْءٍ كَذَلِكَ كَذَّبَ الَّذِينَ مِنْ قَبْلِهِمْ حَتَّى ذَاقُوا بَأْسَنَا قُلْ هَلْ عِنْدَكُمْ مِنْ عِلْمٍ فَتُخْرِجُوهُ لَنَا إِنْ تَتَّبِعُونَ إِلَّا الظَّنَّ وَإِنْ أَنْتُمْ إِلَّا تَخْرُصُونَ. قُلْ فَلِلَّهِ الْحُجَّةُ الْبَالِغَةُ فَلَوْ شَاءَ لَهَدَاكُمْ أَجْمَعِينَ»**

«مۇشرىكلار: ‹ئاللاھ خالىسا ئىدى، بىز شېرىك كەلتۈرمەيتتۇق، ئاتا۔ بوۋىلىرىمىزمۇ شېرىك كەلتۈرمەيتتى. ھەمدە ھېچبىر نەرسىنى ھارام قىلمايتتۇق› دەيدۇ. ئۇلاردىن بۇرۇنقىلارمۇ شىددەتلىك ئازابىمىزنى تېتىغانغا قەدەر مۇشۇنداق يالغان سۆزلەشكەن ئىدى. ئېيتقىنكى: ‹يېنىڭلاردا بىزگە چىقىرىپ كۆرسىتىشىڭلار ئۈچۈن بىر بىلىم بارمۇ؟› سىلەر پەقەت گۇمانغىلا ئەگىشىسىلەر. سىلەر پەقەتلا قۇرۇق گەپ قىلىسىلەر.

ئېيتقىنكى: ‹ئاللاھنىڭ كەسكىن دەلىلى بار. ئەگەر ئۇ خالىسا ئىدى، ھەممىڭلارنى ھىدايەت قىلاتتى›.»۔ ئەنئام 6/148۔149.

ئاللاھنىڭ خالىشى يەنى ئىرادىسى ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ: بىرىنچىسى تەشرىئىي، ئىككىنچىسى تەكۋىينىي ئىرادىدۇر. تەكۋىينىي ئىرادە ئاللاھنىڭ بىر نەرسىنى يارىتىش توغرىسىدىكى ئىرادىسىدۇر. ئاللاھ تەئالا يارىتىشنى ئىرادە قىلغان نەرسىگە «بول» دەيدۇ۔دە، ئۇ بولىدۇ. ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ:

**«إِنَّمَا أَمْرُهُ إِذَا أَرَادَ شَيْئًا أَنْ يَقُولَ لَهُ كُنْ فَيَكُونُ»**

«ئۇنىڭ بىر نەرسە يارىتىشنى ئىرادە قىلغان چېغىدا قىلىدىغان ئىشى، ئۇ نەرسىگە 《بول》 دېيىشتىنلا ئىبارەتتۇر. شۇنىڭ بىلەن ئۇ نەرسە بولىدۇ»۔ ياسىن 82/36.

ئاللاھنىڭ تەشرىئىي ئىرادىسى بولسا، ئىنسانلارنىڭ ئىش۔ھەرىكەتلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىرادىسىدۇر. ئاللاھ ئۆزى بەلگىلىگەن قانۇن۔نىزاملارغا ئىنسانلارنىڭ بويسۇنۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ، لېكىن ھېچكىمنى مەجبۇرلىمايدۇ. بۇ ئىرادىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى ئىنساننىڭ غەيرىتىگە باغلىق. ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ:

**«وَقُلِ الْحَقُّ مِنْ رَبِّكُمْ فَمَنْ شَاءَ فَلْيُؤْمِنْ وَمَنْ شَاءَ فَلْيَكْفُرْ إِنَّا أَعْتَدْنَا لِلظَّالِمِينَ نَارًا أَحَاطَ بِهِمْ سُرَادِقُهَا وَإِنْ يَسْتَغِيثُوا يُغَاثُوا بِمَاءٍ كَالْمُهْلِ يَشْوِي الْوُجُوهَ بِئْسَ الشَّرَابُ وَسَاءَتْ مُرْتَفَقًا»**

«ئېيتقىنكى: 《بۇ ھەق رەببىڭلارنىڭ تەرىپىدىندۇر. خالىغان كىشى ئىمان ئېيتسۇن، خالىغان كىشى كاپىر بولسۇن》. بىز زالىملارغا شۇنداق بىر ئوت تەييارلىدۇقكى، ئۇنىڭ يالقۇندىن ھاسىل بولغان تاملىرى ئۇلارنى قورشىۋالىدۇ. ئۇلار تەشنالىقتىن نالە۔پەرياد قىلىپ ياردەم تەلەپ قىلسا، ئۇلارغا مەدەن ئېرىتمىسىگە ئوخشايدىغان، يۈزلەرنى كۆيدۈرۈۋېتىدىغان بىر سۇيۇقلۇق بىلەن ياردەم قىلىنىدۇ. بۇ نېمىدېگەن يامان ئىچىملىك! ئۇ نېمىدېگەن يامان جاي!»۔كەھف، 29/18.

ئاللاھ تەئالا دىنغا ئىشىنىشكە ھېچكىمنى مەجبۇرلىمىغاندەك باشقىلارنىڭمۇ باشقىلارنى دىنغا ئىشىنىشكە مەجبۇرلىشىغا رۇخسەت قىلمىغان. ئۇ بۇ ھەقتە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا مۇنداق دېگەن:

**«وَلَوْ شَاء رَبُّكَ لآمَنَ مَن فِي الأَرْضِ كُلُّهُمْ جَمِيعاً أَفَأَنتَ تُكْرِهُ النَّاسَ حَتَّى يَكُونُواْ مُؤْمِنِينَ»**

«ئەگەر رەببىڭ خالىسا ئىدى، يەر يۈزىدىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئىمان ئېيتاتتى، سەن ئىنسانلارنى مۇئمىن بولۇشقا مەجبۇرلامسەن؟»- يۇنۇس 99/10.

**«وَإِنْ كَانَ كَبُرَ عَلَيْكَ إِعْرَاضُهُمْ فَإِنِ اسْتَطَعْتَ أَنْ تَبْتَغِيَ نَفَقًا فِي الْأَرْضِ أَوْ سُلَّمًا فِي السَّمَاءِ فَتَأْتِيَهُمْ بِآيَةٍ وَلَوْ شَاءَ اللَّهُ لَجَمَعَهُمْ عَلَى الْهُدَى فَلَا تَكُونَنَّ مِنَ الْجَاهِلِينَ»**

«ئى مۇھەممەد! ئەگەر ئۇلارنىڭ يۈز ئۆرۈشى ساڭا ئېغىر كەلگەن بولسا، سەن يەر ئاستىغا كىرەلەيدىغان بىر تۆشۈك ياكى سەن ئاسمانغا چىقالايدىغان بىر شوتا ئىزدەپ، ئاندىن ئۇلارغا بىر ئايەت ئەكېلىشكە كۈچۈڭ يەتسە شۇنداق قىلغىن. ئاللاھ خالىسا ئىدى ئۇلارنى ھىدايەت ئۈستىدە بىرلەشتۈرەتتى. ئۇنداقتا جاھىللاردىن بولما!»-ئەنئام35/6.

ئاللاھ تائالا توغرا يولغا كىرىشنى خالىمىغان كىشىنى مەجبۇرى ھالدا توغرا يولغا كىرگۈزمەيدۇ. ئۇ مۇنداق دەيدۇ:

**«إِنَّ اللّهَ لاَ يَهْدِي الْقَوْمَ الْكَافِرِينَ»**

«شۈبھىسىزكى، ئاللاھ كاپىر قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدۇ»-مائىدە 67/5.

**«وَاللّهُ لاَ يَهْدِي الْقَوْمَ الظَّالِمِينَ»**

«ئاللاھ زالىم قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدۇ»- تەۋبە 109/9.

**«وَاللّهُ لاَ يَهْدِي الْقَوْمَ الْفَاسِقِينَ»**

«ئاللاھ پاسىق قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدۇ»- تەۋبە 24/9.

ئاللاھ پەقەت توغرا يولدا مېڭىشنى خالىغانلارنىلا ھىدايەت قىلىدۇ. ئۇ بۇ توغرىدا مۇنداق دەيدۇ:

**«وَمَا أَرْسَلْنَا مِن رَّسُولٍ إِلاَّ بِلِسَانِ قَوْمِهِ لِيُبَيِّنَ لَهُمْ فَيُضِلُّ اللّهُ مَن يَشَاءُ وَيَهْدِي مَن يَشَاءُ وَهُوَ الْعَزِيزُ الْحَكِيمُ»**

«بىز ھەر رەسۇلنى ئۆز قەۋمىنىڭ تىلى بىلەن ئەۋەتتۇق، بۇنى ئۇ رەسۇلنىڭ ئۇ قەۋمگە بايان قىلىشى ئۈچۈن شۇنداق قىلدۇق. ئاندىن ئاللاھ خالىغان كىشىنى ئازدۇرىدۇ. خالىغان كىشىنى ھىدايەت قىلىدۇ. ئۇ غالىپتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر»-ئىبراھىم 4/14.

ھىدايەت تېپىش ئىنساننىڭ ئۆز ئىختىيارى بىلەن ئاللاھقا يۈزلىنىشىگە باغلىق. ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ:

**«إِنَّ اللّهَ يُضِلُّ مَن يَشَاءُ وَيَهْدِي إِلَيْهِ مَنْ أَنَابَ»**

«شۈبھىسىزكى، ئاللاھ خالىغان كىشىنى گۇمراھلىقتا تاشلاپ قويىدۇ، ئۆزىگە يۈزلەنگەن كىشىنى ھىدايەت قىلىدۇ»-رەئد 27/14.

ياخشىلىقى چەكسىز ئاللاھ توغرا يولغا كىرگەندىن كېيىن خاتالىق ئۆتكۈزگەن بىر بەندىسىدىنى ئاگاھلاندۇرماستىن ئۇنىڭ توغرا يولدىن ئايرىلغانلىقىنى تەستىقلىمايدۇ. ئۇ بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:

**«وَمَا كَانَ اللّهُ لِيُضِلَّ قَوْماً بَعْدَ إِذْ هَدَاهُمْ حَتَّى يُبَيِّنَ لَهُم مَّا يَتَّقُونَ»**

«ئاللاھ بىر قەۋمنى ھىدايەت قىلغاندىن كېيىن، ئۇلار ساقلىنىشقا تېگىشلىك ئىشلارنى بايان قىلماي تۇرۇپ، ئۇلارنى ھەرگىزمۇ گۇمراھ قىلمايدۇ» - تەۋبە 15/9.

ئېزىپ كەتكەنلەر ئوچۇق ئاگاھلاندۇرۇشلارغا دىققەت قىلمىغانلاردۇر. بۇنداق بىر جەمئىيەت ئالدى بىلەن بىر باياشاتلىققا ئېرىشىدۇ، ئاندىن ھېچ ئويلىمىغان بىر ۋاقىتتا جازالىنىدۇ. ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ:

«**فَلَمَّا نَسُواْ مَا ذُكِّرُواْ بِهِ فَتَحْنَا عَلَيْهِمْ أَبْوَابَ كُلِّ شَيْءٍ حَتَّى إِذَا فَرِحُواْ بِمَا أُوتُواْ أَخَذْنَاهُم بَغْتَةً فَإِذَا هُم مُّبْلِسُونَ**»

«ئۇلار ئۆزلىرىگە قىلىنغان نەسىھەتنى ئۇنتۇغان چاغدا، ئۇلارغا پاراۋانلىقنىڭ ھەممە ئىشىكلىرىنى ئېچىۋەتتۇق، ئۇلار تاكى ئۆزلىرىگە بېرىلگەن نېمەتلەردىن خۇشال - خۇرام تۇرغاندا تۇيۇقسىز ھەسرەتتە قالدى»- ئەنئام 44/6.

ئاللاھ ئاگاھلاندۇرۇلمىغان بىر خەلقنى جازالىمايدۇ. ئۇ بۇ توغرىدا مۇنادق دەيدۇ:

«**مَّنِ اهْتَدَى فَإِنَّمَا يَهْتَدي لِنَفْسِهِ وَمَن ضَلَّ فَإِنَّمَا يَضِلُّ عَلَيْهَا وَلاَ تَزِرُ وَازِرَةٌ وِزْرَ أُخْرَى وَمَا كُنَّا مُعَذِّبِينَ حَتَّى نَبْعَثَ رَسُولاً**»

«كىم توغرا يولغا كەلسە پايدىسى پەقەت ئۆزىگىلا بولىدۇ، كىم ئېزىپ كەتسە زىيىنى پەقەت ئۆزىگىلا بولىدۇ. ھېچبىر گۇناھكار باشقىسىنىڭ گۇناھىنى ئۈستىگە ئالمايدۇ. بىز ئەلچى ئەۋەتمەي تۇرۇپ جازالىمايمىز»-ئىسرا 15/17.

### *3- خاتا تەۋەككۇل*

تەۋەككۇل، بىر ئىشتا ئاجىز ھالغا چۈشۈپ قالغانلىقنى ئېتىراپ قىلىپ، ئۇ ئىشنى باشقىسىغا تاشلاپ قويۇش دېمەكتۇر[8]. ئاللاھقا تەۋەككۇل

[8] - مۇتەرجىم ئاسىم، (فىيرۇز ئابادىينىڭ)، بەھرىيە مەتبەسى 1305، «**و ك ل**» ماددىسى.

قىلىش بولسا، بىر ئىشتا قولىدىن كېلىدىغان پۈتۈن چارە- ئۇسۇللارنى قىلىپ، قالغىنىنى ئاللاھقا تاشلاپ قويۇش دېگەن بولىدۇ. لېكىن تەۋەككۇل زامانىمىزنىڭ ئۆتتۈشى بىلەن «ئۆزىنى چارچاتماستىن ئىشنى ئاللاھقا ھاۋالە قىلىپ قويۇش» دەپ خاتا چۈشىنىلگەن. بەزى ئايەتلەر مۇشۇنداق پاسسىپ چۈشەنچىلەرنى ئاساس قىلىپ ئىزاھلانغانلىقتىن، ئايەتلەردە ھورۇنلۇققا مايىل، تەرەققىياتقا يۈزلىنىشتىن يىراق ۋە مەسئۇلىيەتنى ئاللاھقا ئىتتىرىپ قويىدىغان بىر خىل ھەرىكەت شەكلى كۆرۈلۈشكە باشلىغان. ھالبۇكى، ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ:

«**وَأَن لَّيْسَ لِلْإِنسَانِ إِلَّا مَا سَعَى**»

«ئىنسان پەقەت ئۆزى ئىشلىگەن ئىشنىڭلا نەتىجىسىنى كۆرىدۇ»- نەجم، 39/53.

«**فَمِنَ النَّاسِ مَنْ يَقُولُ رَبَّنَا آتِنَا فِي الدُّنْيَا وَمَا لَهُ فِي الْآَخِرَةِ مِنْ خَلَاقٍ. وَمِنْهُمْ مَنْ يَقُولُ رَبَّنَا آتِنَا فِي الدُّنْيَا حَسَنَةً وَفِي الْآَخِرَةِ حَسَنَةً وَقِنَا عَذَابَ النَّارِ. أُولَئِكَ لَهُمْ نَصِيبٌ مِمَّا كَسَبُوا وَاللَّهُ سَرِيعُ الْحِسَابِ**»

«ئىنسانلاردىن شۇنداق كىشىلەر باركى: ‹ رەببىمىز! بىزگە بۇ دۇنيادا بەرگىن › دەيدۇ. بۇنداقلارنىڭ ئاخىرەتتە ھېچبىر نېسىۋىسى بولمايدۇ.

ئۇلاردىن شۇنداق كىشىلەرمۇ باركى: ‹ رەببىمىز! بىزگە بۇ دۇنيادىمۇ ياخشىلىق بەرگىن، ئاخىرەتتىمۇ ياخشىلىق بەرگىن، بىزنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن › دەيدۇ.

ئەنە شۇنداق دېگەنلەر بارغۇ، ئۇلارغا قىلمىشلىرىدىن نېسىۋە بار. ئاللاھنىڭ ھېساب ئېلىشى بەك تېزدۇر»- بەقەرە 2/200-202.

دېمەك، دۇنيالىق نېسىۋە ئىزدەيدىغانلارمۇ، دۇنيا-ئاخىرەتلىك نېسىۋە كۆزلەيدىغانلارمۇ ئوخشاشلا ئىشلىشى لازىم. ئىشلىمىگەن كىشىگە ھېچقانداق

نىسۋە يوق. غەلىبە قىلىشنىڭ ئىككى شەرتى بار: بىرى تىلىمەك، يەنە بىرى شۇ تىلەككە يېتىش ئۈچۈن يېتەرلىك كۈچكە ئىگە بولۇش. ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ:

«إِنَّ رَبَّكَ يَبْسُطُ الرِّزْقَ لِمَن يَشَاءُ وَيَقْدِرُ إِنَّهُ كَانَ بِعِبَادِهِ خَبِيراً بَصِيراً»

«شۈبھىسىزكى، سېنىڭ رەببىڭ رىزىقنى خالىغان ۋە يېتەرلىك كۈچكە ئىگە بولغان كىشى ئۈچۈن يايىدۇ. چۈنكى ئۇ بەندىلىرىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر ۋە كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر»- ئىسرا 30/17.

يەر يۈزىدە يەيدىغان ئاش-نان ۋە ئىچىدىغان سۇ تەييار ھالەتتە مەۋجۇت ئەمەس. لېكىن ئاللاھ بۇلارغا ئېرىشىشنىڭ ئىمكانىيەتلىرىنى ياراتقان. ئۇ ئىمكانىيەتلەرنى ئىشقا سالمىغانلار ئۇ نېمەتلەرگە ئېرىشەلمەيدۇ. ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ:

«وَقَدَّرَ فِيهَا أَقْوَاتَهَا فِي أَرْبَعَةِ أَيَّامٍ سَوَاء لِّلسَّائِلِينَ»

«ئاللاھ زېمىنغا ئوزۇقلۇقلىرىنىڭ قانۇنلىرىنى تۆت كۈندە بېكىتتى. ئۇلار تەلەپ قىلغۇچىلار ئۈچۈن ئوخشاش مۇساپىدىدۇر»- فۇسسىلەت 10/41.

كىم كېرەكلىك ئىشنى قىلسا ئۇ نېئمەتلەرگە ئېرىشىدۇ. بىز ياشاۋاتقان رايوندا ئاللاھ قايسى نېمەت ۋە قايسى ئىمكانلارنى ياراتقان بولسا، بىز پەقەت شۇلارنىلا تاپالايمىز. ئاللاھ تەئالا بىزدىن ئۆزىگە مۇنداق دەپ دۇئا قىلىشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ:

«وَتَرْزُقُ مَن تَشَاء بِغَيْرِ حِسَابٍ»

«ئى ئاللاھ! سەن خالىغان [9] كىشىگە ھېسابسىز رىزىق بېرىسەن»ـ ئال ئىمران 27/3.

ئىمكانىيەتلەر كۆپ بولسا، لېكىن يېتەرلىك كۈچىمىز بولمىسا ياكى كۈچىمىز بولغان تەقدىردىمۇ ئىشلىمىسەك ھېچنېمىگە ئېرىشەلمەيمىز. شۇڭا كېرەكلىك كۈچنى قولغا كەلتۈرۈشكە، ئاندىن غەلىبە قىلىش ئۈچۈن قولىمىزدىكى پۈتۈن ئىمكانىيەتنى ئىشقا سېلىشقا توغرا كېلىدۇ.

قورغاقچىلىق، ھەددىدىن ئارتۇق يامغۇر ۋە يەر تەۋرەشكە ئوخشاش ئاپەتلەرگە قارشى كۈچىمىز بولمىغانلىقتىن بۇنداق ئەھۋاللاردىمۇ پۈتكۈل تەدبىرلەرنى ئالغاندىن كېيىن ئاللاھقا تەۋەككۈل قىلىشىمىز كېرەك.

تەپسىر ۋە تەرجىمىلەردە بەزى ئايەتلەرگە ئوخشىمىغان مەنالار بېرىلىپ ئىنسانلارنىڭ «تەۋەككۈل» نى خاتا چۈشىنىشىگە يول ئېچىلغان. مەسىلەن: ئىسرا سۈرىسىنىڭ يۇقىرىدا بىز تەرجىمىسىنى قىلغان 30ـ ئايىتى مۇنداق تەرجىمە قىلىنغان:

**«إِنَّ رَبَّكَ يَبْسُطُ الرِّزْقَ لِمَن يَشَاءُ وَيَقْدِرُ إِنَّهُ كَانَ بِعِبَادِهِ خَبِيراً بَصِيراً»**

«شۈبھىسىزكى، سېنىڭ رەببىڭ ئۆزى خالىغان ئادەمنىڭ رىزقىنى كەڭ قىلىدۇ، ئۆزى خالىغان ئادەمنىڭ رىزقىنى تار قىلىدۇ. چۈنكى ئۇ، بەندىلىرىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر ۋە كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر»ـ ئىسرا 30/17.

[9] ـ خالىغان دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى ئاللاھ ياراتقان رىزىققا ئېرىشىش ئۈچۈن كېرەكلىك ئىشلارنى قىلغان، دېگەن بولىدۇ. چۈنكى «**يشاء**» دېگەن سۆزنىڭ مەسدىرى «**شيء**» دۇرر. مەنىسى بىر نەرسە قىلماقتىن ئىبارەتتۇر. ئۇ «نەرسە قىلماق» بۇ يەردە ئاللاھ بەرگەن رىزىقنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن كېرەكلىك ئىشلارنى قىلىشتىن ئىبارەتتۇر.

ئوخشاشمىغان تەرجىمىلەرنىڭ سەۋەبى، ئايەتتىكى « **يشاء** (خالايدۇ)» ۋە «**يقدر** (كۆپچى يېتىدۇ)» دېگەن پېئىللەرنىڭ پائىلى (ئىگىسى) بولغان ئۈچىنچى شەخس ئالمىشىنىڭ كىمنى كۆرسىتىدىغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك تالاشتۇر. ئەرەبچىدە ئالماش ئەڭ يېقىننى كۆرسىتىدۇ. يىراقتىكىنى كۆرسىتىشى ئۈچۈن قەرىنە (قوشما دەلىل) لازىم. بۇ يەردە بۇنداق بىر قەرىنە بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئالماش يېقىندىكى «من (كىشى)» نى كۆرسىتىدۇ. لېكىن تەپسىر ۋە تەرجىمىلەردە ئالماشىنىڭ يىراقتىكى «ئاللاھ» لەفزىنى كۆرسىتىدىغانلىقى ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ. بۇنىڭغا يەنە بىر مىسال سەبەئ سۈرىسىنىڭ 39- ئايىتىدۇر. ئۇ ئايەتنىڭ قولىمىزدىكى تەرجىمىلىرى مۇنۇ شەكىلدىدۇر:

« **قُلْ إِنَّ رَبِّي يَبْسُطُ الرِّزْقَ لِمَن يَشَاءُ مِنْ عِبَادِهِ وَيَقْدِرُ لَهُ** »

«ئېيتقىنكى، ھەقىقەتەن رەببىم بەندىلىرىدىن خالىغىنىنىڭ رىزقىنى كەڭ قىلىدۇ، خالىغىنىنىڭ رىزقىنى تار قىلىدۇ»- سەبەئ 39/34.

ئەرەب تىلى قائىدىلىرىگە ئاساسلانغاندا ئايەتنىڭ توغرا تەرجىمىسى مۇنداق بولىدۇ:

«ئېيتقىنكى، ھەقىقەتەن رەببىم رىزىقنى بەندىلىرىدىن ئىشلىگەن ۋە كېرەكلىك كۆپچىكە ئىگە بولغان كىشى ئۈچۈن يايىدۇ»- سەبەئ 39/34.

***4- ئاللاھنىڭ ئەپۇچانلىقى بىلەن ئالدىنىش***

نۇرغۇنلىغان كىشى «ئاللاھ بىزنى نېمىشقا ئازابلايدۇ؟ ئۇ ئۆزى ياراتقان ۋە رىزىق بېرىپ باققان بەندىسىنى ئازابلامدۇ؟» دېگەندەك سۆزلەر بىلەن ئۆزىنى ئالداپ يۈرىدۇ. بەزىلەر قىلغان بەزى ياخشى ئىشلىرىنىڭ ئۆزىنى نىجاتلىققا ئېرىشتۈرىدىغانلىقىنى گۇمان قىلىدۇ. بەدر ئۇرۇشىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تاغىسى ئابباس ۋە ئۇنىڭ دوستلىرى ئەسىرگە چۈشۈپ

قالغاندا ئۇلار مۇشرىك بولغانلىقلىرى ئۈچۈن مۇسۇلمانلار ئۇلارنى ئەيىبلەشكەن ئىدى. بۇ چاغدا ئابباس: «ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، بىز بولساق مەسجىدى ھەرەمنى ئىبادەتكە ئوچۇق تۇتىمىز، قىيىنچىلىقتا قالغانلارنىڭ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىمىز، كەئبىنى مۇھاپىزەت قىلىمىز، ھاجىلارغا سۇ تارقىتىمىز» دېدى. بۇ ئەھۋال توغرىسىدا تۆۋەندىكى ئايەت نازىل بولدى:

**«أَجَعَلْتُمْ سِقَايَةَ الْحَاجِّ وَعِمَارَةَ الْمَسْجِدِ الْحَرَامِ كَمَنْ آمَنَ بِاللّهِ وَالْيَوْمِ الآخِرِ وَجَاهَدَ فِي سَبِيلِ اللّهِ لاَ يَسْتَوُونَ عِندَ اللّهِ وَاللّهُ لاَ يَهْدِي الْقَوْمَ الظَّالِمِينَ»**

«سىلەر ھاجىلارغا سۇ تارقاتقان ۋە مەسجىدى ھەرامنى ئاۋات قىلغانلارنى، ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشەنگەن، ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلغانلارغا ئوخشاش دەپ قارامسىلەر؟ ئۇلار ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئوخشاش بولمايدۇ. ئاللاھ زالىم قەۋمنى توغرا يولغا كەلتۈرمەيدۇ». تەۋبە 19/9.

ئۆزىنى ئاللاھنىڭ ئەيۇچانلىقى بىلەن ئالدىغانلارنىڭ ئاخىرەتتىكى ئەھۋالى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەردىن بىرى مۇنداق:

**«وَلَوْ أَنَّ لِلَّذِينَ ظَلَمُوا مَا فِي الْأَرْضِ جَمِيعاً وَمِثْلَهُ مَعَهُ لَافْتَدَوْا بِهِ مِن سُوءِ الْعَذَابِ يَوْمَ الْقِيَامَةِ وَبَدَا لَهُم مِّنَ اللَّهِ مَا لَمْ يَكُونُوا يَحْتَسِبُونَ»**

«ئەگەر يەر يۈزىدىكى بارلىق نەرسىلەر ۋە ئۇنىڭ بىر ئوخشىشى زالىملارنىڭ بولسا ئىدى، ئۇلار قىيامەت كۈندىكى يامان ئازابتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئۇ بايلىقلىرىنى ئەلۋەتتە پىدىيە قىلىپ بېرەتتى. ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئالدىغا ئۇلار ھېچ ئويلىمىغان ئازابلارنى چىقىرىدۇ». زۇمەر 47/39.

ئاللاھ تەئالا مۇئمىنلارنىمۇ نۇرغۇنلىغان سىناقلارغا دۇچ كەلتۈرىدۇ. ئۇ بۇ توغرىدا مۇنداق دەيدۇ:

«**الم. أَحَسِبَ النَّاسُ أَنْ يُتْرَكُوا أَنْ يَقُولُوا آمَنَّا وَهُمْ لَا يُفْتَنُونَ. وَلَقَدْ فَتَنَّا الَّذِينَ مِنْ قَبْلِهِمْ فَلَيَعْلَمَنَّ اللَّهُ الَّذِينَ صَدَقُوا وَلَيَعْلَمَنَّ الْكَاذِبِينَ. أَمْ حَسِبَ الَّذِينَ يَعْمَلُونَ السَّيِّئَاتِ أَنْ يَسْبِقُونَا سَاءَ مَا يَحْكُمُونَ. مَنْ كَانَ يَرْجُو لِقَاءَ اللَّهِ فَإِنَّ أَجَلَ اللَّهِ لَآتٍ وَهُوَ السَّمِيعُ الْعَلِيمُ. وَمَنْ جَاهَدَ فَإِنَّمَا يُجَاهِدُ لِنَفْسِهِ إِنَّ اللَّهَ لَغَنِيٌّ عَنِ الْعَالَمِينَ. وَالَّذِينَ آمَنُوا وَعَمِلُوا الصَّالِحَاتِ لَنُكَفِّرَنَّ عَنْهُمْ سَيِّئَاتِهِمْ وَلَنَجْزِيَنَّهُمْ أَحْسَنَ الَّذِي كَانُوا يَعْمَلُونَ**»

«ئەلىف، لام، مىم. ئىنسانلار: 〈ئىمان ئېيتتۇق〉 دېسەك، سىنالماي تەرك ئېتىلىمىز دەپ ئويلامدۇ؟

شۈبھىسىزكى، بىز ئۇلاردىن بۇرۇنقىلارنىمۇ سىنىغان. ئاللاھ راستچىللارنى ئوبدان بىلىدۇ، يالغانچىلارنىمۇ ئوبدان بىلىدۇ.

ياكى يامان ئىشلارنى قىلىۋاتقانلار ئاللاھدىن قېچىپ قۇتۇلىمىز دەپ ئويلامدۇ؟ ئۇلارنىڭ بۇ چۈشەنچىسى نېمىدېگەن يامان!

كىم ئاللاھقا مۇلاقات بولۇشنى ئۈمىد قىلسا، بىلسۇنكى ئاللاھ بەلگىلىگەن ۋاقىت چوقۇم يېتىپ كېلىدۇ. ئۇ ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، بىلىپ تۇرغۇچىدۇر.

كىم جىھاد قىلسا، ئۆزى ئۈچۈن جىھاد قىلىدۇ. ئاللاھ ئالەملەردىن بىھاجەتتۇر.

ئىمان ئېيتىپ ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار بارغۇ، بىز ئۇلارنىڭ يامانلىقلىرىنى يوققا چىقىرىمىز، ئۇلارنى قىلغان ئەمەللىرىنىڭ ئەڭ ياخشىسىنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ مۇكاپاتلايمىز»۔ ئەنكەبۇت 29/1ـ7.

## 5 – ئاللاھنىڭ كۆچى بىلەن ئالدىنىش

بەزى كىشىلەر ئاللاھ توغرىسىدا كەلسە-كەلمەس سۆزلەرنى قىلىدۇ. دەلىل سۈپىتىدە بولسا «ئاللاھنىڭ بۇنىڭغا كۈچى يەتمەمدۇ؟» دەيدۇ. بۇ ھەقتە بىر تەرىقەت شەيخى بىلەن ئوتتۇرىمىزدا مۇنۇ دىئالوگلار بولۇپ ئۆتكەن:

**بايىندىر:** مەدىنە مۇنەۋۋەردە ھاجىلار بىلەن پاراڭلىشىۋېتىپ غەيبنى ئاللاھدىن باشقا ھېچكىمنىڭ بىلەلمەيدىغانلىقىنى ئېيتقانىدىم. مۇرىدلىرىڭىزدىن بىر خانىم مۇنداق دېدى: «سىز ئۇنداق دېگەن بىلەن، مېنىڭ غوجام (ئىشانىم) كېچە ياتىقىمدا نەچچە قېتىم ئوڭغا، نەچچە قېتىم سولغا ئۆرۈلگەنلىكىمنىمۇ بىلىدۇ».

**ئىشان:** (سەكرەپ قوپۇپ) ئاللاھ بىلدۈرسە بىلەلمەمدۇ؟ ئاللاھنىڭ بۇنىڭغا كۈچى يەتمەمدۇ؟

**بايىندىر:** ئاللاھنىڭ كۈچى يەتمەيدىغان نېمە بار؟ لېكىن ئاللاھنىڭ كۈچى بىلەن دەلىل كەلتۈرگىلى بولمايدۇ. ئاللاھ خالىسا ئەلچىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى جەھەننەمگە، شەيتاننى جەننەتكە كىرگۈزەلمەمدۇ؟ ئۇنىڭ بۇنى قىلىشقا كۈچى يەتمەمدۇ؟

**ئىشان:** ئەلۋەتتە يېتىدۇ.

**بايىندىر:** لېكىن ئۇ، شەيتاننى دوزاخقا كىرگۈزىدىغانلىقىنى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى بولسا جەننەتتە «ماقامى مەھمۇد» دېيىلىدىغان ئەڭ ئۈستۈن

ماقامغا كىرگۈزىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن 10. ھېچكىم ئاللاھنىڭ كۈچىنى دەلىل قىلىپ ئاللاھنىڭ ئىرادىسىگە قارشى بىر دەۋا ئوتتۇرىغا قويالمايدۇ.

ئاللاھ تەئالا

**«وَمَا كَانَ اللّهُ لِيُطْلِعَكُمْ عَلَى الْغَيْبِ»**

**«ئاللاھ سىلەرگە غەيبنى ھەرگىزمۇ بىلدۈرمەيدۇ»** (ئال ئىمران 179/3) دېگەن تۇرسا، كىم بۇنىڭ ئەكسىنى داۋا قىلالايدۇ؟

---

[10] ـ «كېچىنىڭ بىر قىسمىدا ئويغۇنۇپ قۇرئان بىلەن تەھەججۇد نامىزى ئوقۇغىن، بۇ ناماز ساڭا ئارتۇقچە بىر ۋەزىپىدۇر. شۇنداق قىلساڭ رەببىڭ سېنى مەدھىيىلىنىدىغان بىر ماقامغا ئېرىشتۈرىشى مۇمكىن»ـ ئىسرا 79/1.

### ب ـ ئىمان

ئىمان سۆزى «ئەمن» دېگەن سۆز يىلتىزىدىن چىققان بولۇپ، ئەمن لۇغەتتە قورقماسلىق، خاتىرجەم بولۇش، كۆڭۈل ئارام تېپىش، ئامانلىق بىخەتەرلىك ۋە ئىشەنچ قىلىش، دېگەن مەنىلەردە كېلىدۇ. ئىمان بولسا، ئەمن ئىچىگە كىرىش يەنى بىر نەرسىدىن قورقمايدىغان بولۇپ ئۇ نەرسىدىن كۆڭلى خاتىرجەم بولۇش ۋە ئۇ نەرسىگە ئىشىنىش دېگەن مەنانى ئىپادىلەيدۇ. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا ئىمان، قەتئىي بولغان ئۇچۇرغا تايىنىدۇ. يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك ھەر كىشى ئەتراپىدا ئېلىپ بارغان كۆزىتىشلىرى نەتىجىسىدە ئاللاھ توغرىسىدا قەتئىي ئۇچۇرغا ئىگە بولىدۇ. قۇرئاندا ئاللاھنىڭ بارلىقىنى ئىسپاتلاش بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئايەت يوق ئىكەنلى ىكى ۋە پەيغەمبەلەرنىڭ ئاللاھنىڭ بارلىقىنى ئىسپاتلاش بىلەن مەشغۇل بولمىغانلىقى بۇ سەۋەپتىن بولغان.

ئاللاھ تائالا ئەمر ـ پەرمانلىرىنى پەيغەمبەرلىرى ئارقىلىق يەتكۈزىدۇ. ھەر پەيغەمبەرگە باشقا بىرىنىڭ ئوخشىشىنى مەيدانغا كەلتۈرۈشى مۇمكىن بولمايدىغان بىر بەلگە بېرىدۇ. بۇ سەۋەبتىن ئۇ بەلگە مۆجىزە دېيىلىدۇ. مۆجىزىنى كۆرگەنلەر ئۇ كىشىنىڭ ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىگە شەكسىز ئىشىنىدۇ. ئاخىرقى پەيغەمبەرنىڭ مۆجىزىسى قۇرئاندۇر. قۇرئان ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزگەن ھەر كىشى ئۇنىڭ ئاللاھنىڭ كىتابى ئىكەنلىكىنى، ئۇنى ئېلىپ كەلگەن كىشىنىڭ ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ ئەلچىسى ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىدۇ. ئۇنداقتا ئاللاھقا ئىشەنگەن ۋە ئىشەنچ قىلغان كىشى ئۇ كىتابقىمۇ ئىشەنمەي ۋە ئىشەنچ قىلماي تۇرالمايدۇ.

ئاللاھنى بىلىش بىلەن ئاللاھقا ئىشىنىش پەرقلىق نەرسىلەردۇر. مەسىلەن: سىز ئۆزىڭىزگە تونۇشلۇق بىر كىشى ھەققىدە «مەن ئۇنىڭغا ئىشەنمەيمەن»

دەيسىز. بۇ سىزنىڭ ئۇنىڭغا ئىشەنچ قىلمايدىغانلىقىڭىزنى كۆرسىتىدۇ. ئاللاھقا ئىشىنىش ئۈچۈن ئاللاھقا ئىشەنچ قىلىش لازىم. ئۇنىڭغا ئىشەنچ قىلىش ئاللاھنىڭ بارلىق بۇيرۇق ۋە چەكلىمىلىرىگە ئىشەنچ قىلىش بىلەن بولىدۇ. ھەرقانداق بىر مەسىلىدە كۆرسىتىلگەن ئىشەنچسىزلىك ئىمانسىزلىق ھېسابلىنىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

**«يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا آمِنُوا بِاللَّهِ وَرَسُولِهِ وَالْكِتَابِ الَّذِي نَزَّلَ عَلَى رَسُولِهِ وَالْكِتَابِ الَّذِي أَنْزَلَ مِنْ قَبْلُ وَمَنْ يَكْفُرْ بِاللَّهِ وَمَلَائِكَتِهِ وَكُتُبِهِ وَرُسُلِهِ وَالْيَوْمِ الْآخِرِ فَقَدْ ضَلَّ ضَلَالًا بَعِيدًا»**

«ئى مۇئمىنلار! ئاللاھقا، ئاللاھنىڭ ئەلچىسىگە ۋە ئاللاھ ئەلچىسىگە نازىل قىلغان كىتابقا ۋە ئاللاھ ئىلگىرى نازىل قىلغان كىتابلارغا ئىشىنىڭلار. كىمكى ئاللاھقا، ئاللاھنىڭ پەرىشتىلىرىگە، ئاللاھنىڭ كىتابلىرىغا، ئاللاھنىڭ ئەلچىلىرىگە ۋە ئاخىرەت كۈنىگە كاپىر بولىدىكەن، ئۇ چوڭقۇر بىر ئازغۇلۇققا چۈشكەن بولىدۇ»- نىسا 136/4.

**«يَا أَهْلَ الْكِتَابِ لَا تَغْلُوا فِي دِينِكُمْ وَلَا تَقُولُوا عَلَى اللَّهِ إِلَّا الْحَقَّ إِنَّمَا الْمَسِيحُ عِيسَى ابْنُ مَرْيَمَ رَسُولُ اللَّهِ وَكَلِمَتُهُ أَلْقَاهَا إِلَى مَرْيَمَ وَرُوحٌ مِنْهُ فَآمِنُوا بِاللَّهِ وَرُسُلِهِ وَلَا تَقُولُوا ثَلَاثَةٌ انْتَهُوا خَيْرًا لَكُمْ إِنَّمَا اللَّهُ إِلَهٌ وَاحِدٌ سُبْحَانَهُ أَنْ يَكُونَ لَهُ وَلَدٌ لَهُ مَا فِي السَّمَاوَاتِ وَمَا فِي الْأَرْضِ وَكَفَى بِاللَّهِ وَكِيلًا»**

«ئى ئەھلى كىتاب! دىنىڭلاردا ھەددىدىن ئاشماڭلار، ئاللاھ توغرىسىدا پەقەت ھەقنىلا سۆزلەڭلار. مەريەمنىڭ ئوغلى ئىيسا مەسىھ پەقەت ئاللاھنىڭ ئەلچىسىدۇر، ئۇ مەريەمگە يەتكۈزگەن ‹ۋۇجۇدقا كەل› سۆزى بىلەن بار بولغان،

ئۇ ئاللاھ تەرىپىدىن كەلگەن بىر روھتۇر. ئۇنداقتا ئاللاھقا ۋە ئاللاھنىڭ ئەلچىلىرىگە ئىشىنىڭلار. «خۇدا ئۈچتۇر › دېمەڭلار، بۇنداق دېيىشتىن يېنىڭلار، بۇ سىلەر ئۈچۈن ياخشى بولىدۇ. ئاللاھ پەقەت بىرلا ئىلاھتۇر، بالىسى بولۇشتىن پاكتۇر، ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى شەيئىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭدۇر، ئاللاھ يېتەرلىك ھامىيدۇر»ـ نىسا 171/4.

## ج – شېرىك ۋە كۇفۇر

شېرىك، ئاللاھقا خاس بولغان بەزى سۈپەتلەرنى باشقا مەۋجۇداتلاردىمۇ بار دەپ قاراپ مەزكۇر مەۋجۇداتلارنى ئۇ سۈپەتلەر بىلەن سۈپەتلەش دېمەكتۇر. بىز بۇ ھەقتە يۇقىرىدا توختالغان ئىدۇق. تۆۋەندە تېخىمۇ كەڭ دائىرىدە توختىلىپ ئۆتىمىز.

كۇفۇر، كافىرلىق دېمەكتۇر. سۆز تومۇرى «كۇفر ۋە كۇفۇر» بولۇپ ئىنكار قىلىش، تېنىش، تۇزكورلۇق قىلىش ۋە يۆگەش، دېگەندەك مەنىلەردە كېلىدۇ.

ئاللاھنىڭ بارلىقى ئاشكارا بىر ھەقىقەت تۇرسا نۇرغۇن كىشىلەر ئاللاھنى تونۇماي پەرۋاسىز ھالدا ھاياتىنى داۋاملاشتۇرىدۇ. «ئاللاھ بار، ئۇ كائىناتنىڭ ئىشلىرىنى ئىدارە قىلىپ تۇرىدۇ» دېگۈچىلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئاللاھ بىلەن بولىدىغان ئىشلىرنى ۋەسىلە (ۋاستە بولغۇچى) لەرنىڭ قىلىدىغانلىقىغا ئىشەنگەنلىكى ئۈچۈن ئاللاھنى بۇ دائىرە ئىچىدە تونۇيدۇ.

كافىر ۋە مۇشرىك كەلىمىلىرى ئوخشاش بىر نەرسىنىڭ ئىككى يۈزىنى كۆرسىتىدۇ، يەنى ھەر كافىر «مۇشرىك»، ھەر مۇشرىك «كافىر» دۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

**«لَمْ يَكُنِ الَّذِينَ كَفَرُوا مِنْ أَهْلِ الْكِتَابِ وَالْمُشْرِكِينَ مُنْفَكِّينَ حَتَّى تَأْتِيَهُمُ الْبَيِّنَةُ. رَسُولٌ مِنَ اللَّهِ يَتْلُو صُحُفًا مُطَهَّرَةً. فِيهَا كُتُبٌ قَيِّمَةٌ»**

«ئەھلى كىتابتىن ۋە مۇشرىكلاردىن ئىبارەت بولغان كاپىرلار ئۆزلىرىگە روشەن دەلىل كەلگەنگە قەدەر ئايرىلغۇچىلار ئەمەس ئىدى. ئۇ روشەن دەلىل ئاللاھ تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن ئەلچىدۇر. ئۇ، پاك-پاكىز سەھىپىلەرنى تىلاۋەت قىلىدۇ. ئۇ سەھىپىلەرگە توغرا ھۆكۈملەر يېزىلغان»- بەييىنە 98/1-3.

ئايەتتە ئۆتكەن ئەلمۇشرىكىن «**الْمُشْرِكِينَ**» دېگەن سۆز مەئرىفە (ئېنىق ئىسىم) بولۇپ مەلۇم بىر مۇشرىك پىرقىسىنى يەنى ئەھلى كىتابنىڭ سىرتىدىكى مۇشرىكلارنى كۆرسىتىدۇ. ئەكسىچە ئەھلى كىتابنىڭ مۇشرىك بولمىغانلىقىنى ئىپادىلىمەيدۇ. چۈنكى ئۇلاردىن كافىر بولغانلارنىڭ ئەينى زاماندا مۇشرىك ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدىغان ئايەتلەر بار. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

«**اتَّخَذُوا أَحْبَارَهُمْ وَرُهْبَانَهُمْ أَرْبَابًا مِنْ دُونِ اللَّهِ وَالْمَسِيحَ ابْنَ مَرْيَمَ وَمَا أُمِرُوا إِلَّا لِيَعْبُدُوا إِلَهًا وَاحِدًا لَا إِلَهَ إِلَّا هُوَ سُبْحَانَهُ عَمَّا يُشْرِكُونَ**»

«ئۇلار ئاللاھنى قويۇپ ھاخاملىرىنى ۋە راھىبلىرىنى رەبلىرى قىلىۋالدى. مەريەم ئوغلى مەسىھنىمۇ شۇنداق قىلدى. ھالبۇكى، ئۇلار پەقەت بىر ئىلاھقىلا قۇل بولۇشقا بۇيرۇلغان. ئاللاھدىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوق. ئاللاھ ئۇلار شېرىك قىلغان نەرسىلەردىن پاكتۇر»- تەۋبە 31/9.

ھەر مىللەتنىڭ ئۆتمۈشىدە بىر پەيغەمبەر بار. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

«**إِنَّا أَرْسَلْنَاكَ بِالْحَقِّ بَشِيرًا وَنَذِيرًا وَإِنْ مِنْ أُمَّةٍ إِلَّا خَلَا فِيهَا نَذِيرٌ**»

«بىز سېنى خۇش خەۋەر بەرگۈچى ۋە ئاگاھلاندۇرغۇچى قىلىپ قۇرئان بىلەن ئەۋەتتۇق. ئاگاھلاندۇرغۇچى ئەۋەتىلمىگەن ھېچبىر ئۈممەت يوقتۇر»- فاتىر 24/35.

مەككە خەلقىنىڭ ئۆتمۈشىدە ئىبراھىم ۋە ئىسمائىل دېگەن پەيغەمبەرلەر بار ئىدى. قۇرەيشلىكلەر ئۆزلىرىنىڭ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ

نەسلىدىن بولغانلىقلىرى بىلەن پەخىرلىنەتتى[11]. ئۇلاردىن قېلىپ قالغان ھەج ۋە ئۆمرە ئىبادەتلىرىنى ئۈزلۈكسىز داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن ئىدى. لېكىن قوللىرىدا ئۇلارغا ئائىت بىر ئىلاھىي كىتاب يوق ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار ئەھلى كىتاب ئەمەس ئىدى. يەھۇدىيلارنىڭ ئۆتمۈشىدە مۇسا ئەلەيھىسسالام بىلەن بىرلىكتە نۇرغۇن پەيغەمبەرلەر ۋە ئۇلاردىن قالغان تەۋرات بار. خرىستىئانلارنىڭ ئۆتمۈشىدە بولسا، ئىيسا پەيغەمبەر ۋە قوللىرىدا ئىنجىل بار. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار ئەھلى كىتاب ھېسابلانغان.

تەۋرات ۋە ئىنجىل دەسلەپكى ساپلىقى بىلەن ساقلىنىپ قالمىغان. لېكىن ئۇلارنىڭ ئاساسلىق نۇقتىلاردا قۇرئان بىلەن ئورتاق ھۆكۈملىرى بار. بۇ سەۋەب بىلەن قۇرئان ئۇلارنى بۇ ئاساسلىق نۇقتىلارغا چاقىرىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

**«قُلْ يَا أَهْلَ الْكِتَابِ تَعَالَوْا إِلَى كَلِمَةٍ سَوَاءٍ بَيْنَنَا وَبَيْنَكُمْ أَلَّا نَعْبُدَ إِلَّا اللَّهَ وَلَا نُشْرِكَ بِهِ شَيْئًا وَلَا يَتَّخِذَ بَعْضُنَا بَعْضًا أَرْبَابًا مِنْ دُونِ اللَّهِ فَإِنْ تَوَلَّوْا فَقُولُوا اشْهَدُوا بِأَنَّا مُسْلِمُونَ»**

«ئېيتقىنكى: (ئى ئەھلى كىتاب! بىز بىلەن ئاراڭلاردا ئورتاق بولغان سۆزگە كېلىڭلار. ئۇ سۆز بولسا، (ھەر ئىككىمىزنىڭ ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىشىمىز، ئاللاھقا ھېچ نەرسىنى شېرىك قىلماسلىقىمىز ۋە ئاللاھنى قويۇپ

[11] - ئىبنى ھىشام، سىرەتۇننەبىي، م. مۇھيىددىن ئابدۇلھەمىدنىڭ تەھقىقى بىلەن، بېيرۇت، 1401/1981، 1- توم، 216- بەت.

بىر-بىرىمىزنى رەب قىلىۋالماسلىقىمىز › دۇر ›. ئەگەر ئۇلار يۈز ئۆرۈسە، ئۇلارغا: ‹ گۇۋاھ بولۇڭلاركى، بىز مۇسۇلمانمىز › دەڭلار»- ئال ئىمران 64/3.

مەككىلىك ۋە باشقا يەرلىك مۇشرىكلارنىڭ قولىدا ئۇنداق بىر كىتاب بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئۇلار ئەقىللىرىنى ۋە بىلگەن ئىلىملىرىنى ئىشلىتىشكە چاقىرىلىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

**«وَهَذَا صِرَاطُ رَبِّكَ مُسْتَقِيمًا قَدْ فَصَّلْنَا الْآَيَاتِ لِقَوْمٍ يَذَّكَّرُونَ»**

«مانا بۇ رەببىڭنىڭ توغرا يولىدۇر. شۈبھىسىزكى، بىز ئەقلىنى تاپىدىغان قەۋم ئۈچۈن ئايەتلەرنى تەپسىلىي بايان قىلدۇق»- ئەنئام 126/6.

**«وَمَنْ يُشَاقِقِ الرَّسُولَ مِنْ بَعْدِ مَا تَبَيَّنَ لَهُ الْهُدَى وَيَتَّبِعْ غَيْرَ سَبِيلِ الْمُؤْمِنِينَ نُوَلِّهِ مَا تَوَلَّى وَنُصْلِهِ جَهَنَّمَ وَسَاءَتْ مَصِيرًا»**

«كىمكى ئۆزىگە توغرا يول ئېنىق بولغاندىن كېيىن، پەيغەمبەرگە مۇخالىپەتچىلىك قىلىدىكەن، مۇئمىنلارنىڭ يولىدىن غەيرىيگە ئەگىشىدىكەن، ئۇنى ئۆز يولىغا قويۇپ بېرىمىز، ئۇنى جەھەننەمگە كىرگۈزىمىز. ئۇ نېمىدېگەن يامان جاي!»- نىسا 115/4.

تەۋرات ۋە ئىنجىلگە ئىگە بولۇشلىرى يەھۇدىي ۋە خرىستىئانلارنىڭ مۇشرىك بولۇشىغا توسالغۇ بولمىغان. مۇھىمى بىر ئىلاھىي كىتابقا ئىگە بولۇش ئەمەس، ئۇنىڭغا بويسۇنۇشتۇر. قولىدا قۇرئان بولغان، ھەتتا ئۇنى يادلىغان ۋە ئۇنىڭ ئالىمى ھېسابلىنىدىغان كۆپلىگەن مۇسۇلماننىڭمۇ شېرىككە چۈشۈپ قالغانلىقىنى كۆرۈۋاتىمىز.

ئاللاھقا تولۇق ئىشىنىش ۋە شەرتسىز بويۇن ئېگىش ئىماننىڭ بولمسا بولمايدىغان شەرتىدۇر. لېكىن ئىنسانلارنىڭ كۆپىنچىسى ئاللاھقا بەزى شەرتلەرنى قويىدۇ. بەزىلەر شەرتلەرنى ئۆزلىرى بەلگىلەيدۇ. بەزىلەر بولسا ئۆزگىرىپ كەتكەن بىر دىننىڭ ياكى بىر تەرىقەتنىڭ قويغان شەرتلىرىنى مۇۋاپىق كۆرىدۇ. ئۆزىنى ياكى باشقىسىنى ئاللاھقا شەرت قويالايدىغان سەۋىيىدە كۆرگەن كىشى، ئۆزىنى ياكى شۇ باشقىسىنى ئاللاھ بىلەن تەڭ كۆرگەن ۋە ئىلاھ قىلىۋالغان بولىدۇ. بۇ خىل كىشىلەر قىيىن ئەھۋالدا قالغاندا ئاللاھقا قويغان پۈتۈن شەرتلىرىنى ئۇنتۇيدۇ ۋە سەممىي ھالدا ئاللاھقا يۈزلىنىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

**«وَإِذَا مَسَّكُمُ الضُّرُّ فِي الْبَحْرِ ضَلَّ مَنْ تَدْعُونَ إِلَّا إِيَّاهُ فَلَمَّا نَجَّاكُمْ إِلَى الْبَرِّ أَعْرَضْتُمْ وَكَانَ الْإِنْسَانُ كَفُورًا»**

«دېڭىزدا مۇسىبەتكە يولۇققان چېغىڭلارغا پەقەت ئاللاھقىلا دۇئا قىلىسىلەر، ئاللاھنى قويۇپ دۇئا قىلىدىغان كىشىلىرىڭلار ئېسىڭلارغا كەلمەيدۇ. لېكىن ئاللاھ سىلەرنى قۇتقۇزۇپ قۇرۇقلۇققا چىقىرىپ قويسا دەرھال يۈز ئۆرۈيسىلەر. ئىنسان ھەقىقەتەن تۇزكوردۇر»۔ ئىسرا 67/17.

مۇشرىكلار بىر قانچە تۈرگە ئايرىلىدۇ:

### *1 ـ ئۆزلىرىنى ئىلاھلاشتۇرۇۋالغانلار*

ئاللاھقا ئىشەنمەيدىغانلىقىنى سۆزلەيدىغان پۈتكۈل كىشىلەر مۇشرىكتۇر. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭ بار ۋە بىرلىكىنى بىلىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

**«وَلَئِنْ سَأَلْتَهُمْ مَنْ خَلَقَ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضَ وَسَخَّرَ الشَّمْسَ وَالْقَمَرَ لَيَقُولُنَّ اللَّهُ فَأَنَّى يُؤْفَكُونَ. اللَّهُ يَبْسُطُ الرِّزْقَ لِمَنْ يَشَاءُ مِنْ عِبَادِهِ وَيَقْدِرُ لَهُ إِنَّ**

**اللَّهَ بِكُلِّ شَيْءٍ عَلِيمٌ. وَلَئِنْ سَأَلْتَهُمْ مَنْ نَزَّلَ مِنَ السَّمَاءِ مَاءً فَأَحْيَا بِهِ الْأَرْضَ مِنْ بَعْدِ مَوْتِهَا لَيَقُولُنَّ اللَّهُ قُلِ الْحَمْدُ لِلَّهِ بَلْ أَكْثَرُهُمْ لَا يَعْقِلُونَ**»

«ئەگەر ئۇلاردىن: ‹ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ياراتقان، كۈننى ۋە ئاينى بويسۇندۇرغان كىمدۇر؟› دەپ سورىساڭ، ئۇلار چوقۇم: ‹ئاللاھ› دەيدۇ. شۇنداق تۇرۇقلۇق ئۇلار قانداقمۇ بۇرۇلۇپ كېتىدىغاندۇ؟

ئاللاھ خالىغان بەندىسىنىڭ رىزقىنى كەڭ قىلىدۇ، خالىغان بەندىسىنىڭ رىزقىنى تار قىلىدۇ. چۈنكى ئۇ ھەر نەرسىنى بىلگۈچىدۇر.

ئۇلاردىن ‹ئاسماندىن يامغۇر ياغدۇرۇپ، ئۇنىڭ بىلەن ئۆلۈك زېمىننى تىرىلدۈرگەن كىمدۇر؟› دەپ سورىساڭ، ئۇلار چوقۇم: ‹ئاللاھ› دەيدۇ. ئېيتقىنكى: «ئەلھەمدۇ لىللاھ!». بەلكى ئۇلارنىڭ تولىسى ئەقىللىرىنى ئىشلەتمەيدۇ»۔ ئەنكەبۇت 29/61۔63.

**«قُلْ مَنْ يَرْزُقُكُمْ مِنَ السَّمَاءِ وَالْأَرْضِ أَمَّنْ يَمْلِكُ السَّمْعَ وَالْأَبْصَارَ وَمَنْ يُخْرِجُ الْحَيَّ مِنَ الْمَيِّتِ وَيُخْرِجُ الْمَيِّتَ مِنَ الْحَيِّ وَمَنْ يُدَبِّرُ الْأَمْرَ فَسَيَقُولُونَ اللَّهُ فَقُلْ أَفَلَا تَتَّقُونَ. فَذَلِكُمُ اللَّهُ رَبُّكُمُ الْحَقُّ فَمَاذَا بَعْدَ الْحَقِّ إِلَّا الضَّلَالُ فَأَنَّى تُصْرَفُونَ»**

«ئېيتقىنكى: ‹سىلەرگە ئاسماندىن ۋە زېمىندىن رىزىق بېرىۋاتقان كىمدۇر؟ سىلەرنى ئاڭلاش ۋە كۆرۈش قابىلىيەتلىرى بىلەن تەمىنلەۋاتقان كىمدۇر؟ تىرىكنى ئۆلۈكتىن، ئۆلۈكنى تىرىكتىن چىقىرىۋاتقان كىمدۇر؟ بارلىق ئىشلارنى پىلانلىق بىر شەكىلدە باشقۇرۇۋاتقان كىمدۇر؟›. ئۇلار ھېچ ئىككىلەنمەستىن: ‹ئاللاھ› دەيدۇ. ئېيتقىنكى: ‹ئۇ ھالدا قورقماسىلەر؟›.

ئەنە شۇ ئاللاھ سىلەرنىڭ ھەقىقىي رەببىڭلاردۇر. ھەقىقەتتىن كېيىن ئازغۇنلۇقتىن باشقا نېمە بار؟ شۇنداق تۇرۇقلۇق قانداقمۇ بۇرۇلۇپ كېتىدىغانسىلەر؟»- يۇنۇس 10/31-32.

ئاللاھ پەرىشتىلەرنى ئادەمگە سەجدە قىلىشقا بۇيرۇغاندا، ئىبلىس بۇ بۇيرۇقنىڭ ئۆز شەرتلىرىگە مۇۋاپىق كەلمىگەنلىكى ئۈچۈن سەجدە قىلمىغان ئىدى. مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەر مۇنداق:

**«وَإِذْ قَالَ رَبُّكَ لِلْمَلَائِكَةِ إِنِّي خَالِقٌ بَشَرًا مِنْ صَلْصَالٍ مِنْ حَمَإٍ مَسْنُونٍ. فَإِذَا سَوَّيْتُهُ وَنَفَخْتُ فِيهِ مِنْ رُوحِي فَقَعُوا لَهُ سَاجِدِينَ. فَسَجَدَ الْمَلَائِكَةُ كُلُّهُمْ أَجْمَعُونَ. إِلَّا إِبْلِيسَ أَبَى أَنْ يَكُونَ مَعَ السَّاجِدِينَ. قَالَ يَا إِبْلِيسُ مَا لَكَ أَلَّا تَكُونَ مَعَ السَّاجِدِينَ. قَالَ لَمْ أَكُنْ لِأَسْجُدَ لِبَشَرٍ خَلَقْتَهُ مِنْ صَلْصَالٍ مِنْ حَمَإٍ مَسْنُونٍ. قَالَ فَاخْرُجْ مِنْهَا فَإِنَّكَ رَجِيمٌ»**

«رەببىڭ ئۆز ۋاقتىدا پەرىشتىلەرگە مۇنداق دېگەن ئىدى: ﴿مەن سېسىق قارا پاتقاقتىن شەكىللەنگەن قۇرۇق لايدىن بىر ئىنسان يارىتىمەن. مەن ئۇنىڭغا شەكىل بېرىپ، ئىچىگە روھىمدىن پۈۋلىگەن چېغىمدا ئۇنىڭغا سەجدە قىلىڭلار﴾.

شۇنىڭ بىلەن پەرىشتىلەرنىڭ ھەممىسى بىردەك سەجدە قىلدى. ئىبلىس مۇستەسنا. ئۇ سەجدە قىلغۇچىلارنىڭ قاتارىدا بولۇشتىن باش تارتتى. ئاللاھ: ﴿ئى ئىبلىس! سەن نېمىشقا سەجدە قىلغۇچىلارنىڭ قاتارىدا بولمىدىڭ﴾ دېدى.

ئىبلىس: ﴿سەن سېسىق قارا پاتقاقتىن شەكىللەنگەن قۇرۇق لايدىن ياراتقان ئىنسانغا سەجدە قىلىش ماڭا لايىق بولمايدۇ﴾ دېدى.

ئاللاھ ئېيتتى: «ئۇ يەردىن دەرھال چىقىپ كەت! سەن شۇ ئاندىن ئېتىبارەن قوغلاندىڭ! »»- ھىجر 15/28-34.

**«وَإِذْ قُلْنَا لِلْمَلَائِكَةِ اسْجُدُوا لِآَدَمَ فَسَجَدُوا إِلَّا إِبْلِيسَ أَبَى وَاسْتَكْبَرَ وَكَانَ مِنَ الْكَافِرِينَ»**

«ئۆز ۋاقتىدا بىز پەرىشتىلەرگە: «ئادەمگە سەجدە قىلىڭلار » دېگەن ئىدۇق. ئۇلار دەرھال سەجدە قىلدى. ئىبلىس مۇستەسنا. ئۇ باش تارتتى، ئۆزىنى چوڭ تۇتتى ۋە كافىرلاردىن بولدى» بەقەرە 2/34.

ئىبلىسنىڭ چوڭچىلىق قىلىشى، ئادەمگە قارشى ئەمەس، ئاللاھقا قارشى ئىدى. چۈنكى ئۇنىڭ مۇۋاپىق كۆرمىگىنى ئاللاھنىڭ ئەمرى ئىدى. بۇ سەۋەپتىن ئاللاھ ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى:

**«فَاهْبِطْ مِنْهَا فَمَا يَكُونُ لَكَ أَنْ تَتَكَبَّرَ فِيهَا فَاخْرُجْ إِنَّكَ مِنَ الصَّاغِرِينَ»**

«ئۇ يەردىن چۈشۈپ كەت، ئۇ يەردە چوڭچىلىق قىلىدىغان ھەققىڭ يوق، يوقال! شۈبھىسىزكى، سەن خار بولغۇچىلاردىنسەن»- ئەئراف7/13.

ئىبلىس ئاللاھنىڭ بارلىقىنىمۇ، بىرلىكىنىمۇ ئىنكار قىلمىغان. ئۇ قوغلانغاندىن كېيىنمۇ مۇنداق دېگەن:

**«إِنِّيَ أَخَافُ اللّهَ وَاللّهُ شَدِيدُ الْعِقَابِ»**

«شۈبھىسىزكى، مەن ئاللاھتىن قورقىمەن، ئاللاھنىڭ ئازابى قاتتىقتۇر»- ئەنفال 8/48.

ئىبلىس ئاخىرەتكىمۇ ئىشىنىدۇ. چۈنكى ئۇ قوغلانغاندا مۇنداق دېگەن ئىدى:

«رَبِّ فَأَنظِرْنِي إِلَى يَوْمِ يُبْعَثُونَ»

«رەببىم! ماڭا خالايىقلار قايتا تىرىلدۈرۈلىدىغان كۈنگىچە مۆھلەت بەرگىن». ھىجر 36/15.

ئاللاھقا، پەرىشتىلەرگە ۋە ئاخىرەتتە قايتا تىرىلدۈرۈلۈشكە ئىشىنىدىغان بۇنداق بىرىنى كۆپ كىشىلەر «ياخشى مۇسۇلمان» دەپ قارايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىبلىس كافىر بولغان چاغدا ئىشىنىشكە تېگىشلىك بىر پەيغەمبەرمۇ ياكى بىر كىتابمۇ يوق ئىدى. ئۇنىڭ كافىرلىقى بىر ئىشتا ئاللاھقا شەرت قويۇشى بىلەن باشلاندى.

خۇداسىزلار دەپ ئاتىلىدىغان ئاتېئىستلارمۇ شۇنداق. ئۇلارمۇ ھەر بىر ئىشتا ئۆزلىرى بەلگىلىگەن شەرتلەرگە بويسۇنىدۇ. ئاللاھنىڭ بۇيرۇقلىرىدىن ئۆزلىرىگە مۇۋاپىق كەلگەنلىرىنى قوبۇل قىلىدۇ، مۇۋاپىق كەلمىگەنلىرىنى رەت قىلىدۇ. بېشىغا كۈن چۈشكەندە بولسا، ئاللاھقا سېغىنىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن ياردەم تىلەيدۇ. بۇلارنىڭ خۇداسى ئالدى بىلەن ئۆزلىرى، ئاندىن كېيىن ئاللاھتۇر. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:

«أَرَأَيْتَ مَنِ اتَّخَذَ إِلَهَهُ هَوَاهُ أَفَأَنْتَ تَكُونُ عَلَيْهِ وَكِيلًا. أَمْ تَحْسَبُ أَنَّ أَكْثَرَهُمْ يَسْمَعُونَ أَوْ يَعْقِلُونَ إِنْ هُمْ إِلَّا كَالْأَنْعَامِ بَلْ هُمْ أَضَلُّ سَبِيلًا»

«نەپسى خاھىشىنى ئىلاھى قىلىۋالغان ئادەمنى كۆردۈڭمۇ! سەن ئۇ ئادەمنى توغرا يولغا كەلتۈرەلەمسەن؟ ياكى سەن ئۇلارنىڭ تولىسىنى ئاڭلايدۇ ياكى چۈشىنىدۇ، دەپ ئويلامسەن؟ شۈبھىسىزكى، ئۇلار تۆگە، كالا، قوي ۋە ئۆچكە قاتارلىق ھايۋانلار بىلەن ئوخشاشتۇر، بەلكى ئۇلار تېخىمۇ تۆۋەندۇر». فۇرقان 43/25-44.

«أَفَرَأَيْتَ مَنِ اتَّخَذَ إِلَهَهُ هَوَاهُ وَأَضَلَّهُ اللَّهُ عَلَى عِلْمٍ وَخَتَمَ عَلَى سَمْعِهِ وَقَلْبِهِ وَجَعَلَ عَلَى بَصَرِهِ غِشَاوَةً فَمَنْ يَهْدِيهِ مِنْ بَعْدِ اللَّهِ أَفَلَا تَذَكَّرُونَ»

«ئى مۇھەممەد! نەپسى خاھىشىنى ئىلاھى قىلىۋالغان، ئاللاھ بىر ئىلىمگە ئاساسەن ئازدۇرغان، ئاللاھ قۇلىقىنى ۋە قەلبىنى پېچەتلىۋەتكەن، كۆزىنى پەردىلىۋەتكەن ئادەمنى كۆردۈڭمۇ؟ ئاللاھ ئازدۇرغاندىن كېيىن ئۇنى كىم ھىدايەت قىلالايدۇ؟ ئويلاپ باقامسىلەر؟»-جاسىيە 23/45.

ھەر كىشىدە ئەبەدىي ياشاش ھېس-تۇيغۇسى بار. ھەر ئىنسان خۇددى ھېچ ئۆلمەيدىغاندەك ھەرىكەت قىلىدۇ. ئاخىرەتكە ئىشىنىش بۇ ھېس-تۇيغۇنى ئارام تاپقۇزىدۇ. ئۆزلىرىنى ئىلاھلاشتۇرۋالغانلاردىن بەزىلىرى بۇ ھەقتىكى ھېس—تۇيغۇلىرىنى روھلارنىڭ كۆ چۈش نەزەرىيىسى ئارقىلىق قاندۇرۇشقا تىرىشىدۇ. يەنى ئۆلىدىغانلىقىنى ۋە يېڭى بىر بەدەن بىلەن دۇنياغا تەكرار كېلىدىغانلىقىنى دەۋا قىلىدۇ. ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ:

«**وَقَالُوا مَا هِيَ إِلَّا حَيَاتُنَا الدُّنْيَا نَمُوتُ وَنَحْيَا وَمَا يُهْلِكُنَا إِلَّا الدَّهْرُ وَمَا لَهُم بِذَٰلِكَ مِنْ عِلْمٍ إِنْ هُمْ إِلَّا يَظُنُّونَ**»

«ئۇلار: ‹ھايات بۇ دۇنيادىكى ھاياتىمىزدىنلا ئىبارەتتۇر. ئۆلىمىز ۋە تىرىلىمىز. بىزنى پەقەت زامان ھالاك قىلىدۇ › دەيدۇ. ئۇلار بۇ سۆزىدە ھېچبىر ئىلىمگە ئاساسلانمايدۇ. ئۇلار گۇمان بىلەنلا گەپ قىلىدۇ»- جاسىيە 24/45.

بەزىلىرى ئۆلۈم بىلەن پۈتۈن ئىشلارنىڭ ئاخىرلىشىدىغانلىقىنى ۋە ھېساب كۈنىنىڭ يالغان ئىكەنلىكىنى دەۋا قىلىش ئارقىلىق ئۇ ھېس — تۇيغۇلىرىنى بېسىقتۇرۇشقا تىرىشىدۇ. ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ:

«**وَيْلٌ يَوْمَئِذٍ لِلْمُكَذِّبِينَ. الَّذِينَ يُكَذِّبُونَ بِيَوْمِ الدِّينِ. وَمَا يُكَذِّبُ بِهِ إِلَّا كُلُّ مُعْتَدٍ أَثِيمٍ. إِذَا تُتْلَى عَلَيْهِ آيَاتُنَا قَالَ أَسَاطِيرُ الْأَوَّلِينَ. كَلَّا بَلْ رَانَ عَلَى قُلُوبِهِمْ مَا كَانُوا يَكْسِبُونَ. كَلَّا إِنَّهُمْ عَنْ رَبِّهِمْ يَوْمَئِذٍ لَمَحْجُوبُونَ. ثُمَّ إِنَّهُمْ لَصَالُو الْجَحِيمِ. ثُمَّ يُقَالُ هَذَا الَّذِي كُنْتُمْ بِهِ تُكَذِّبُونَ**»

«ئۇ كۈنده راستىنى يالغان دېگۈچىلەرگە ۋاي! ئۇلار جازا ۋە مۇكاپات كۈنىنى يالغان دەيدىغان كىشىلەردۇر. ئۇنى ھەددىدىن ئاشقۇچى ۋە گۇناھ قىلغۇچىدىن باشقا ھېچكىم يالغان دېمەيدۇ. ئۇنداق بىرىگە بىزنىڭ ئايەتلىرىمىز تىلاۋەت قىلىنسا، ئۇ: ‹بۇرۇنقىلارنىڭ ئەپسانىلىرى› دەيدۇ.

ياق، بەلكى ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرى قەلبلىرىنى داتلاشتۇرۇۋەتكەن. ياق12، ئۇلار ئۇ كۈنى رەببىنى كۆرۈشتىن توسۇلۇپ قالغۇچىلاردۇر. ئاندىن ئۇلار دوزاخقا كىرىپ كۆيگۈچىلەردۇر. ئاندىن: ‹مانا بۇ، سىلەر يالغان دېگەن نەرسىدۇر› دېيىلىدۇ»-مۇتەففىفىين 83/10-17.

## 2- ۋەسلە ئىزدەيدىغانلار

بەزى ئىنسانلار ئاللاھ بىلەن ئۆزلىرى ئوتتۇرىسىدا ۋەسلە (ۋاستە) بولىدۇ دەپ خىيال قىلغان نەرسە ۋە كىشىلەرگە تېۋىنىدۇ. ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ:

**«إِنَّا أَنزَلْنَا إِلَيْكَ الْكِتَابَ بِالْحَقِّ فَاعْبُدِ اللَّهَ مُخْلِصاً لَّهُ الدِّينَ»**

---

12- ئىش ئۇلار ئۇلار دېگەندەك بولمايدۇ. يەنى ئۇلارنىڭ بىز ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئېتىبارلىق كىشىلەرمىز، دېگەن سۆزلىرى يالغان بولۇپ، ئۇلار ئاللاھنى كۆرەلمەيدۇ ۋە ئاللاھنىڭ ئىنئامىغا ئېرىشەلمەيدۇ.

«بىز ساڭا بۇ كىتابنى ھەقىقەتەن ھەق بىلەن نازىل قىلدۇق، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ دىننى ئاللاھ ئۈچۈن ساپ ۋە پاك تۇتقان ھالدا ئاللاھقا قۇل بول»- زۇمەر 2/39.

دىننى ئاللاھ ئۈچۈن ساپ ۋە پاك تۇتۇش قۇرئانغا ئەگىشىش بىلەن بولىدۇ. بۇ ئىشنى دىندىن پايدىلىنىپ بۇ دۇنيا مەنپەئەتلىرىدىن پايدا ئېلىش مەقسىتىدە بولمىغان كىشىلەرلا قىلالايدۇ. بۇنداق كىشىلەر ئىنسانلارغا پەيغەمبەرلەر سۆزلىگەن مۇنۇ سۆزنى سۆزلەيدۇ:

«لاَّ أَسْأَلُكُمْ عَلَيْهِ أَجْراً إِنْ هُوَ إِلاَّ ذِكْرَى لِلْعَالَمِينَ»

«مەن بۇ تەبلىغىم ئۈچۈن سىلەردىن بىر ھەق تەلەپ قىلمايمەن، بۇ ئالەملەر ئۈچۈن بىر ئەسلىتىشتۇر»- ئەنئام 90/6.

دىندىن پايدىلىنىپ دۇنيالىق مەنپەئەتكە ئېرىشمەكچى بولغانلار دىننى ئۆزىگە بويسۇندۇرۇشقا تىرىشىدۇ. بۇ ئىشنى پەقەت ئۇ دىن توغرىسىدا يېتەرلىك بىلىمگە ئىگە بولغانلارلا قىلالايدۇ. ئۇلارنىڭ پائالىيەت نىشانى توغرا يولدىكى كىشىلەردۇر.

ھەر ئىنسانغا ئوخشاش توغرا يولغا كىرگەنلەرنىڭمۇ بەزى تىلەكلىرى ۋە كېلەچەك بىلەن مۇناسىۋەتلىك بەزى غەم —ئەندىشىلىرى بولىدۇ. تۇزاقچى لار ئاساسلىق ئويۇننى بۇ يەردە ئوينايدۇ. دىني زاتلارغا ئاللاھقا ئائىت بەزى ئالاھىدىلىكلەرنى يۈكلەپ، ئۇلارنىڭ ۋەسىلىسى (ۋاستىسى) بىلەن سۇنۇلغان تەلەپلەرنى ئاللاھنىڭ شەرتسىز قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئاخىرەتتە شاپائەت قىلىدىغانلىقىنى ئاغزىدىن چۈشۈرمەيدۇ. ئاللاھنىڭ كىتابىنى بۇ مەقسەتكە ماسلاشتۇرۇپ ئىزاھلايدۇ ۋە مۇۋاپىق كەلمەيدىغان ئايەتلەرنى باشقا تەرەپكە بۇراشقا تىرىشىدۇ.

ھەممىسى ئۆزلىرىنىڭ ئۆلۈپ كەتكەن ئۇلۇغ زاتلارغا ۋەكىللىك قىلىدىغانلىقىنى دەۋا قىلىدۇ ۋە بۇنىڭغا لايىق ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن باشقىلاردىن پەرقلىق قىياپەتتە ياسىنىدۇ، باشقىلاردىن پەرقلىق گەپ قىلىدۇ ۋە باشقىلارغا ئوخشىمايدىغان شەكىلدە ھەرىكەت قىلىدۇ. ئۆزلىرى «ئۇلۇغ زاتلار» نىڭ سۆزلىرى دەپ دەۋا قىلغان خىيالىي، فانتازىيىلىك ھېكايىلەردىن مەدەت كۈتىدۇ.

ئەقلى-ھوشى جايىدا ھەر ئىنسان بۇنىڭ بىر ئويۇن ئىكەنلىكىنى ئاسانلا بىلىۋالالايدۇ. لېكىن قارىماققا ئارزۇلىرىغا مۇۋاپىقتەك كۆرۈنگەنلىكى ئۈچۈن كۆپ ساندىكى كىشىلەر بۇنىڭ تەسىرىدىن ئۆزلىرىنى يوقىتىپ قويىدۇ. ئۇلار باشتا ئەقىللىرى بىلەن ھېس-تۇيغۇلىرى ئوتتۇرىسىدا كەسكىن كۈرەشلەرنىڭ بولۇۋاتقانلىقىنى بايقايدۇ. ئاندىن ھېس-تۇيغۇلىرى ئەقىللىرى ئۈستىدىن غالىپ كېلىدۇ ۋە تۇزاققا چۈشىدۇ. مەلۇم مۇددەتتىن كېيىن ئەڭ كىچىك تاسادىپىيلىقلارنىمۇ تۇزاقچىلارنىڭ كارامىتى دەپ قارايدۇ، ئۇلارغا بەندە بولىدۇ. ھەممىسى بۇ ئويۇننى ئوبدان بىلگەنلىكى ئۈچۈن ئۆزئارا بىر جىنايەتچىلەر گۇرۇھىدەك بىر-بىرىگە چىڭ باغلىنىدۇ.

ئاللاھقا يۈزلەنگەن ھەر ئىنسان بۇ تۇزاقلارنى ئۇچرىتىدۇ. بۇنداقلار كۆپىنچە ھېسسىياتچان كېلىدۇ. ئۇلارنىڭ ھېس-تۇيغۇلىرى ئەتراپىدا ئېتىلىۋاتقان خۇراپات بومبىلىرى بىلەن بىرلەشكەندە ئۇلارنىڭ تۇزاققا چۈشۈشى ئاسان بولىدۇ. نەتىجىدە نەسىللەر بويى ئاللاھنىڭ دىنىغا قىلىنغان

ئىلاۋەلەر بىلەن ئاللاھنىڭ دىنىدىن يىراقلاشقان، لېكىن ئاللاھنىڭ دىنىنى سۈيىئىستېمال قىلىدىغان بۈيۈك بىر جامائەت ئوتتۇرىغا چىقىدۇ.

ئەمدى مۇشرىكلارنى يېقىندىن تونۇشقا تىرىشايلى:

**ئا- مۇشرىك ئاللاھقا ئىشىنىدۇ**

مۇشرىك شېرىك كەلتۈرگۈچى دېگەن بولىدۇ. شېرىكلىكنىڭ مەيدانغا كېلىشى ئۈچۈن ئاز دېگەندە ئىككى نەرسە بولۇشى كېرەك. ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرگۈچى مۇشرىكنىڭ بىرىنچى ئىلاھى ھەر دائىم ئاللاھ بولىدۇ. ئۇنىڭ مۇشرىك بولۇش سەۋەبى بىر مەخلۇقنى ئاللاھقا خاس خۇسۇسىيەتلەر بىلەن سۈپەتلەشتىن ئىبارەتتۇر.

ھېچكىم ئاللاھقا باشقا بىرىنى شېرىك قىلىش ئۈچۈن ھەقىقىي بىر سەۋەب تاپالمايدۇ. لېكىن ئاللاھقا يېقىن ۋە مەنىۋى جەھەتتىن ياردەم قىلىدۇ، دەپ تەسەۋۋۇر قىلىنغان كىشىلەرنىڭ ئەتراپىدا جامائەت شەكىللىنىدۇ. بۇ جامائەتكە قوشۇلغانلار بەزى مەنپەئەتلەرنى كۆرىدۇ. ئەسلىدە بۇلارنى بىر جامائەتكە باغلاپ تۇرۇۋاتقان نەرسە ئەنە شۇنداق مەنپەئەتلەردۇر. تۆۋەندىكى ئايەت بىزگە مەسىلىنى تېخىمۇ ئېنىق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

**«وَقَالَ إِنَّمَا اتَّخَذْتُمْ مِنْ دُونِ اللَّهِ أَوْثَانًا مَوَدَّةَ بَيْنِكُمْ فِي الْحَيَاةِ الدُّنْيَا ثُمَّ يَوْمَ الْقِيَامَةِ يَكْفُرُ بَعْضُكُمْ بِبَعْضٍ وَيَلْعَنُ بَعْضُكُمْ بَعْضًا وَمَأْوَاكُمُ النَّارُ وَمَا لَكُمْ مِنْ نَاصِرِينَ»**

«ئىبراھىم مۇنداق دېدى: سىلەر ئاللاھنى قويۇپ بۇتلارغا چوقۇنۇۋاتىسىلەر. بۇنى بۇ دۇنيا ھاياتىدا ئاراڭلاردىكى دوستلۇقنى دەپلا قىلىۋاتىسىلەر. ئاندىن قىيامەت كۈنى بىر-بىرىڭلارنى ئىنكار قىلىسىلەر، بىر-

بىرىگىلارغا لەنەت ئوقۇيسىلەر. سىلەرنىڭ بىرىپ ئورۇنلىشىدىغان يېرىڭلار دوزاختۇر. سىلەرگە ھېچ ياردەمچى يوقتۇر»۔ ئەنكەبۇت 25/29.

ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ دىن نامى ئاستىدا مەنپەئەتنى ئاساس قىلىدىغان بىر گۇرۇھقا ئەزا بولغانلىقلىرىنى ئۆزلىرى ناھايىتى ياخشى بىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار ئاخىرەتتە ئاللاھنىڭ ئالدىدا مۇنۇ سۆزنى سۆزلىيەلمەيدۇ:

**«إِنَّمَا أَشْرَكَ آبَاؤُنَا مِنْ قَبْلُ وَكُنَّا ذُرِّيَّةً مِنْ بَعْدِهِمْ أَفَتُهْلِكُنَا بِمَا فَعَلَ الْمُبْطِلُونَ»**

«ئاتا۔بوۋىلىرىمىز ئىلگىرى شېرىك كەلتۈرگەن ئىدى، بىز بولساق ئۇلاردىن كېيىن كەلگەن بىر نەسىل ئىدۇق. باتىلغا چۆمگەن ئۇ كىشىلەرنىڭ قىلمىشلىرى تۈپەيلى بىزنى ھالاك قىلامسەن؟»۔ ئەئراف 173/7.

چۈنكى ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرگەنلەر

**«الَّذِينَ يَنْقُضُونَ عَهْدَ اللَّهِ مِنْ بَعْدِ مِيثَاقِهِ وَيَقْطَعُونَ مَا أَمَرَ اللَّهُ بِهِ أَنْ يُوصَلَ»**

«ئاللاھقا بەرگەن ئەھدىسى قەتئىيلىشىپ بولغاندىن كېيىن يېنىۋالغان، ئاللاھ بىرلەشتۈرۈشكە بۇيرۇغان نەرسىنى (يەنى ئاللاھ بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى) ئۈزۈۋەتكەن كىشىلەردۇر»۔ بەقەرە 27/2.

ئۇلار ئۆزلىرىنى ئاللاھ بىلەن ئالدىغان بولىدۇ. چۈنكى ئۇلار غايىلىرىنىڭ ئاللاھقا يېقىنلىشىش ئىكەنلىكىنى دەۋا قىلىدۇ. ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ:

«أَلَا لِلَّهِ الدِّينُ الْخَالِصُ وَالَّذِينَ اتَّخَذُوا مِن دُونِهِ أَوْلِيَاء مَا نَعْبُدُهُمْ إِلَّا لِيُقَرِّبُونَا إِلَى اللَّهِ زُلْفَى إِنَّ اللَّهَ يَحْكُمُ بَيْنَهُمْ فِي مَا هُمْ فِيهِ يَخْتَلِفُونَ إِنَّ اللَّهَ لَا يَهْدِي مَنْ هُوَ كَاذِبٌ كَفَّارٌ»

«بىلگىنكى، خالىس دىن ئاللاھنىڭ دىنىدۇر. ئاللاھدىن غەيرىينى ئۆزلىرىگە ھامىي قىلىۋالغانلار: ‹بىز ئۇلارغا بىزنى ئاللاھقا يېقىنلاشتۇرسۇن، دەپ ئىبادەت قىلىمىز › دەيدۇ. ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئۇلار ئىختىلاپ قىلىشقان نەرسە ئۈستىدە ھۆكۈم چىقىرىدۇ. ئاللاھ يالغانچىنى ۋە تۇزكورنى ھىدايەت قىلمايدۇ»- زۇمەر 3/39.

لېكىن بۇلارنىڭ ئۇلارنى ئاللاھقا يېقىنلاشتۇرىدىغانلىقىغا دائىر ھېچقانداق دەلىل يوق.

### ب- مۇشرىك ئاللاھقا ئىبادەت قىلىدۇ.

ھەج ۋە ئۆمرە ئىبادەتلىرىنىڭ تارىخى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامدىن باشلىنىدۇ. ھىجرىيىنىڭ 9- يىلىدا ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مىنادا خەلققە تۆۋەندىكى ئايەتنى ئوقۇپ خىتاب قىلغانغا قەدەر مەككە مۇشرىكلىرى بۇ ئىبادەتلەرنى ئۆزلۈكسىز قىلىپ كەلگەن ئىدى:

«يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا إِنَّمَا الْمُشْرِكُونَ نَجَسٌ فَلَا يَقْرَبُوا الْمَسْجِدَ الْحَرَامَ بَعْدَ عَامِهِمْ هَذَا»

«ئى مۇئمىنلار! شۈبھىسىزكى، مۇشرىكلار نىجىستۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار مۇشۇ يىلدىن كېيىن مەسجىدى ھەرەمگە يېقىنلاشمىسۇن»-تەۋبە 28/9.

ئەرەپاتتا تۇرۇش ھەج ئىبادىتىنىڭ تۈپ ئاساسىدۇر. لېكىن مەككىلىك مۇشرىكلار ئەرەپاتقا چىقمايتتى. ئەرەپات «ھىلل» دېيىلىدىغان يەردە يەنى مەككە چېگرىلىرىنىڭ تېشىدىدۇر. ئۇلار مۇنداق دەيتتى: «بىز ئىبراھىمنىڭ ئەۋلاتلىرىدۇرمىز. ھۆرمەتكە سازاۋەر كىشىلەردۇرمىز. كەئبىنىڭ باشقۇرغۇچىلىرى ۋە مەككىنىڭ يەرلىك خەلقىدۇرمىز. ئەرەبلەرنىڭ ئىچىدە بىزگە تەڭ بولالايدىغىنى يوق. ھېچكىم بىزنىڭ ئورنىمىزغا تەڭ كېلىدىغان بىر ئورۇنغا ئىگە ئەمەس. بىزنىڭ ھەققىمىزدە سۆزلەنگەن سۆزلەر ھېچقانداق ئەرەب ئۈچۈن سۆزلەنمىگەن. شۇڭا بىز ھېچقانداق يەرنى ھەرەمنى قەدىرلىگەندەك قەدىرلىمەيمىز. ئەكسىچە بولغاندا ئەرەبلەرنىڭ بىزگە بولغان ھۆرمىتى ئازلاپ كېتىدۇ»[13]. ئاللاھ تەئالا بۇنى مەنئى قىلغان ۋە ئۇ تولۇقسىزلىقنى تاماملاشقا بۇيرۇغان. ئۇ مۇنداق دەيدۇ:

**«وَأَتِمُّوا الْحَجَّ وَالْعُمْرَةَ لِلَّهِ»**

«ھەجنى ۋە ئۆمرىنى ئاللاھ ئۈچۈن تولۇق ئادا قىلىڭلار»- بەقەرە، 196/2.

ھەج مەۋسۇمى توغرۇلۇق بىر ئۆزگىرىش بولمىغان. بۇنى تۆۋەندىكى ئايەت ئوتتۇرىغا قويىدۇ:

**«الْحَجُّ أَشْهُرٌ مَعْلُومَاتٌ فَمَنْ فَرَضَ فِيهِنَّ الْحَجَّ فَلَا رَفَثَ وَلَا فُسُوقَ وَلَا جِدَالَ فِي الْحَجِّ»**

«ھەج بىلىنگۈچى ئايلاردىدۇر. كىم بۇ ئايلاردا ئېھرام باغلاپ ھەجنى ئۆزىگە پەرز قىلسا، بىلسۇنكى ھەج ئەسناسىدا ئەر-خوتۇن مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشكە، گۇناھ قىلىشقا ۋە جېدەللىشىشكە قەتئىي بولمايدۇ»- بەقەرە 197/2.

---

[13] - ئىبنى ھىشام، سىرەتۇننەبى، 216/1.

يۇقىرىدا دېگىنىمىزدەك، مەككىلىك مۇشرىكلار مەسجىدى ھەرەمنى ئىبادەتكە ئوچۇق تۇتقانلىقى، كەئبىنى مۇھاپىزەت قىلغانلىقى ۋە ھاجىلارغا سۇ تارقاتقانلىقىدەك ئىشلارنى قىلغانلىقى بىلەن پەخىرلىنەتتى.

## ج– مۇشرىك ۋەسىلىگە ئىشىنىدۇ.

مۇشرىك ئاللاھنى يەر يۈزىدىكى پادىشاھلارغا ئوخشىتىپ ئۆزىدىن يىراق دەپ ھېسابلايدۇ. پادىشاھ بىلەن كۆرۈشمەكچى بولغان كىشىنىڭ پادىشاھقا يېقىنلىقى بولغان بىرىنىڭ ۋاستىسى بىلەن كۆرۈشمەكچى بولغىنىدەك مۇشرىكمۇ ئاللاھقا يېقىنلىشىش ئۈچۈن ئۆزى ئاللاھقا يېقىن دەپ ئىشەنگەن بىرنى ۋەسىلە (ۋاستە) قىلىشنى ئارزۇ قىلىدۇ.

خرىستىئانلارنىڭ ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى ئاللاھنىڭ ئوغلى، مەككىلىك مۇشرىكلار بۇتلارنى ئاللاھنىڭ قىزلىرى [14]، ئۇلۇغلارنىڭ روھلىرىدىن ياردەم كۈتىدىغانلارنىڭ ئۇلارنى ئاللاھنىڭ خۇسۇسىي دوستلىرى دەپ قارىشى ئەنە شۇ ئېتىقاد تۈپەيلىدىن بولغان.

مۇشرىك، ۋەسىلە (ۋاستە) نى مەنىۋى كۈچكە ئىگە دەپ ھېسابلايدۇ، ئۇنىڭغا يېقىنلىقىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن قۇربانلىقلارنى سۇنىدۇ. ئۇنى خاتىرىلىگەن چېغىدا ھۆرمەت بىلەن تازىم قىلىدۇ. ئاللاھ بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمنى داۋاملاشتۇرسۇن دەپ ئۇنىڭ بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى داۋاملاشتۇرۇشقا تىرىشىدۇ. ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ:

**«وَمِنَ النَّاسِ مَنْ يَتَّخِذُ مِنْ دُونِ اللَّهِ أَنْدَادًا يُحِبُّونَهُمْ كَحُبِّ اللَّهِ»**

[14] ـ مۇھەممەد ئىبنى جەرىر ئەتتەبەرىي، جامىئۇ بەيان فىي تەفسىرلقۇرئان (تەپسىرى تەبەرى)، بېيرۇت 1992/1412، 11ـ جىلد، 519ـ بەت، نەجم سۈرىسى 19ـ ئايەت.

«ئىنسانلارنىڭ ئارىسىدا شۇنداق كىشىلەر باركى، ئۇلار ئاللاھدىن غەيرىينى ئەنداد قىلىۋالىدۇ، ئۇلارنى ئاللاھنى ياخشى كۆرگەندەك ياخشى كۆرىدۇ»- بەقەرە 165/2.

ئەندان نىددنىڭ كۆپلۈكىدۇر. نىدد ئاللاھقا ئوخشاش بەزى ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە دەپ قارالغان ۋە ئاللاھقا قارشى بىر قىسىم ئىشلارنى قىلالايدىغانلىقىغا ئېتىقاد قىلىنغان نەرسىدۇر[15]. بۇ ئايەتتىكى «نىد» يۇھىببۇنەھۇم « يُحِبُّونَهُمْ» دىكى ھۇم «هُمْ» ئالمىشىنىڭ دالالەت قىلىشى بىلەن ئۇ «كىشىلەر» نىڭ ئۇلۇغ زاتلىرىنى ئىپادىلەيدۇ. چۈنكى ھۇم ئەقىللىق مەخلۇقتا ئىشلىتىلىدىغان مۇزەككەر كۆپلۈك ئالماشتۇر.

ئۇ كىشىلەر ئاللاھنىڭ بۇ ئۇلۇغ زاتلارنىڭ كۆڭلىنى ئاياپدىغانلىقىغا، نۆۋىتى كەلگەندە بۇلارنىڭ ئاللاھقا ئاللاھ خالىمىغان بىر نەرسىنى قوبۇل قىلدۇرالايدىغانلىقىغا، ئۇلارنىڭ بۇ كۈچىنى ئاللاھدىن ئالغانلىقىغا ئىشىنىدۇ.

شۇنىڭدەك، مۇشرىكلار بۇ ۋەسىلە بولغۇچىلارنىڭ ئۆزلىرىگە شاپائەتچى بولىدىغانلىقىغىمۇ ئىشىنىدۇ. ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ:

«**فَمَنْ أَظْلَمُ مِمَّنِ افْتَرَى عَلَى اللَّهِ كَذِبًا أَوْ كَذَّبَ بِآيَاتِهِ إِنَّهُ لَا يُفْلِحُ الْمُجْرِمُونَ. وَيَعْبُدُونَ مِنْ دُونِ اللَّهِ مَا لَا يَضُرُّهُمْ وَلَا يَنْفَعُهُمْ وَيَقُولُونَ هَؤُلَاءِ شُفَعَاؤُنَا عِنْدَ اللَّهِ قُلْ أَتُنَبِّئُونَ اللَّهَ بِمَا لَا يَعْلَمُ فِي السَّمَاوَاتِ وَلَا فِي الْأَرْضِ سُبْحَانَهُ وَتَعَالَى عَمَّا يُشْرِكُونَ**»

«ئاللاھقا قارشى يالغان ئويدۇرغان ياكى ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى يالغان دېگەن كىشىدىنمۇ زالىم كىشى بارمۇ؟ بۇ جىنايەتنى ئۆتكۈزگەنلەر ھەرگىز مۇرادىغا يېتەلمەيدۇ.

---

[15] - ئىبنى مەنزۇر، لىسانۇل ئەرەب، (ن د د) ماددىسى. دارۇسسەدر، بېيرۇت، 3- توم، 420- بەت.

ئۇلار ئاللاھنى قويۇپ ئۆزلىرىگە پايدىمۇ يەتكۈزەلمەيدىغان، زىيانمۇ يەتكۈزەلمەيدىغان نەرسىلەرگە قۇل بولىدۇ ۋە: ‹بۇلار ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا بىزنىڭ شاپائەتچىلىمىزدۇر!› دېيىشىدۇ. ئېيتقىنكى: ‹ئاسمانلاردا ۋە زېمىندا ئاللاھ بىلمەي قالغان بىر نەرسە بولۇپ، سىلەر ئاللاھقا ئۇنى ئېيتىپ بېرەمسىلەر؟› ئاللاھ ئۇلار شېرىك قىلغان نەرسىلەردىن پاك ۋە ئۈستۈندۇر»ـ يۇنۇس 10/17ـ18.

16. پەيغەمبەرلەر ئىنسانلارنى پەقەت ئاللاھقىلا قۇل بولۇشقا چاقىرغان[16]. پەقەت ئاللاھقىلا قۇل بولغان كىشى ياردەمنىمۇ پەقەت ئاللاھدىنلا تىلەيدۇ. مۇسۇلمانلار ئوقۇغان نامازلىرىنىڭ ھەر رەكئىتىدە

«إِيَّاكَ نَعْبُدُ وَإِيَّاكَ نَسْتَعِينُ» **«ئى ئاللاھ! بىز پەقەت ساڭىلا قۇل بولىمىز ۋە پەقەت سەندىنلا ياردەم تىلەيمىز»** دەيدۇ.

ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ:

**«قُلْ إِنِّي نُهِيتُ أَنْ أَعْبُدَ الَّذِينَ تَدْعُونَ مِنْ دُونِ اللَّهِ لَمَّا جَاءَنِيَ الْبَيِّنَاتُ مِنْ رَبِّي وَأُمِرْتُ أَنْ أُسْلِمَ لِرَبِّ الْعَالَمِينَ. هُوَ الَّذِي خَلَقَكُمْ مِنْ تُرَابٍ ثُمَّ مِنْ نُطْفَةٍ ثُمَّ مِنْ عَلَقَةٍ ثُمَّ يُخْرِجُكُمْ طِفْلًا ثُمَّ لِتَبْلُغُوا أَشُدَّكُمْ ثُمَّ لِتَكُونُوا شُيُوخًا وَمِنْكُمْ مَنْ يُتَوَفَّىٰ مِنْ قَبْلُ وَلِتَبْلُغُوا أَجَلًا مُسَمًّى وَلَعَلَّكُمْ تَعْقِلُونَ. هُوَ الَّذِي يُحْيِي وَيُمِيتُ فَإِذَا قَضَىٰ أَمْرًا فَإِنَّمَا يَقُولُ لَهُ كُنْ فَيَكُونُ. أَلَمْ تَرَ إِلَى الَّذِينَ يُجَادِلُونَ فِي آيَاتِ اللَّهِ أَنَّىٰ يُصْرَفُونَ. الَّذِينَ كَذَّبُوا بِالْكِتَابِ وَبِمَا أَرْسَلْنَا بِهِ رُسُلَنَا فَسَوْفَ يَعْلَمُونَ. إِذِ الْأَغْلَالُ فِي أَعْنَاقِهِمْ وَالسَّلَاسِلُ يُسْحَبُونَ. فِي الْحَمِيمِ ثُمَّ فِي النَّارِ يُسْجَرُونَ.**

[16]ـ مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەرنىڭ بىرقانچىسى: ئەنئام 56/6؛ رەئد 36/13؛ ئەنبىيا 25/21؛ زۇمەر 11/39.

ثُمَّ قِيلَ لَهُمْ أَيْنَ مَا كُنْتُمْ تُشْرِكُونَ. مِنْ دُونِ اللَّهِ قَالُوا ضَلُّوا عَنَّا بَلْ لَمْ نَكُنْ نَدْعُو مِنْ قَبْلُ شَيْئًا كَذَلِكَ يُضِلُّ اللَّهُ الْكَافِرِينَ. ذَلِكُمْ بِمَا كُنْتُمْ تَفْرَحُونَ فِي الْأَرْضِ بِغَيْرِ الْحَقِّ وَبِمَا كُنْتُمْ تَمْرَحُونَ. ادْخُلُوا أَبْوَابَ جَهَنَّمَ خَالِدِينَ فِيهَا فَبِئْسَ مَثْوَى الْمُتَكَبِّرِينَ»

«ئى مۇھەممەد! مۇشرىكلارغا ئېيتقىنكى: «مەن رەببىمدىن ماڭا دەلىللەر كەلگەندە، سىلەرنىڭ ئاللاھنى قويۇپ دۇئا قىلىۋاتقان نەرسىلىرىڭلارغا قۇللۇق قىلىشتىن مەنئى قىلىندىم ۋە ئالەملەرنىڭ رەببىگە تەسلىم بولۇشقا بۇيرۇلدۇم».

ئاللاھ شۇنداق زاتكى، سىلەرنى تۇپراقتىن، ئاندىن ئۇرۇقلانغان تۇخۇمدىن، ئاندىن يېپىشقاق قاندىن ياراتتى، ئاندىن سىلەرنى ئاناڭلارنىڭ قارنىدىن بوۋاق ھالىتىڭلاردا چىقىرىدۇ، ئاندىن سىلەرنى قىرانلىق چېغىڭلارغا يەتكۈزىدۇ، ئاندىن قېرىتىدۇ. ئۇ بەزىڭلارنى بۇرۇن ئۆلتۈرىدۇ، بەزىڭلارنى بەلگىلەنگەن ئەجەلگە يەتكۈزىدۇ. ئەقلىڭلارنى ئىشلەتكەيسىلەر!

ئاللاھ شۇنداق زاتكى، تىرىلدۈرىدۇ، ئۆلتۈرىدۇ. ئۇ بىر نەرسە يارىتىشقا ھۆكۈم قىلسا ئۇنىڭغا پەقەتلا «بول» دەيدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ نەرسە بولىدۇ.

ئاللاھنىڭ ئايەتلىرى ئۈستىدە تارتىشىدىغانلارنى كۆرمىدىڭمۇ؟ ئۇلار ھەقتىن قانداقمۇ بۇرۇلۇپ كېتىدىغاندۇ؟ ئۇلار كىتابنى ۋە بىز ئەلچىلىرىمىزگە ئەۋەتكەن نەرسىلەرنى يالغان دېگەن كىشىلەردۇر. ئۇلار يېقىندا بىلىپ قالىدۇ.

ئۇ چاغدا ئۇلارنىڭ بويۇنلىرىغا تاقاقلار ۋە زەنجىرلەر سېلىنىدۇ. ئۇلار سۆرىلىدۇ، قايناق سۇ ئىچىدۇ. ئاندىن ئۇلار ئوتتا كۆيدۈرۈلىدۇ. ئاندىن ئۇلارغا مۇنداق دېيىلىدۇ: «چوقۇنغان نەرسىلىرىڭلار قەيەردە؟ ئاللاھتىن باشقا؟».

ئۇلار مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلار بىزنى تاشلىۋەتتى. بەلكى بىز ئىلگىرى ھېچ نەرسىگە دۇئا قىلمايتتۇق». ئاللاھ كاپىرلارنى مانا مۇشۇنداق ئازدۇرىدۇ.

ئۇلارغا مۇنداق دېيىلىدۇ: ‹بۇ ئازاب سىلەرنىڭ زېمىندا ھەقسىز رەۋىشتە كۆرەڭلىگەنلىكىڭلار ئۈچۈندۇر، ھاكاۋۇرلۇق قىلغانلىقىڭلار ئۈچۈندۇر. جەھەننەمنىڭ دەرۋازىلىرىدىن كىرىڭلار، ئۇنىڭ ئىچىدە مەڭگۈ قالىسىلەر ›. ئۆزلىرىنى چوڭ تۇتقۇچىلارنىڭ جايى نېمىدېگەن يامان!»- مۇئمىن 40/66-76.

ئىسلامدىن باشقا پۈتۈن دىنلاردا ۋەسلىچىلىك (ۋاستىچىلىك) ئېتىقادى بار. ۋەسلە قىلىنغان نەرسىلەرنىڭ ئىسىملىرىنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن دىنلارنىڭ ئىسمى ئۆزگىرىدۇ. ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ:

**«وَلَقَدْ خَلَقْنَا الْإِنسَانَ وَنَعْلَمُ مَا تُوَسْوِسُ بِهِ نَفْسُهُ وَنَحْنُ أَقْرَبُ إِلَيْهِ مِنْ حَبْلِ الْوَرِيدِ»**

«شۈبھىسىزكى، ئىنساننى بىز ياراتتۇق، بىز ئۇنىڭ كۆڭلىگە كەلگەننى بىلىمىز، بىز ئۇنىڭغا جان تومۇرىدىنمۇ يېقىندۇرمىز»- قاف 16/50.

**د– مۇشرىك ۋەسلىنىڭ شاپائىتىگە ئىشىنىدۇ.**

ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ:

**«وَيَعْبُدُونَ مِنْ دُونِ اللَّهِ مَا لَا يَضُرُّهُمْ وَلَا يَنْفَعُهُمْ وَيَقُولُونَ هَؤُلَاءِ شُفَعَاؤُنَا عِنْدَ اللَّهِ قُلْ أَتُنَبِّئُونَ اللَّهَ بِمَا لَا يَعْلَمُ فِي السَّمَاوَاتِ وَلَا فِي الْأَرْضِ سُبْحَانَهُ وَتَعَالَى عَمَّا يُشْرِكُونَ»**

«ئۇلار ئاللاھنى قويۇپ ئۆزلىرىگە پايدىمۇ يەتكۈزەلمەيدىغان، زىيانمۇ يەتكۈزەلمەيدىغان نەرسىلەرگە قۇل بولىدۇ ۋە: ‹بۇلار ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا بىزنىڭ شاپائەتچىلىرىمىزدۇر!› دېيىشىدۇ. ئېيتقىنكى: ‹ئاسمانلاردا ۋە زېمىندا ئاللاھ بىلمەي قالغان بىر نەرسە بولۇپ، سىلەر ئاللاھقا ئۇنى ئېيتىپ بېرەمسىلەر؟› ئاللاھ ئۇلار شېرىك قىلغان نەرسىلەردىن پاك ۋە ئۈستۈندۇر»- يۇنۇس 18/10.

**ئە– مۇشرىك مۇشرىكلىقنى رەت قىلىدۇ.**

مۇشرىكلار ئەسلى غايىلىرىنىڭ ئاللاھقا يېقىنلىشىش ئىكەنلىكىنى ئېيتىدۇ. بۇ مەقسەتتە ئۆزلىرىچە ئاللاھقا يېقىن دەپ تەسەۋۋۇر قىلغان بەزى مەخلۇقلارغا ۋاستىچىلىك ۋە شاپائەتچىلىك ۋەزىپىسىنى يۈكلەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار بىر نەرسىنى ئاللاھقا يۈتۈنلەي ئوخشاش دەپ قارىمىغانلىقىنى ئويلايدۇ. ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ:

**«وَيَوْمَ نَحْشُرُهُمْ جَمِيعًا ثُمَّ نَقُولُ لِلَّذِينَ أَشْرَكُوا أَيْنَ شُرَكَاؤُكُمُ الَّذِينَ كُنْتُمْ تَزْعُمُونَ . ثُمَّ لَمْ تَكُنْ فِتْنَتُهُمْ إِلَّا أَنْ قَالُوا وَاللَّهِ رَبِّنَا مَا كُنَّا مُشْرِكِينَ. انْظُرْ كَيْفَ كَذَبُوا عَلَى أَنْفُسِهِمْ وَضَلَّ عَنْهُمْ مَا كَانُوا يَفْتَرُونَ»**

«بىز قىيامەت كۈنى ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى بىر يەرگە يىغىپ ئاندىن مۇشرىكلارغا: ‹سىلەر ئاللاھنىڭ شېرىكلىرى دەپ ئېتىقاد قىلغان شېرىكلىرىڭلار قەيەردە؟› دەيمىز،

ئاندىن ئۇلارنىڭ يالغان جاۋابى مۇنداق بولىدۇ: ‹رەببىمىز! ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، بىز مۇشرىك ئەمەس ئىدۇق›.

قارىغىنى، ئۇلار ئۆزلىرىگە قارشى قانداق يالغان سۆزلىدى ۋە ئويدۇرغان نەرسىلىرى ئۆزلىرىدىن ئېزىپ كەتتى»ـ ئەنئام 22/6ـ24.

مۇشرىكلار يۇقىرىدىكىدەك ئىككى تەرەپلىمە پوزىتسىيىلىرىنى بۇ دۇنيادىمۇ كۆرسىتىدۇ. مەككىلىك مۇشرىكلارنىڭ كەئبىنى تاۋاپ قىلىشىۋېتىپ قىلغان مۇنۇ سۆزلىرى بۇنى كۆرسىتىدۇ:

**«لَبَّيْكَ لاَ شَرِيْكَ لَكَ إِلاَّ شَرِيْكٌ هُوَ لَكَ تمَلِكُهُ وَ مَا مَلَكَ»**

«لەببەيك لا شەرىيكە لەك ئىللا شەرىكەن ھۇۋە لەك تەملىكۇھۇ ۋە ما مەلەك»

«خوش، مەن ئەمرىڭنى بەجا كەلتۈرۈشكە ھازىرمەن ئى ئاللاھ! سېنىڭ ھېچ شېرىكىڭ يوق، پەقەتلا بىر شېرىكىڭ بار، ئۇ ۋە ئۇ ئىگە بولغان ھەممە نەرسە سېنىڭ ئىلكىڭدە ئى ئاللاھ!»[17].

مۇشرىكلارنىڭ زېھنى بەك چېچىلاڭغۇ بولىدۇ. «ئۇ ۋە ئۇ ئىگە بولغان ھەممە نەرسە سېنىڭ ئىلكىڭدە ئى ئاللاھ!» دېيىش بىلەن ئۆزلىرىنى قۇتقۇزىدىغانلىقىنى ئويلايدۇ. قۇتۇب، غەۋس ۋە ئەۋتاد دېگەندەك ئۇنۋانلار بىلەن سۈپەتلىگەن كىشىلىرىگە ئادەتتىن تاشقىرى ئىلاھىدىلىكلەرنى ئويدۇرۇپ چىققان تەرىقەتچىلەرمۇ شۇنداق.

ئۇلارمۇ ئۇ ئۇلۇغلىرىغا سالاھىيەت ۋە ھوقۇقلىرىنى ئاللاھنىڭ بەرگەنلىكىنى سۆزلەپ قويۇش بىلەن قۇتۇلىدىغانلىقىنى ئويلايدۇ.

مۇشرىكلارنىڭ ئۆزلىرىنى ھەق يولدا كۆرىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدىغان مۇنۇ ئايەت ئۈستىدە پىكىر يۈگۈرۈش كېرەك:

[17] ـ كەئبىنىڭ ئەتراپىدىكى ھەر بىر بۇت بىر قەبىلىگە ئائىت ئىدى. ھەر مۇشرىك ئۆز قەبىلىسىنىڭ بۇتىنىڭ ۋەسىلىسى بىلەن ئاللاھقا يەتكىلى بولىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئاللاھقا «سېنىڭ پەقەتلا بىر شېرىكىڭ بار» دېگەن چېغىدا ئۆز بۇتىنى مەقسەت قىلاتتى.

«فَرِيقًا هَدَى وَفَرِيقًا حَقَّ عَلَيْهِمُ الضَّلَالَةُ إِنَّهُمُ اتَّخَذُوا الشَّيَاطِينَ أَوْلِيَاءَ مِنْ دُونِ اللَّهِ وَيَحْسَبُونَ أَنَّهُمْ مُهْتَدُونَ»

«ئاللاھ ئىنسانلاردىن بىر گۇرۇھنى ھىدايەت قىلدى، يەنە بىر گۇرۇھقا گۇمراھلىق تېگىشلىك بولدى . چۈنكى ئۇلار ئاللاھنى قويۇپ، شەيتانلارنى ئەۋلىيالار (دوستلار) قىلىۋالدى. شۇنداق تۇرۇقلۇق ئۇلار ئۆزلىرىنى توغرا يولدا كۆرىدۇ»- ئەئراف 30/7.

«وَمَن يَعْشُ عَن ذِكْرِ الرَّحْمَنِ نُقَيِّضْ لَهُ شَيْطَاناً فَهُوَ لَهُ قَرِينٌ. وَإِنَّهُمْ لَيَصُدُّونَهُمْ عَنِ السَّبِيلِ وَيَحْسَبُونَ أَنَّهُم مُّهْتَدُونَ»

«كىم رەھماننىڭ زىكرىدىن يۈز ئۆرۈسە، ئۇنىڭغا بىر شەيتان مۇسەللەت قىلىمىز. شۇنىڭ بىلەن بۇ شەيتان ئۇنىڭ ھەمراھى بولىدۇ.

شەيتانلار ئۇلارنى توغرا يولدىن توسىدۇ، ئۇلار ئۆزلىرىنى توغرا يولدا، دەپ ئويلايدۇ»- زۇخرۇف 43/36-37.

«وَإِذَا حُشِرَ النَّاسُ كَانُوا لَهُمْ أَعْدَاءً وَكَانُوا بِعِبَادَتِهِمْ كَافِرِينَ»

«ئىنسانلار ھەشىر قىلىنغان چاغدا، ئۇ كىشىلەر بۇلارغا دۈشمەن بولىدۇ ۋە ئۆزلىرىنىڭ بۇلار تەرىپىدىن ئىبادەت قىلىنغانلىقىنى ئىنكار قىلىدۇ»- ئەھقاف 6/46.

«وَيَوْمَ تَقُومُ السَّاعَةُ يُبْلِسُ الْمُجْرِمُونَ. وَلَمْ يَكُنْ لَهُمْ مِنْ شُرَكَائِهِمْ شُفَعَاءُ وَكَانُوا بِشُرَكَائِهِمْ كَافِرِينَ»

«قىيامەت قايىم بولغان كۈندە گۇناھكارلار ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە جىمىپ كېتىدۇ.

ئۇلار ئاللاھقا شېرىك قىلغان نەرسىلىرىنىڭ ھېچبىرىدىن شاپائەت كۆرمەيدۇ ۋە ئاللاھقا شېرىك قىلغان نەرسىلەرنىڭ ئىلاھلىقىنى ئىنكار قىلىدۇ»۔رۇم 30/12۔13.

**ى– ۋەسىلە قىلىنغۇچىلار ۋەسىلە قىلغۇچىلارنى رەت قىلىدۇ.**

ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ:

**«وَيَوْمَ نَحْشُرُهُمْ جَمِيعًا ثُمَّ نَقُولُ لِلَّذِينَ أَشْرَكُوا مَكَانَكُمْ أَنْتُمْ وَشُرَكَاؤُكُمْ فَزَيَّلْنَا بَيْنَهُمْ وَقَالَ شُرَكَاؤُهُمْ مَا كُنْتُمْ إِيَّانَا تَعْبُدُونَ. فَكَفَى بِاللَّهِ شَهِيدًا بَيْنَنَا وَبَيْنَكُمْ إِنْ كُنَّا عَنْ عِبَادَتِكُمْ لَغَافِلِينَ»**

«بىز قىيامەت كۈنى ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى بىر يەرگە يىغىپ ئاندىن مۇشرىكلارغا: ‹سىلەر ۋە بىزگە شېرىك قىلغان مەبۇدلىرىڭلار ئورنۇڭلاردا مىدىرلىماي تۇرۇڭلار › دەيمىز. ئاندىن ئۇلارنىڭ ئارىسىنى ئايرىۋېتىمىز. بۇ چاغدا ئۇلار بىزگە شېرىك قىلغان مەبۇدلىرى مۇنداق دەيدۇ: ‹سىلەر بىزگە چوقۇنمىغان ئىدىڭلار،

سىلەر بىلەن ئارىمىزدا ئاللاھ يېتەرلىك شاھىتتۇركى، بىز سىلەرنىڭ بىزگە چوقۇنىشىڭلاردىن ھەقىقەتەن خەۋەرسىز ئىدۇق ›»۔ يۇنۇس 28/10۔29.

**«وَاتَّخَذُوا مِنْ دُونِ اللَّهِ آلِهَةً لِيَكُونُوا لَهُمْ عِزًّا. كَلَّا سَيَكْفُرُونَ بِعِبَادَتِهِمْ وَيَكُونُونَ عَلَيْهِمْ ضِدًّا»**

«ئۇلار ئىززەت تاپىمىز دەپ ئاللاھ بىلەن ئۆزى ئارىسىغا قويغان ئويدۇرما ئىلاھلارغا چوقۇندى.

ئەكسىچە، ئۇ ئۇيدۇرما ئىلاھلار ئۇ مۇشرىكلارنىڭ ئۆزلىرىگە چوقۇنىشىنى ئىنكار قىلىدۇ ۋە ئۇلارغا دۈشمەن بولىدۇ»- مەريەم 81/19- 82.

**گ– ئەقىل شېرىكنى رەت قىلىدۇ.**

ئەقىلنى ئىشلەتكەن كىشى شېرىكنى قوبۇل قىلمايدۇ. مۇشرىكلارنىڭ بۇ جەھەتتىكى بىردىنبىر دەلىلى ئەنئەنەدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن قۇرئان ئىنسانىنى ئەقىلنى ئىشلىتىشكە چاقىرىدۇ. ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ:

**«وَيَجْعَلُ الرِّجْسَ عَلَى الَّذِينَ لاَ يَعْقِلُونَ»**

«ئاللاھ پاسكىنىچىلىقنى ئەقلىنى ئىشلەتمەيدىغانلارنىڭ ئۈستىدە قىلىدۇ»- يۇنۇس 100/10.

شۇنىڭدەك، قۇرئان ئەنئەنىلەر ئەقىل سۈزگۈچىدىن ئۆتكۈزۈشكە چاقىرىدۇ. ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ:

**«وَإِذَا قِيلَ لَهُمْ تَعَالَوْا إِلَى مَا أَنْزَلَ اللَّهُ وَإِلَى الرَّسُولِ قَالُوا حَسْبُنَا مَا وَجَدْنَا عَلَيْهِ آبَاءَنَا أَوَلَوْ كَانَ آبَاؤُهُمْ لَا يَعْلَمُونَ شَيْئًا وَلَا يَهْتَدُونَ»**

«ئۇلارغا ئاللاھ نازىل قىلغان ۋە پەيغەمبەر بايان قىلغان ھۆكۈمگە كېلىڭلار دېيىلسە، ‹ئاتا-بوۋىلىرىمىزنىڭ يولى بىزگە كۇپايە› دەيدۇ. ئۇلار ئاتا-بوۋىلىرى ھېچ نەرسە بىلمەيدىغان ۋە ھىدايەت تاپمىغان تۇرسىمۇ يەنىلا شۇنداق قىلامدۇ؟»- مائىدە 104/5.

مۇشرىكلىق ئاساسسىز بىر خام-خىيالدىن ئىبارەتتۇر. ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ:

**«أَلا إِنَّ لِلَّهِ مَن فِي السَّمَاوَات وَمَن فِي الأَرْضِ وَمَا يَتَّبِعُ الَّذِينَ يَدْعُونَ مِن دُونِ اللَّهِ شُرَكَاء إِن يَتَّبِعُونَ إِلاَّ الظَّنَّ وَإِنْ هُمْ إِلاَّ يَخْرُصُونَ»**

«بىلىڭلاركى، ئاسمانلاردا ۋە زېمىندا كىم بولسا ھەممىسى ئاللاھنىڭدۇر. ئاللاھدىن باشقىسىغا دۇئا قىلىدىغانلار شېرىكلەرگە ئەگەشمەيدۇ. ئۇلار پەقەت گۇمانغىلا ئەگىشىدۇ. ئۇلار پەقەت تەخمىنگىلا ئاساسلىنىدۇ»- يۇنۇس 66/10.

شېرىك توغرىسىدا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالاممۇ ئاگاھلاندۇرۇلغان. ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ:

**«وَلَا يَصُدُّنَّكَ عَنْ آيَاتِ اللَّهِ بَعْدَ إِذْ أُنْزِلَتْ إِلَيْكَ وَادْعُ إِلَىٰ رَبِّكَ وَلَا تَكُونَنَّ مِنَ الْمُشْرِكِينَ. وَلَا تَدْعُ مَعَ اللَّهِ إِلَٰهًا آخَرَ لَا إِلَٰهَ إِلَّا هُوَ كُلُّ شَيْءٍ هَالِكٌ إِلَّا وَجْهَهُ لَهُ الْحُكْمُ وَإِلَيْهِ تُرْجَعُونَ»**

«ئاللاھنىڭ ئايەتلىرى ساڭا نازىل قىلىنغاندىن كېيىن ئۇلار سېنى ئۇ ئايەتلەردىن توسىمىسۇن، رەببىڭگە دەۋەت قىل، مۇشرىكلاردىن بولما،

ئاللاھقا قوشۇپ باشقا بىر ئىلاھقىمۇ دۇئا قىلما. ئاللاھتىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، ئۇنىڭ زاتىدىن باشقا ھەممە نەرسە يوق بولىدۇ. ھۆكۈمنى پەقەتلا ئۇ چىقىرىدۇ. سىلەر ئۇنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر»- قەسەس 87/28–88.

بۇ توغرىدا مەلۇماتى بولغان ھەر كىشى ئاگاھلاندۇرۇلغان. ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ:

**«فَلَوْلَا كَانَ مِنَ الْقُرُونِ مِنْ قَبْلِكُمْ أُولُو بَقِيَّةٍ يَنْهَوْنَ عَنِ الْفَسَادِ فِي الْأَرْضِ إِلَّا قَلِيلًا مِمَّنْ أَنْجَيْنَا مِنْهُمْ وَاتَّبَعَ الَّذِينَ ظَلَمُوا مَا أُتْرِفُوا فِيهِ وَكَانُوا مُجْرِمِينَ. وَمَا كَانَ رَبُّكَ لِيُهْلِكَ الْقُرَى بِظُلْمٍ وَأَهْلُهَا مُصْلِحُونَ»**

«سىلەردىن بۇرۇنقى ئۈممەتلەرنىڭ ئىچىدە، يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلىشتىن مەنئى قىلىدىغان پەزىلەتلىك كىشىلەرنىڭ بولۇشى لازىم ئەمەسمىدى! ئۇلاردىن بىز قۇتقۇزغان ئازغىنە كىشىلەر بۇنىڭدىن مۇستەسنا. زالىملار بولسا، ئۆزلىرىنى ئەركىلەتكەن باياشاتلىقتا بېرىلىپ ئېغىر جىنايەتلەرنى ئۆتكۈزدى. بولمىسا رەببىڭ ياخشى كىشىلەرنىڭ يۇرتلىرىنى ھەرگىزمۇ زۇلۇم بىلەن ھالاك قىلمايدۇ»۔ ھۇد 116/11–117.

**«وَأَنْذِرْ بِهِ الَّذِينَ يَخَافُونَ أَنْ يُحْشَرُوا إِلَى رَبِّهِمْ لَيْسَ لَهُمْ مِنْ دُونِهِ وَلِيٌّ وَلَا شَفِيعٌ لَعَلَّهُمْ يَتَّقُونَ»**

«ئۆزلىرىگە رەببىدىن باشقا ھېچقانداق دوست ۋە ھېچقانداق شاپائەتچى بولمىغان بىر ھالەتتە ئۇ رەببىنىڭ دەرگاھىغا يىغىلىشتىن قورقىدىغانلارنى قۇرئان بىلەن ئاگاھلاندۇرغىن. بەلكى ئۇلار تەقۋادارلىق قىلار»۔ ئەنئام 51/6.

**«وَأَنِ احْكُمْ بَيْنَهُمْ بِمَا أَنْزَلَ اللَّهُ وَلَا تَتَّبِعْ أَهْوَاءَهُمْ وَاحْذَرْهُمْ أَنْ يَفْتِنُوكَ عَنْ بَعْضِ مَا أَنْزَلَ اللَّهُ إِلَيْكَ فَإِنْ تَوَلَّوْا فَاعْلَمْ أَنَّمَا يُرِيدُ اللَّهُ أَنْ يُصِيبَهُمْ بِبَعْضِ ذُنُوبِهِمْ وَإِنَّ كَثِيرًا مِنَ النَّاسِ لَفَاسِقُونَ. أَفَحُكْمَ الْجَاهِلِيَّةِ يَبْغُونَ وَمَنْ أَحْسَنُ مِنَ اللَّهِ حُكْمًا لِقَوْمٍ يُوقِنُونَ»**

«ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئاللاھ ساڭا نازىل قىلغان قۇرئان بىلەن ھۆكۈم قىلغىن، ئۇلارنىڭ نەپسى خاھىشلىرىغا ئەگەشمىگىن، ئۇلارنىڭ ئاللاھ ساڭا نازىل قىلغان قۇرئاننىڭ بىر قىسمىدىن سېنى ۋاز كەچتۈرۈشىدىن ساقلانغىن. ئەگەر ئۇلار يۈز ئۆرۈسە بىلگىنكى، ئاللاھ ئۇلارغا بەزى گۇناھلىرى يۈزىسىدىن مۇسىبەت يەتكۈزۈشنى ئىرادە قىلىدۇ. شۈبھىسىزكى، ئىنسانلارنىڭ تولىسى ھەقىقەتەن يولدىن چىققۇچىلاردۇر.

ياكى ئۇلار جاھىلىيەت دەۋرىنىڭ ھۆكمىنى تەلەپ قىلامدۇ؟ ھەقىقىي ئىشىنىدىغان قەۋمنىڭ ئۈچۈن ئاللاھنىڭ ھۆكمىدىن ياخشى ياخشى ھۆكۈم بارمۇ؟»- مائىدە 49/5-50.

«أَلَمْ يَأْنِ لِلَّذِينَ آمَنُوا أَنْ تَخْشَعَ قُلُوبُهُمْ لِذِكْرِ اللَّهِ وَمَا نَزَلَ مِنَ الْحَقِّ وَلَا يَكُونُوا كَالَّذِينَ أُوتُوا الْكِتَابَ مِنْ قَبْلُ فَطَالَ عَلَيْهِمُ الْأَمَدُ فَقَسَتْ قُلُوبُهُمْ وَكَثِيرٌ مِنْهُمْ فَاسِقُونَ»

«مۇئمىنلارغا، ئاللاھنىڭ زىكرىگە ۋە نازىل بولغان ھەقىقەتكە قەلبلىرى ئېرىيدىغان، ئىلگىرى كىتاب بېرىلىپ زامانىنىڭ ئۇزۇرىشى بىلەن قەلبلىرى قېتىپ كەتكەن كىشىلەردەك بولمايدىغان ۋاقىت كەلمىدىمۇ؟ ئۇلارنىڭ تولىسى يولدىن چىققۇچىلار ئىدى»- ھەدىد 16/57.

# ئىككىنچى بۆلۈم

## ۋەسلىچىلىك ئېتىقادى

قۇرئاننىڭ شېرىك بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئايەتلىرىدە چوقۇنۇلغان ۋە ياردەم تەلەپ قىلىنغان خىيالىي ئىلاھلارنىڭ ئورنى مىن دونىللاھ «**من دون الله**» ئۇقۇمى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. دۇن- لۇغەتتە ئۈستۈننىڭ ئەكسى، ئەڭ ئۆستۈن مەرتىۋىدىن بېرى، ئۇنىڭدىن تۆۋەنراق، باشقا ۋە ئەڭ يېقىن دېگەن مەنىلەردە كېلىدۇ [18]. ئاللاھنىڭ دۇنىدىن دېمەك- ئاللاھتىن تۆۋەن سەۋىيەدە دېگەن بولىدۇ.

مۇشرىكلار ئاللاھنى بىر پادىشاھقا ئوخشاش ئۆزلىرىگە يىراق دەپ ھېسابلايدۇ. ئۇنىڭغا يېقىنلىشىش ئۈچۈن ئۆزلىرى ئاللاھقا يېقىن دەپ بىلگەن نەرسە ۋە كىشىلەرنى ۋەسىلە قىلىدۇ. خرىستىئانلارنىڭ ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى ئاللاھنىڭ ئوغلى، مەككە مۇشرىكلىرىنىڭ چوقۇنغان روھانىيلىرىنى ئاللاھنىڭ قىزلىرى [19]، بەزى كىشىلەرنىڭ بەزى كىشىلەرنى ئاللاھنىڭ دوستلىرى، ئەۋلىيالار دەپ ئاتاشلىرى مۇشۇ سەۋەبتىن بولغان.

---

[18] - دۇن «**دون**» كەلىمىسى توغرۇلۇق «قامۇس تەرجىمىسى» دە مۇنۇ ئىپادىلەر زىكىر قىلىنىدۇ: دۇن «**دون**» فەۋق « **فوق**» نىڭ زىددىدۇر. ئەڭ يۇقىرى مەرتىۋىدىن بېرى، ئۇنىڭدىن تۆۋەنراق دېگەن بولىدۇ. بەزىلەر بۇنى « **دنو**» دىكى ھەرىپلەرنىڭ ئورۇن ئالماشتۇرۇشى بىلەن شەكىللەنگەن، دېيىشىدۇ. بۇ كەلىمە غەير «**غير**» مەنىسىدىمۇ كېلىدۇ. ئەڭ يېقىن «**أقرب**» مەنىسىدىمۇ زەرف بولۇپ كېلىدۇ. ئۇنىڭغا بەك يېقىن دېگەن مەنانى ئىپادىلەش ئۈچۈن « **هذا دونه** » دېيىلىدۇ. دۇن كەلىمىسىگە «**قبل** (ئىلگىرى)» مەناسىمۇ بېرىلىدۇ. بىر نەرسە يەنە بىرىدىن بىرئاز تۆۋەندە بولسا ھازا دۇنە زاكە «**هذا دون ذاك** » دېيىلىدۇ- (فىرۇز ئابادى، قامۇس تەرجىمىسى. مۇتەرجىم ئاسىم، بەھرىيە مەتبەئەسى 1305).

[19] - مۇھەممەد ئىبنى جەرىر ئەتتەبەرىي، جامىئۇ بەيان فىي تەفسىرلقۇرئان (تەپسىرى تەبەرى)، بېيرۇت 1992/1412، 11- جىلد، 519- بەت، نەجم سۈرىسى 19- ئايەت.

مۇشرىكلار ئاللاھنىڭ زاتىغا شېرىك كەلتۈرمەيدۇ، يەنى مۇشرىكلار بىردىن ئارتۇق ئاللاھنىڭ بارلىقىنى دەۋا قىلمايدۇ. ئۇلارنىڭ دەۋاسى سۈپەتتە ئورتاقلىقتۇر. يەنى ئۇلار ئاللاھقا ۋەسىلە قىلغان كىشىلىرىگە ئاللاھقا خاس بەزى ئالاھىدىلىكلەرنى يۈكلەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنى ئۆلمەس دەپ قارايدۇ. ئادەتتىن تاشقىرى ئاڭلاش، كۆرۈش، ھېس قىلىش ۋە ياردەمدە بولۇش ئىقتىدارىغا ئىگە دەپ قارايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە خۇسۇسىيەتلەرنى ۋە پۈتۈن ھوقۇقلارنى ئۇلارغا ئاللاھنىڭ بەرگەنلىكىگە ئىشىنىدۇ. مەككىلىك مۇشرىكلار كەبىنى تاۋاپ قىلىۋېتىپ مۇنداق دەيتتى:

**«لَبَّيْكَ لاَ شَرِيْكَ لَكَ إِلاَّ شَرِيْكٌ هُوَ لَكَ تَمْلِكُهُ وَ مَا مَلَكَ»**

«لەببەيك لا شەرىيكە لەك ئىللا شەرىكەن ھۇۋە لەك تەملىكۇھۇ ۋە ما مەلەك»


«خوش، مەن ئەمرىڭنى بەجا كەلتۈرۈشكە ھازىرمەن ئى ئاللاھ! سېنىڭ ھېچ شېرىكىڭ يوق، پەقەتلا بىر شېرىكىڭ بار، ئۇ ۋە ئۇ ئىگە بولغان ھەممە نەرسە سېنىڭ ئىلكىڭدە ئى ئاللاھ!»

بۇنى بىزگە نەقىل قىلغان ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ئۇلار «لەببەيك لا شەرىيكە لەك- خوش، مەن ئەمرىڭنى بەجا كەلتۈرۈشكە ھازىرمەن ئى ئاللاھ! سېنىڭ ھېچ شېرىكىڭ يوق» دېگەن ۋاقىتلىرىدا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام: «ئىسىت سىلەرگە! بۇ يەردە توختىتىڭلار، بۇ يەردە توختىتىڭلار» دەيتتى[20].

---

[20] - مۇسلىم، ھەج 22، ھەدىس نومۇرى 1185.

شېرىكنىڭ قۇرۇلمىسىنى تۆۋەندىكى شەكىلدىكىدەك كۆرسىتىشكە بولىدۇ:




## شېرىكنىڭ ئومۇمىي قۇرۇلمىسى

رەسىمدە كۆرسىتىلگەن ھالقىلىق نۇقتىلار ئۈستىدە توختىلايلى:

1 ـ **توغرا يول.** بۇ ئاللاھ خالىغان يولدۇر. توغرا ئېتىقادقا ئىگە بولغان ۋە توغرا ئەمەل بىلەن شۇغۇللانغان ھەر قانداق كىشى ئۇ يولغا كىرگەن بولىدۇ. توغرا ئەمەل قىلىش دېگەنلىك ئاللاھ خالىغان شەكىلدە ھەرىكەت قىلىش دېگەنلىك بولىدۇ. ئاللاھ كىشىگە جان تومۇرىدىنمۇ يېقىندۇر.

توغرا يول ئىبلىسنىڭ يەنى شەيتاننىڭ ئەسلى پائالىيەت قىلىش ساھەسىدۇر. ئۇ ئاللاھدىن مۆھلەت ئالغان چېغىدا مۇنداق دېگەن ئىدى:

**«فَبِمَا أَغْوَيْتَنِي لَأَقْعُدَنَّ لَهُمْ صِرَاطَكَ الْمُسْتَقِيمَ . ثُمَّ لَآتِيَنَّهُمْ مِنْ بَيْنِ أَيْدِيهِمْ وَمِنْ خَلْفِهِمْ وَ عَنْ أَيْمَانِهِمْ وَ عَنْ شَمَائِلِهِمْ وَلَا تَجِدُ أَكْثَرَهُمْ شَاكِرِينَ»**

«سەن مېنى ئازدۇرغانلىقىڭ ئۈچۈن مەن چوقۇم ئۇلار ئۈچۈن سېنىڭ توغرا يولۇڭدا ئولتۇرىمەن.

ئاندىن كېيىن چوقۇم ئۇلارغا ئالدىلىرىدىن، ئارقىلىرىدىن، ئوڭلىرىدىن ۋە سوللىرىدىن كېلىمەن. ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكىنى شۈكرى قىلغۇچى كۆرمەيسەن.›

ئاللاھ: ‹چىق ئۇ يەردىن، ھۇ ئىپلاس قوغلاندى! ئۇلاردىن كىم ساڭا ئەگەشسە، جەھەننەمنى ھەممىڭلار بىلەن تولدۇرىمەن › دېدى »ـ ئەئراف 16/7ـ17.

ئەسلى قىيىنچىلىق ئىنسانىي شەيتانلار پەيدا قىلغان قىيىنچىلىقتۇر. ئۇلارمۇ توغرا يولدا ئۇلتۇرىدۇ، ئاللاھنى ئىنسانلارغا يىراق كۆرستىدۇ، ئارىلىقتىكى مۇساپىنى ئۆزلىرىنىڭ تولدۇرىدىغانلىقىنى داۋا قىلىدۇ.

**2ـ ئىلاھلار.** بۇلار ئاللاھ بىلەن ئىنسانلارنىڭ ئارىسىدا ئورۇن ئالغانلىقىغا ئېتىقاد قىلىنغان، بىر تەرەپتىن ئاللاھقا ، يەنە بىر تەرەپتىن ئىنسانغا ئوخشىتىلغان، بۇ سەۋەپتىن ۋەسىلە قىلىنغان مەخلۇقلاردۇر.

**3ـ ئاتا روھلىرى** . ئىنسانلار ئۆلۈپ كەتكەن ئۇلۇغلىرىنى مۇبارەك كىشى دەپ ھېسابلاشنى بەك ياخشى كۆرىدۇ. ئۇلاردا ئاللاھقا خاس بەزى ئىلاھىدىلىكلەرنى بار دەپ ئېتىقاد قىلىدۇ. فەنا فىللاھ [21] ۋەھدەتۇلۋۇجۇد[22]قا ئوخشاش چۈشەنچىلەرنىڭ مەنبەسى بۇ بولسا كېرەك. بۇنداق قىلىش ئۇلارنى ئىلاھلاشتۇرغانلىق بولىدۇ.

---

[21]ـ يەنى ئاللاھتا يوقىلىپ كېتىش، ئاللاھتا تۈگەش. بۇ سوپىلىققا خاس بىر ئاتالغۇ بولۇپ، مەنىسى تەرىقەتتە ھەقىقەت باسقۇچىغا يەتكەن سوپى ئۆزىنىڭ ئىنسانىي مەۋجۇدلۇقىنى يوقىتىپ ئاللاھ بىلەن قوشۇلۇپ ئۇنىڭغا سىڭىپ كېتىش، دېگەن بولىدۇ.

22ـ ئاللاھ بىلەن ئالەم بىر دېگەن قاراشتىكى نەزەرىيە.

**3ـ دىنى زاتلار.** بۇ خىلدىكى كىشىلەر ئادەتتىكى ئىنسانلار بىلەن ئارىلىشىپ ئۆتىدىغان ۋە يۇقىرىدىكى شەكىلدە كۆرستىلگەن قۇرۇلمىنى دىن دەپ سۇنىدىغان كىشىلەردۇر. ئۇلار يېرىم ئىنسان، يېرىم ئىلاھدەك قوبۇل قىلىنىدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ ئىلاھلار بىلەن ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدا ۋەسىلە بولىدىغانلىقىغا ئېتىقاد قىلىنىدۇ.

**5ـ ئىنسان.** يۇقىرىدىكى شەكىلدە كۆرستىلگەن مۇناسىۋەتلەر زەنجىرى ئىنسانىدىكى دىنى ھېسسىياتنى سۇيىئىستېمال قىلىشقا يول ئاچىدۇ. ئىنسانلارنى مۇشۇنداق تەشكىلىي قۇرۇلمىنىڭ ئىچىگە ئېلىپ كىرگەن ئاساسى سەۋەب شۇ يەردە بولۇشىنىڭ پايدىلىرىنى كۆرۈش ۋە مەنپەئەت مۇناسىۋىتىگە باغلىنىشتۇر. تۆۋەندىكى ئايەت بۇنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويىدۇ:

«**وَقَالَ إِنَّمَا اتَّخَذْتُمْ مِنْ دُونِ اللَّهِ أَوْثَانًا مَوَدَّةَ بَيْنِكُمْ فِي الْحَيَاةِ الدُّنْيَا ثُمَّ يَوْمَ الْقِيَامَةِ يَكْفُرُ بَعْضُكُمْ بِبَعْضٍ وَيَلْعَنُ بَعْضُكُمْ بَعْضًا وَمَأْوَاكُمُ النَّارُ وَمَا لَكُمْ مِنْ نَاصِرِينَ**»

«ئىبراھىم مۇنداق دېدى: سىلەر ئاللاھنى قويۇپ بۇتلارغا چوقۇنۇۋاتىسىلەر. بۇنى بۇ دۇنيا ھاياتىدا ئاراڭلاردىكى دوستلۇقنى دەپلا قىلىۋاتىسىلەر. ئاندىن قىيامەت كۈنى بىر-بىرىڭلارنى ئىنكار قىلىسىلەر، بىر-بىرىڭلارغا لەنەت ئوقۇيسىلەر. سىلەرنىڭ بېرىپ ئورۇنلىشىدىغان يېرىڭلار دوزاختۇر. سىلەرگە ھېچ ياردەمچى يوقتۇر»ـ ئەنكەبۇت 25/29.

ھەق دىندىن باشقا پۈتۈن دىنلار مۇشۇنداق بىر قۇرۇلما ئىچىدىدۇر. ئاللاھ تەئالا بەزى يەھۇدىي ۋە خرىستىئانلار ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ:

«**اتَّخَذُوا أَحْبَارَهُمْ وَرُهْبَانَهُمْ أَرْبَابًا مِنْ دُونِ اللَّهِ وَالْمَسِيحَ ابْنَ مَرْيَمَ وَمَا أُمِرُوا إِلَّا لِيَعْبُدُوا إِلَهًا وَاحِدًا لَا إِلَهَ إِلَّا هُوَ سُبْحَانَهُ عَمَّا يُشْرِكُونَ**»

«ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ھاخاملىرىنى، راھىبلىرىنى ۋە مەريەم ئوغلى ئىيسا مەسىھنى ئاللاھنى قويۇپ رەبلەر قىلىۋالدى. ھالبۇكى، ئۇلار پەقەت بىر ئىلاھقىلا قۇل بولۇشقا بۇيرۇلغان ئىدى، ئۇنىڭدىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر. ئاللاھ مۇشرىكلار شېرىك قىلغان نەرسىلەردىن پاكتۇر»-تەۋبە 31/9.

ئەدىي ئىبنى ھاتەم مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كەلدىم. بويىنۇمدا ئالتۇندىن ئىشلەنگەن بىر كرېست بەلگىسى بار ئىدى. ئۇ: «ئى ئەدىي! ئۇ بۇتنى تاشلىۋەت!» دېدى. ئۇنىڭدىن «ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ھاخاملىرىنى، راھىبلىرىنى ۋە مەريەم ئوغلى ئىيسا مەسىھنى ئاللاھنى قويۇپ رەبلەر قىلىۋالدى...» دېگەن مەنىدىكى ئايەتنى ئاڭلىدىم: ئۇ سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ مۇنداق دېدى:

«بۇلار ئۇلارغا ئىبادەت قىلمىدى، لېكىن بۇلار ئۇلار بىر نەرسىنى ھالال دېسە ھالال، ھارام دېسە ھارام دەپ ھېسابلىدى». بۇلارنىڭ ئۇلارنى ئاللاھنى قويۇپ رەب قىلىۋېلىشى مانا مۇشۇ شەكىلدە بولدى[23].

[23]- تىرمىزى، تەفسىرۇلقۇرئان، 10- باب، ھەدىس نومۇرى: 3095، ئىستانبۇل، 1401/1981، 5- جىلد، 278- بەت.

توغرا يولدا ماڭماقچى بولغان ھەر بىر ئىنساننىڭ ئالدىغا توسالغۇلار ئۇچراپ تۇرىدۇ. چۈنكى توغرا يول شەيتاننىڭ پائالىيەت ساھەسىدۇر. ئۇ تۇزاقلىرىنى شۇ يەردە قۇرىدۇ. ئۇ ئۇ يەرگە كەلگەنلەرگە ۋەسىلىلەر توغرىسىدا سۆزلەپ بېرىدۇ، ۋەسىلىلەرنىڭ ئاللاھقا يېقىن ۋە ئاللاھ بىلەن دوست ئىكەنلىكىنى، ئاللاھقا يېتىدىغان يولدا ئۇلارنىڭ ياردەملىرىگە ئېھتىياج بارلىقىنى، ئۇلارنىڭ ۋەسىلە ۋە شاپائەتچى بولىدىغانلىقىنى سۆزلەيدۇ. خىيالى، فانتازىيىلىك ھېكايىلەرنى سۆزلەپ ئاللاھنىڭ ئۇلارنىڭ تەلىۋىنى رەت قىلمايدىغانلىقىنى دەۋا قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارغا تەسلىم بولۇش كېرەكلىكىنى تەكىتلەيدۇ. ئۇلار بۇ توغرىدا ئەڭ بۈيۈك قوللاپ-قۇۋۋەتلەشنى ئەقلىنى ئىشلەتمەيدىغان ئىنسانلاردىن ۋە ئەنئەئەدىن كۆرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىنسانلار ئاللاھقا قۇل بولۇشتىن بۇرۇن ئۆزلىرى ئاللاھقا ۋەسىلە بولىدۇ دەپ قارىغان كىشىلەرگە قۇل بولىدۇ. مانا بۇ خىل قىلمىش ئۇلارنىڭ ئاللاھ بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ئۈزۈپ قويىدۇ. بۇنىڭغا ئىككى مىسال كەلتۈرۈلىدۇ. بىرى ئەھلى كىتابتىن كاتولىكلار، يەنە بىرى تاۋزىمچىلار.

## ئا ـ كاتولىكلاردا ۋەسلە ئېتىقادى

خرىستىئانلارنىڭ راھىبلىرىنى رەب قىلىشىلىشىنىڭ ئارقىسىدا ئاتا، بالا ۋە مۇقەددەس روھ ئېتىقادى بار. بۇ ئېتىقاد خرىستىئان مەزھەپلىرىنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك ئوخشاش. خرىستىئان مەزھەپلىرىنىڭ ئوخشاش بولمىغان ئېتىقادلىرىمۇ بار. بىز ئۇلارنىڭ كاتولىكلىرى ئۈستىدە توختىلىش ئارقىلىق ئىيسا ئەلەيھىسسالام يەتكۈزگەن ساپ دىنىنىڭ بۈگۈنكى تونۇلمايدىغان ھالەتكە قانداق كەلگەنلىكىنى كۆرۈشكە تىرىشىمىز.

### 1 ـ ئاللاھ

كاتولىكلارغا نىسبەتەنمۇ ئاللاھ بىر. بىر ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوق. ئۇ ھەقىقەتنىڭ ئۆز ئەينىسى. ئاسمان ـ زېمىننى ئۆزى يالغۇز ياراتقان. ئاسمان ـ زېمىننى ياراتقان، يارىتىلىش نىزامىنى بېكىتكەن ۋە دۇنيانى باشقۇرۇپ تۇرۇۋاتقان ئۇدۇر. ئۇ ئىنسانلارغا يېقىندۇر ۋە ھەر شەيئىنى بىلىدۇ. ئۇ ھەر دائىم باردۇر. بارلىقىنىڭ بېشى ۋە ئاخىرى يوقتۇر. شەيئىلەرنىڭ ھەممىسى مەۋجۇدىيىتىدە ئۇنىڭغا قەرزداردۇر. ئىلكىمىزدە بولغان ھەر نەرسىمىز ئۇنىڭدىن كەلمەكتە. ئۇنىڭ بارلىقى ئۆزىدىندۇر[24]. ئاللاھنىڭ ئاتا دېيىلىشى ھەممە نەرسىنىڭ باشلانغۇچى، تەڭداشسىز قۇدرەت ئىگىسى بولغانلىقىدىن ۋە پۈتۈن باللارغا مېھىر ـ شەپقەت بىلەن تولغان ياخشىلىقى سەۋەبىدىندۇر.. ئاللاھ ئەرمۇ ئەمەستۇر، ئايالمۇ ئەمەستۇر. ئاللاھ ئاللاھتۇر[25].

بەزى خرىستىئانلار ئاللاھ بىلەن ئىنسان ئوتتۇرىسىدا بىر بوشلۇق بارلىقىنى ئېيتىدۇ ۋە بۇ بوشلۇقنى ۋەسىلىلەر بىلەن تولدۇرىدۇ. بىز تۆۋەندە كاتولىكلارنىڭ ۋەسىلە دەپ قارىغان نەرسىلىرىگە قاراپ باقايلى:

---


[24] كاتولىك چېركاۋى دىن ۋە ئەخلاق ئاساسلىرى، 206ـ224 پاراگرافلار.

[25] ـ كاتولىك چېركاۋى دىن ۋە ئەخلاق ئاساسلىرى، 239ـ پاراگراف.

### 2ـ ئىيسا (بالا)


كاتولىكلارنىڭ قارىشىچە ئىيسا ئاتىنىڭ ئەلچىسىدۇر. ئاتا ئۇنى مۇقەددەس روھ بىلەن سىلىغان، راھىب، پەيغەمبەر ۋە پادىشاھ قىلغان. ئۇ ئۆزى خالىغانچە بىر ئىش قىلالمايدۇ. ھەر نەرسىنى ئۆزىنى ئەۋەتكەن ئاتىدىن ئالىدۇ [26] . ھازىر ئۇ ئاتىنىڭ يېنىدا خرىستىئانلارنىڭ ئادۋۇكاتلىقىنى قىلماقتىدۇر. ئۇلارنىڭ پايدىسىغا ۋەسىلە بولۇش ئۈچۈن دائىم تىرىكتۇر. ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا داۋاملىق تەييار تۇرىدۇ [27]. ئۇ ئۆزىنى ۋەسىلە قىلىپ ئاللاھقا يېقىنلاشقانلارنى تامامەن قۇتقۇزۇشقا قادىردۇر[28].

خرىستىئانلاردا ئىنساننىڭ ئورنى مۇنداق:




بۇ چۈشەنچىگە ئاساسەن مۇقەددەس تەڭرى يەنى ئاللاھ بىلەن گۇناھكار ئىنسان ئوتتۇرىسىدا چوڭ بىر بوشلۇق بار. تۆۋەندىن يۇقىرىغا ئىشارەت قىلىپ تۇرغان ئوقلار ئىنسانلارنىڭ ئاللاھقا ۋە ئۇ سۇنغان ھاياتقا ئېرىشىش ئۈچۈن كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقىنىڭ سىمۋولىدۇر. تۆۋەندىكى رەسىم ئارىدىكى بوشلۇقنى ئېتىدىغان يولنى كۆرسىتىدۇ:

[26] ـ كاتولىك چېركاۋى دىن ۋە ئەخلاق ئاساسلىرى، 783ـ859 پاراگرافلار.
[27] ـ كاتولىك چېركاۋى دىن ۋە ئەخلاق ئاساسلىرى، 519ـ پاراگراف.
[28] ـ كاتولىك چېركاۋى دىن ۋە ئەخلاق ئاساسلىرى، 2634ـ پاراگراف.



بۇ خرىستىئانلارنىڭ كۆزقارىشىدا ئىيسانىڭ ئورنىدۇر[29].

خرىستىئانلارنىڭ چۈشەنچىسىدە ئاللاھ بىلەن ئىنسان ئوتتۇرىسىدىكى قوزا ئىيسادۇر. ئۇ ئىنسانىيەتنىڭ نىجاتلىقى ئۈچۈن ئۆزىنى قۇربان قىلغان. پاۋلۇسنىڭ[30] تىموتېئۇسقا يازغان خېتىدە مۇنۇلار دېيىلىدۇ: «يېگانە بىر ئاللاھ ۋە ئاللاھ بىلەن ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدا يېگانە بىر ۋەسىلە بار. ئۇ بولسا ئىنسان بولغان ۋە ئۆزىنى ھەر كىشى ئۈچۈن پىدا قىلغان ئىيسا مەسىھتۇر»[31].

**خرىستىئانلاردا ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىدىن ئۈچ ئەسىر ئۆتكەندىن كېيىن قوبۇل قىلىنغان بالا ئوبرازى:**

---

29ـ رەسىم ۋە مەلۇماتلار ئىنجىل توربېتىدىن ئېلىندى.

[30]ـ پاۋلۇسنىڭ مەكتۇبلىرى قولىمىزدىكى ئىنجىلنىڭ بىر پارچىسى ھېسابلانماقتا. بۇنى قۇرئان قوبۇل قىلمايدۇ. چۈنكى قۇرئانغا نىسبەتەن ئىنجىل ئاللاھنىڭ كىتابى، ئىيسا ئاللاھنىڭ ئەلچىسىدۇر. پاۋلۇس بولسا، ئىيسانى كۆرمىگەن. كۈنىمىزدىكى ئىنجىلدا پاۋلۇسنىڭ ئەسلى ئىسمىنىڭ سائۇل ئىكەنلىكى، (ئەلچىلەرنىڭ پائالىيەتلىرى 9/13) ئەشەددىي بىر خرىستىئان دۈشمىنى بولۇپ يۈرگەن چاغدا، شام يولىدا ئاسماندىن تۇيۇقسىز پارقىرىغان بىر نۇرنىڭ ئەتراپىنى قاپلاپ كەتكەنلىكى، ئىيسانىڭ ئۇنىڭغا نىدا قىلغانلىقى (ئەلچىلەرنىڭ ئىشلىرى 9/3ـ6)، كېيىن ئۇنىڭ ئىيساغا ئىشەنگەنلىكى ۋە چۆمۈلدۈرۈلگەنلىكى (ئەلچىلەرنىڭ ئىشلىرى 9/18 ۋە باشقىلار) ئىپادە قىلىنماقتا. بۇنىڭغا قارىغاندا پاۋلۇس، ئادەتتىكى بىر خرىستىئاندۇر. ئۇنىڭ سۆزلىرىنىڭ ئىنجىلدا يەر ئېلىشىنى قوبۇل قىلغىلى بولمايدۇ.

[31]ـ ئىنجىل، 1. تىيموتېئۇس 5/2ـ6. (كىتابى مۇقەددەس، كونا ۋە يېڭى ئەھد (تەۋرات ۋە ئىنجىل) كىتابى مۇقەددەس شىركىتى ئىستانبۇل. 1981، 339ـ بەت)

ھەۋارىيلار دەۋرىدە ئىيسا ئەلەيھىسسالام ھەقىقىي مەنىدە بىر ئىنسان دەپ قارىلاتتى. ئۇنىڭ ئاللاھنىڭ ئوغلى ئىكەنلىكى دەۋاسىنى دەسلەپتە پاۋلۇس پەيدا قىلدى. مىلادىيە 3- ئەسىردىن كېيىن ئانتاكىيەدە پاپالار تەرىپىدىن ئېچىلغان بىر قېتىملىق ئومۇمىي يىغىندا ئۇ دەۋانىڭ توغرىلىقى بىردەك ماقۇللاندى[32].

325- يىلى توپلانغان ئۆكۈمېنىك ئىزنىك كونسىلى ئىيسانىڭ يارىتىلمىغانلىقىغا، ئاتىدىن تۇغۇلغانلىقىغا ۋە ئۇنىڭ بىلەن ئەينى ماھىيەتتە بولغانلىقىغا قارار قىلدى[33].

431- يىلى 3- قېتىملىق ئۆكۈمېنىك ئەفەس كونسىلى مۇنۇ قارارنى ماقۇللىدى: «ئىيسا ئۆز كىشىلىكىنى ئەقىللىق روھ بىلەن جانلاندۇرۇلغان بىر بەدەن بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئىنسان بولغان. مەريەم بولسا، ھەقىقىي مەنىدە تەڭرىنىڭ ئانىسىدۇر».

451- يىلى قادىكۆيدە چاقىرىلغان 4- ئۆكۈمېنىك قادىكۆي كونسىلى ئۇنىڭ ھەقىقىي تەڭرى ئىكەنلىكىنى مۇنداق ئېلان قىلدى:

---

[32]- كاتولىك چېركاۋى دىن ۋە ئەخلاق ئاساسلىرى، 465- پاراگراف.

[33]- كاتولىك چېركاۋى دىن ۋە ئەخلاق ئاساسلىرى، 465- پاراگراف.

«رەببىمىز مەسىھ ئېيسانىڭ مۇكەممەل تەڭرىلىككە ۋە مۇكەممەل ئىنسانلىققا ئىگە، ھەقىقىي تەڭرى ۋە ھەقىقىي ئىنسان ئىكەنلىكىنى، ئەقىللىق بىر روھتىن ۋە بەدەندىن شەكىللەنگەنلىكىنى، تەڭرىلىك جەھەتتىن ئاتا بىلەن، ئىنسانلىق جەھەتتىن بىز بىلەن ئوخشاش ماھىيەتتە ئىكەنلىكىنى، گۇناھنىڭ سىرتىدا ھەممىمىزگە ھەر جەھەتتىن ئوخشاش ئىكەنلىكىنى، تەڭرىلىك جەھەتتىن يۈز يىللار ئىلگىرى ئاتىدىن تۇغۇلغانلىقىنى، ئىنسانلىق جەھەتتىن بىزنىڭ ئېسەنلىكىمىز ئۈچۈن توي قىلمىغان مەريەمدىن تۇغۇلغانلىقىنى بىردەك قوبۇل قىلغانلىقىمىزنى رەسمىي ئېلان قىلىمىز»[34].

ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ:

**«وَقَالَتِ الْيَهُودُ عُزَيْرٌ ابْنُ اللَّهِ وَقَالَتِ النَّصَارَى الْمَسِيحُ ابْنُ اللَّهِ ذَلِكَ قَوْلُهُمْ بِأَفْوَاهِهِمْ يُضَاهِئُونَ قَوْلَ الَّذِينَ كَفَرُوا مِنْ قَبْلُ قَاتَلَهُمُ اللَّهُ أَنَّى يُؤْفَكُونَ»**

«يەھۇدىيلار: ‹ئۇزەير ئاللاھنىڭ ئوغلىدۇر › دېدى، ناسارالار: ‹مەسىھ (يەنى ئىسا) ئاللاھنىڭ ئوغلىدۇر › دېدى. بۇ ئۇلارنىڭ ئاغىزلىرىدىكى سۆزلىرىدۇر. ئۇلار سۆزلىرىنى ئىلگىرىكى كاپىرلارنىڭ سۆزلىرىگە ئوخشاتماقتىدۇر. ئاللاھ ئۇلارغا لەنەت قىلسۇن. ئۇلار بۇ بوھتانغا قانداقمۇ سۆرىلىدىغاندۇ؟»- تەۋبە 30/9.

## خرىستىئانلاردا ھەقىقىي ئاللاھ ۋە ھەقىقىي ئىنسان ئوبرازى:

خرىستىئانلار ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى ئۆزلىرى بىلەن ئاللاھنىڭ ئوتتۇرىسىدا ۋەسىلە قىلىش ئۈچۈن ئۇنى ھەقىقىي ئاللاھ ۋە ھەقىقىي ئىنسان دەپ ئاتىغان. كاتولىكلار بۇ مەسىلىنى مۇنداق بايان قىلىدۇ:

[34]- كاتولىك چېركاۋى دىن ۋە ئەخلاق ئاساسلىرى، 467- پاراگراف.

«مەسىھ ئىيسا ھەقىقىي ئاللاھ ۋە ھەقىقىي ئىنساندۇر. مانا بۇ سەۋەبتىن ئۇ ئىنسانلار بىلەن ئاللاھ ئارىسىدا بىرلا ۋەسىلىدۇر[35]. ھازىر ئۇ ئاتىنىڭ يېنىدا خرىستىيانلارنىڭ ئادۋوكاتلىقىنى قىلماقتىدۇر. ئۇلارنىڭ پايدىغا ۋەسىلە بولۇش ئۈچۈن ھەمىشە ھاياتتۇر. ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا داۋاملىق تەييار تۇرىدۇ[36]. ئۆزىنى ۋەسىلە قىلىپ ئاللاھقا يېقىنلاشقانلارنى تولۇق قۇتقۇزۇشقا كۈچى يېتىدۇ»[37].

بۇ ئېتىقاد ئەقىلگە مۇۋاپىق بولمىغانلىقى ئۈچۈن مەسئۇلىيەتنى چېركاۋ ئۆز ئۈستىگە ئالغان. ئۇلار بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:

«ئىماننىڭ سەۋەبى، ئوتتۇرىغا قويۇلغان ھەقىقەتلەرنىڭ تەبىئىي ئەقلىمىز بىلەن چۈشىنىلىشى ۋە ھەقىقەت سۈپىتىدە كۆرۈنۈشى ئەمەس[38]. ئىمان ئېيتىش بىر چېركاۋ پائالىيىتىدۇر. چېركاۋنىڭ ئىمانى بىزنىڭ ئىمانىمىزنىڭ ئالدىدا تۇرىدۇ. ئۇ بىزنىڭ ئىمانىمىزنى كۆتۈرىدۇ ۋە ئوزۇقلاندۇرىدۇ. چېركاۋ پۈتۈن مۇئمىنلارنىڭ ئانىسىدۇر. ئانىسى چېركاۋ بولمىغان كىشىنىڭ دادىسى تەڭرى بولمايدۇ»[39].

ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ:

**«لَقَدْ كَفَرَ الَّذِينَ قَالُوا إِنَّ اللَّهَ هُوَ الْمَسِيحُ ابْنُ مَرْيَمَ وَقَالَ الْمَسِيحُ يَا بَنِي إِسْرَائِيلَ اعْبُدُوا اللَّهَ رَبِّي وَرَبَّكُمْ إِنَّهُ مَنْ يُشْرِكْ بِاللَّهِ فَقَدْ حَرَّمَ اللَّهُ عَلَيْهِ الْجَنَّةَ وَمَأْوَاهُ النَّارُ وَمَا لِلظَّالِمِينَ مِنْ أَنْصَارٍ»**

---

[35]- كاتولىك چېركاۋى دىن ۋە ئەخلاق ئاساسلىرى، 480- پاراگراف.
[36]- كاتولىك چېركاۋى دىن ۋە ئەخلاق ئاساسلىرى، 519- پاراگراف.
[37]- كاتولىك چېركاۋى دىن ۋە ئەخلاق ئاساسلىرى، 2634- پاراگراف.
[38]- كاتولىك چېركاۋى دىن ۋە ئەخلاق ئاساسلىرى، 156- پاراگراف.
[39]- كاتولىك چېركاۋى دىن ۋە ئەخلاق ئاساسلىرى، 181- پاراگراف.

«شۈبھىسىزكى، ‹ئاللاھ مەريەمنىڭ ئوغلى مەسىھدۇر › دېگەنلەر كاپىر بولدى. ھالبۇكى، مەسىھ مۇنداق دېگەن ئىدى: ‹ئى ئىسرائىلنىڭ ئەۋلادى! مېنىڭ رەببىم ۋە سىلەرنىڭ رەببىڭلار بولغان ئاللاھقا قۇل بولۇڭلار. شۇ بىر ھەقىقەتكى: كىم ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرىدىكەن، ئاللاھ ئۇنىڭغا جەننەتنى ھارام قىلىدۇ، ئۇنىڭ بارىپ ئورۇنلىشىدىغان يېرى دوزاختۇر. زالىملارنىڭ ھېچ مەدەتكارلىرى بولمايدۇ›»ـ مائىدە 72/5.

## 3ـ مۇقەددەس روھ

كاتولىكلارغا نىسبەتەن مۇقەددەس روھمۇ بىر تەڭرى ھېسابلىنىدۇ. ئاتا ۋە ئوغۇل بىلەن ئەينى ماھىيەتتىنىدۇر[40]. ئۇمۇ ۋەسىلە ۋە شاپائەتچى بولىدۇ. پاۋلۇسنىڭ رىملىقلارغا يازغان خېتىدە مۇنۇ ئىپادىلەر بار: «مۇقەددەس روھ بىزنىڭ ئاجىز تەرىپىمىزگە ياردەم بېرىدۇ. چۈنكى بىز قانداق دۇئا قىلىشىمىز لازىملىقىنى بىلمەيمىز. لېكىن روھنىڭ ئۆزى سۆز بىلەن ئىپادىلىگىلى بولمايدىغان ئىڭراشلار بىلەن بىزگە شاپائەت قىلىدۇ. ئىنسانلارنىڭ دىللىرىنى تەكشۈرگەن ئاللاھ روھنىڭ نېمە ئويلاۋاتقانلىقىنى بىلىدۇ. چۈنكى روھ ئاللاھنىڭ تەلىۋىگە بىنائەن مۇقەددەسلەرگە شاپائەت قىلىدۇ. ئاللاھنىڭ ئىشلىرىنىڭ ۋۇجۇتقا كەلتۈرگۈچىسى بولغان مۇقەددەس روھ دۇئانىڭمۇ خوجايىنىدۇر[41]. مۇقەددەس روھ بولمىسا تەڭرىنىڭ ئوغلىنى كۆرگىلى بولمايدۇ. ئوغۇل بولمىسا ھېچكىم دادىغا يېقىنلىشالمايدۇ»[42].

---

[40]ـ كاتولىك چېركاۋى دىن ۋە ئەخلاق ئاساسلىرى، 689ـ پاراگراف.

[41]ـ ئىنجىل، رىملىقلار 2628/8. كاتولىك چېركاۋى دىن ۋە ئەخلاق ئاساسلىرى، 741ـ پاراگراف.

[42]ـ كاتولىك چېركاۋى دىن ۋە ئەخلاق ئاساسلىرى، 683ـ پاراگراف.

### 4- مەريەم ئانا

كاتولىكلارغا نىسبەتەن مەريەم ئانا ھەقىقىي مەنىدە تەڭرىنىڭ ئانىسىدۇر[43]. ئۇنىڭ ئانىلىقى تۈگىمىگەن. ئۇ يېڭىلانغان ۋەسىلىلىكى بىلەن ئەبەدىي ئېسەنلىكلەر ئېلىپ كېلىدىغان سوۋغاتلارنى كاپالەت ئاستىغا ئېلىشنى داۋاملاشتۇرماقتا. شۇنىڭ ئۈچۈن مەريەم ئانا چېركاۋدا ئادۋوكات، ياردەمچى، ياردەمگە يۈگۈرگۈچى ۋە كېلىشتۈرۈپ قويغۇچى دەپ ئاتىلىدۇ[44].

ئۇلار بۇ سۆزلىرى بىلەن مەريەم ئانىنى تەڭرى دەپ قارىغان بولىدۇ. قىيامەت كۈنى ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ:

**«يَا عِيسَى ابْنَ مَرْيَمَ أَأَنْتَ قُلْتَ لِلنَّاسِ اتَّخِذُونِي وَأُمِّيَ إِلَهَيْنِ مِنْ دُونِ اللَّهِ قَالَ سُبْحَانَكَ مَا يَكُونُ لِي أَنْ أَقُولَ مَا لَيْسَ لِي بِحَقٍّ إِنْ كُنْتُ قُلْتُهُ فَقَدْ عَلِمْتَهُ تَعْلَمُ مَا فِي نَفْسِي وَلَا أَعْلَمُ مَا فِي نَفْسِكَ إِنَّكَ أَنْتَ عَلَّامُ الْغُيُوبِ (116) مَا قُلْتُ لَهُمْ إِلَّا مَا أَمَرْتَنِي بِهِ أَنِ اعْبُدُوا اللَّهَ رَبِّي وَرَبَّكُمْ وَكُنْتُ عَلَيْهِمْ شَهِيدًا مَا دُمْتُ فِيهِمْ فَلَمَّا تَوَفَّيْتَنِي كُنْتَ أَنْتَ الرَّقِيبَ عَلَيْهِمْ وَأَنْتَ عَلَى كُلِّ شَيْءٍ شَهِيدٌ»**

«ئى مەريەمنىڭ ئوغلى ئىيسا! سەن ئىنسانلارغا، ‹ئاللاھنى قويۇپ مېنى ۋە ئانامنى ئىككى ئىلاھ قىلىۋېلىڭلار › دېدىڭمۇ؟ ئىيسا مۇنداق دەيدۇ: ‹ھەرگىز! سەن ھەر تۈرلۈك نۇقسانلاردىن پاكسەن. مېنىڭ توغرا بولمىغان سۆزنى سۆزلەش ھەددىم ئەمەس. ئەگەر ئۇ سۆزنى دېگەن بولسام، سەن ئەلۋەتتە بىلىسەن. سەن مېنىڭ ئىچىمدىكىنى بىلىسەن، مەن سېنىڭ ئىچىڭدىكىنى بىلمەيمەن. غەيبلەرنى بىلگۈچى پەقەتلا سەندۇرسەن.

[43] - كاتولىك چېركاۋى دىن ۋە ئەخلاق ئاساسلىرى، 467- پاراگراف.

[44] - كاتولىك چېركاۋى دىن ۋە ئەخلاق ئاساسلىرى، 969- پاراگراف.

مەن ئۇلارغا پەقەت سەن مېنى ئېيتىشقا بۇيرۇغان سۆزنىلا سۆزلىدىم. يەنى مەن ئۇلارغا مېنىڭ رەببىم ۋە سىلەرنىڭ رەببىڭلار بولغان ئاللاھقا قۇل بولۇڭلار، دېدىم. مەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بولغان مۇددەتتە ئۇلارغا شاھىت ئىدىم، مېنى ۋاپات قىلدۇرغىنىڭدىن كېيىن ئۇلارغا پەقەت سەنلا كۆزەتچى بولدۇڭ. سەن ھەر نەرسىنى كۆرۈپ تۇرغۇچىسەن»۔ مائىدە 116۔117.

## 5۔ ھەۋارىيلار

ھەۋارىيلار[45] ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى قوللىغان ئون ئىككى كىشىدۇر. ئىيسا ئەلەيھىسسالام ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ[46] ئۆزىنى ئىنكار قىلغانلىقىنى كۆرۈپ،

«مَنْ أَنصَارِي إِلَى اللَّهِ قَالَ الْحَوَارِيُّونَ نَحْنُ أَنصَارُ اللَّهِ آمَنَّا بِاللَّهِ وَاشْهَدْ بِأَنَّا مُسْلِمُونَ»

«ئاللاھ يولىدا كىملەر ماڭا ياردەمچى بولىدۇ؟» دېگەن ئىدى. ھەۋارىيلار مۇنداق دېدى: «بىز ئاللاھ يولىنىڭ ياردەمچىلىرىدۇرمىز. بىز ئاللاھغا ئىمان ئېيتتۇق. گۇۋاھ بول، بىز مۇسۇلمانمىز»۔ ئال ئىمران 52/3.

[45]۔ ئىنجىلدا ھاۋارىيلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك مۇنۇ سۆزلەر زىكىر قىلىنىدۇ: 13 ھەزرىتى ئىيسا بىر تاغقا چىقىپ، ئۆزى خالىغان كىشىلەرنى يېنىغا چاقىردى. چاقىرىلغانلار ئۇنىڭ يېنىغا كېلىشتى. 14 ھەزرىتى ئىيسا ئۇلاردىن ئون ئىككى كىشىنى ئەلچى دەپ ئاتاپ، ئۇلارنى ئۆزى بىلەن بىللە بولۇش، خۇدانىڭ سۆزىنىڭ يەتكۈزۈش 15 ۋە جىنلارنى ھەيدەش ھوقۇقىغا ئىگە قىلىش ئۈچۈن تاللىدى. 16 بۇ ئون ئىككى كىشى: سىمۇن (ھەزرىتى ئىيسا ئۇنى پېتروس دەپمۇ ئاتىغان)، 17 زەبەدىينىڭ ئوغلى ياقۇپ ۋە ئۇنىڭ قېرىندىشى يۇھاننا، (ھەزرىتى ئىيسا ئۇلارنى «بېنى رەگەش»، يەنى «گۈلدۈرماما ئوغۇللىرى» دەپمۇ ئاتىغان)، 18 ئەندەر، فىلىپ، بارتولوماي، مەتتا، توماس، ھالپاينىڭ ئوغلى ياقۇپ، تاداي، ۋەتەنپەرۋەر دەپ ئاتالغان سىمون، 19 ۋە ھەزرىتى ئىيساغا ساتقۇنلۇق قىلغان يەھۇدا ئىسقارىيوتلاردىن ئىبارەت.

46۔ سەف 14/61.

كۆنمىزدىكى ئىنجىلدا دېيىلىشىچە ئىيسا كىرىستكە مىخلىنىپ دەپنە قىلىنغاندىن ئۈچ كۈن كېيىن قەبرىسىدىن چىققان، ئۇن بىر شاگىرتىغا كۆرۈنگەن ۋە مۇنداق دېگەن:

«ئەرشتە ۋە يەر يۈزىدە پۈتۈن ھوقۇق ماڭا بېرىلدى. (19) شۇنىڭ ئۈچۈن بېرىپ پۈتكۈل مىللەتلەرنى مېنىڭ شاگىرتلىرىم قىلىپ يېتىشتۈرۈڭلار. ئۇلارنى خۇدائاتا، ئۇنىڭ ئوغلى ۋە مۇقەددەس روھنىڭ نامى بىلەن چۆمۈلدۈرۈپ، (20) ئۇلارغا مەن سىلەرگە بۇيرۇغان بارلىق ئەمەللەرگە ئەمەل قىلىشنى ئۆگىتىڭلار. مەن ھەقىقەتمۇ زامان ئاخىرىغىچە ھەر دائىم سىلەر بىلەن بىللە بولىمەن»۔ مەتتا 28/19۔20.

بۇ ئىنجىلنىڭ سۆزى بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. ھەقىقىي ئىنجىل ئاللاھنىڭ سۆزلىرىدىن تەركىب تاپىدۇ. ئىيسا ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولغاندىن كېيىن ھەۋارىيلارغا كۆرۈنگەنلىكىنى قوبۇل قىلغىلى بولمايدۇ. ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ:

**«وَقَفَّيْنَا عَلَى آثَارِهِمْ بِعِيسَى ابْنِ مَرْيَمَ مُصَدِّقًا لِمَا بَيْنَ يَدَيْهِ مِنَ التَّوْرَاةِ وَآتَيْنَاهُ الْإِنْجِيلَ فِيهِ هُدًى وَنُورٌ وَمُصَدِّقًا لِمَا بَيْنَ يَدَيْهِ مِنَ التَّوْرَاةِ وَهُدًى وَمَوْعِظَةً لِلْمُتَّقِينَ»**

«ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن مەريەمنىڭ ئوغلى ئىيسانى ئۆزىدىن ئىلگىرى نازىل قىلىنغان تەۋراتنى توغرا دەپ قارايدىغان بىر ئەلچى قىلىپ ئەۋەتتۇق. ئۇنىڭغا توغرا يولنى كۆرسەتكۈچى ۋە نۇرلاندۇرغۇچى بولغان ئىنجىلنى بەردۇق. ئۇ ئۆزىدىن ئىلگىرى نازىل قىلىنغان تەۋراتنى تەستىق قىلغۇچى، توغرا يولنى كۆرسەتكۈچى ۋە تەقۋادارلارغا نەسىھەت قىلغۇچى بىر كىتابتۇر»۔ مائىدە 46/5.

«مَا الْمَسِيحُ ابْنُ مَرْيَمَ إِلَّا رَسُولٌ قَدْ خَلَتْ مِنْ قَبْلِهِ الرُّسُلُ وَأُمُّهُ صِدِّيقَةٌ كَانَا يَأْكُلَانِ الطَّعَامَ انْظُرْ كَيْفَ نُبَيِّنُ لَهُمُ الْآيَاتِ ثُمَّ انْظُرْ أَنَّى يُؤْفَكُونَ»

«مەريەمنىڭ ئوغلى مەسىھ، پەقەتلا بىر ئەلچىدۇر. ئۇنىڭدىن بۇرۇنمۇ ئەلچىلەر ئۆتكەن. ئۇنىڭ ئانىسى بولسا ناھايىتى راستچىل ئايال ئىدى. ئۇ ئىككىسى تاماق يەيتتى. ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا ئايەتلەرنى قانداق بايان قىلغانلىقىمىزغا قارىغىن، ئاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ ھەقتىن قانداق بۇرۇلۇپ كەتكەنلىكىگە قارىغىن»- مائىدە 75/5.

ئىيسا ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولغاندىن كېيىن بۇ دۇنيا بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى توختىغان. ئۇ ئاخىرەتتە ئاللاھ تەئالاغا مۇنداق دەيدۇ:

«مَا قُلْتُ لَهُمْ إِلَّا مَا أَمَرْتَنِي بِهِ أَنِ اعْبُدُوا اللَّهَ رَبِّي وَرَبَّكُمْ وَكُنْتُ عَلَيْهِمْ شَهِيدًا مَا دُمْتُ فِيهِمْ فَلَمَّا تَوَفَّيْتَنِي كُنْتَ أَنْتَ الرَّقِيبَ عَلَيْهِمْ وَأَنْتَ عَلَى كُلِّ شَيْءٍ شَهِيدٌ»

«مەن ئۇلارغا پەقەت سەن مېنى ئېيتىشقا بۇيرۇغان سۆزنىلا سۆزلىدىم. يەنى مەن ئۇلارغا مېنىڭ رەببىم ۋە سىلەرنىڭ رەببىڭلار بولغان ئاللاھقا قۇل بولۇڭلار، دېدىم. مەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بولغان مۇددەتتە ئۇلارغا شاھىت ئىدىم، مېنى ۋاپات قىلدۇرغىنىڭدىن كېيىن ئۇلارغا پەقەت سەنلا كۆزەتچى بولدۇڭ. سەن ھەر نەرسىنى كۆرۈپ تۇرغۇچىسەن»- مائىدە 117/5.

شۇنىڭ ئۈچۈن ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ئۇنىڭ سۆزلىگەنلىكى دەۋا قىلىنغان يۇقىرىدىكى سۆزنىڭ ئىنجىلدىن بىر پارچە بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس، ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزى بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس.

ئىنجىلغا قىلىنغان بۇ خىل ئىلاۋەلەرگە ئاساسلىنىپ ھەۋارىيلارغا روھانىي سالاھىيەتلەر بېرىلگەن. بۇ ئىلاۋەلەردىن بىرىدە ئىيسا ئەلەيھىسسالام

12 ھەۋارىيسىدىن بىر ھەيئەت تەشكىللەپ پېترۇسنى ئۇلارغا مەسئۇل قىلغان ۋە ئۇنىڭغا مۇنداق دېگەن:

«ئەرشنىڭ پادىشاھلىقىنىڭ ئاچقۇچلىرىنى ساڭا بېرىمەن. سېنىڭ يەر يۈزىدە يول قويغانلىرىڭ ئەرشتىمۇ يول قويۇلۇپ بولغان بولىدۇ. سېنىڭ يەر يۈزىدە يول قويمىغانلىرىڭ ئەرشتىمۇ يول قويۇلمىغان بولىدۇ»- مەتتا، 19/16.

يول قويۇش ۋە يول قويماسلىق ھوقۇقى مۇنداق ئىزاھلىنىدۇ: ھەۋارىيلار چېركاۋغا قوبۇل قىلغان ياكى رەت قىلغان كىشىلەر ئاللاھ تەرىپىدىنمۇ قوبۇل قىلىنغان ياكى رەت قىلىنغان بولىدۇ. چېركاۋ بىلەن ئىتتىپاق ئۆتۈش ئاللاھ بىلەن ئىتتىپاق ئۆتۈش دېمەكتۇر[47].

## 6- چېركاۋ

كاتولىكلاردا چېركاۋ مۇئەييەن دەرىجىلەرگە ئايرىلغان ئورگانلار ۋە ئىيسا مەسىھنىڭ سىرلىق بەدىنىدىن تەركىپ تاپقان بىر تەشكىلات. چېركاۋ ساماۋىي ئىنئاملار بىلەن تولغان. شۇنداقلا ئىنسانىي بولۇش ۋە ئىلاھىي بولۇشتىن ئىبارەت ئىككى خىل ئوخشىمايدىغان تەركىبى قىسمى بار[48]. چېركاۋ ئىنسانىيەت بىلەن ئاللاھنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بىرلىكنىڭ ئىشارىتى ۋە ۋاستىسى[49].

## 7- راھىبلار

كاتولىكلارنىڭ كۆز قارىشىدا، راھىبلار ئىنسانلارنىڭ ئاللاھ بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرىدە ئاللاھقا ئاتىغان ھەدىيىلىرىنى ۋە گۇناھلىرى ئۈچۈن قىلغان

---

[47]- كاتولىك چېركاۋى دىن ۋە ئەخلاق ئاساسلىرى، 1445- پاراگراف.
[48]- كاتولىك چېركاۋى دىن ۋە ئەخلاق ئاساسلىرى، 771- پاراگراف.
[49]- كاتولىك چېركاۋى دىن ۋە ئەخلاق ئاساسلىرى، 775- پاراگراف.

قۇربانلىقلىرىنى ئاللاھقا سۇنۇش ئۈچۈن تەيىنلەنگەن كىشىلەردۇر [50]. بۇ تەبىر ئىنجىلنىڭ «ئىبرانىيلارغا يېزىلغان خەت» دېگەن بابىنىڭ 5- بۆلۈم 1- جۈملىسىگە ئاساسەن بېرىلدى. بۇ خەتلەر كۆنىمىزدىكى ئىنجىلنىڭ بىر بۆلۈمىدۇر. ئۇلارنىڭ كىرىش جۈملىسىگە قارىغاندا بۇ خەتلەرنى كىمنىڭ يازغانلىقىنى مەلۇم ئەمەس.

كاتولىك راھىبلىرىنى ئېپىسكوپلار، پاپا ۋە پوپلاردىن ئىبارەت ئۈچ ماۋزۇ ئاستىدا مۇلاھىزە قىلىپ چىقىمىز.

## ئا- ئېپىسكوپلار

ئېپىسكوپ كۆزەتچى ياكى رىياسەتچى دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. بۇلار كاتولىكلارنىڭ كۆزقارىشىدا چېركاۋنىڭ ئەڭ سالاھىيەتلىك كىشىلىرى ھېسابلىنىدۇ. چېركاۋ، مەسىھ ئىيسا يېگىدىن كەلگەنگە قەدەر ھەۋارىيلارنىڭ ئىزباسارلىرى بولغان ئېپىسكوپلار ۋاستىسى بىلەن ھەۋارىيلار تەرىپىدىن تەربىيىلىنىشكە، مۇقەددەسلىشىشكە ۋە يېتەكلىنىشكە داۋام قىلىدۇ [51]. ئېپىسكوپلارنىڭ سۆزىگە قۇلاق سېلىش ئىيسا مەسىھنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالغانلىق، ئۇلارنى رەت قىلىش ئىيسا مەسىھنى ۋە ئىيسا مەسىھ ئەۋەتكەن كىشىنى رەت قىلغانلىق بولىدۇ [52].

## ب- پاپا

پاپا ھەۋارىي پېترۇسنىڭ ئىزباسارى ۋە ئېپىسكوپلار ھەيئىتىنىڭ رەھبىرىدۇر. بۇ ھەيئەتنىڭ پۈتۈن چېركاۋلار ئۈستىدە تولۇق ۋە ئۈستۈن بىر باشقۇرۇش سالاھىيىتى بار. بۇ سالاھىيەتنى پەقەت پوپىنىڭ ماقۇللىشى بىلەنلا

[50]- كاتولىك چېركاۋى دىن ۋە ئەخلاق ئاساسلىرى، 1539- پاراگراف.
[51]- كاتولىك چېركاۋى دىن ۋە ئەخلاق ئاساسلىرى، 857- پاراگراف.
[52]- كاتولىك چېركاۋى دىن ۋە ئەخلاق ئاساسلىرى، 862- پاراگراف.

ئوتتۇرىغا قويۇشقا بولىدۇ [53]. ھەر بىر ئېپىسكوپ پېترۇسنىڭ ئىزباسارى ۋە ئېپىسكوپلار ھەيئىتىنىڭ رەھبىرى بولغان رىم ئېپىسكوپى يەنى پاپا بىلەن بىللە خىزمەت قىلىدۇ. پاپا ۋە ئېپىسكوپلار ھەيئىتى خاتالاشمايدۇ[54].

كاتولىكلارغا نىسبەتەن رەب ئىيسا ھەۋارىي پېترۇسنى چېركاۋنىڭ كۆز بىلەن كۆرگىلى بولىدىغان ئاساسى قىلدى. ئۇنىڭغا جەننەتنىڭ ئاچقۇچلىرىنى بەردى. ھەۋارىي پېترۇسنىڭ ئورۇنباسارى، رىم چېركاۋى ئېپىسكوپى بولغا ن پاپا مەسىھ ئىيسانىڭ ۋەكىلى ۋە يەر يۈزىدىكى پۈتۈن چېركاۋلارنىڭ پادىچىسىدۇر[55]. پاپا «جانلارنىڭ ئۈستىدە ئىلاھىي بەلگىلىمە سايىسىدا ئۇلۇغ، تولۇق، ۋاسىتىسىز ۋە ئالەمشۇمۇل سالاھىيەتكە ئىگىدۇر»[56].

## ج- پوپلار

راھىب ياكى كاھىن دەپ ئاتىلىدىغان پوپلار كاتولىكلارغا نىسبەتەن «ئاللاھ بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىشلاردا ئىنسانلارغا ۋەكىللىك قىلىش ئۈچۈن تەيىنلىنىدۇ[57]» ۋە ئېپىسكوپلارنىڭ باشقۇرۇشى ئاستىدىكى ئېپىسكوپلۇق رايونى دائىرىسى ئىچىدە خىزمەت قىلىدۇ [58]. پوپلۇقنىڭ مەنبەسى بىۋاستە ئىيسا مەسىھنىڭ ئۆزىدۇر. پوپلۇقنى ئۇ قۇرۇپ چىققان. ئۇنىڭغا ھوقۇق،

[53]- كاتولىك چېركاۋى دىن ۋە ئەخلاق ئاساسلىرى، 877، 880، 883- پاراگرافلار.
[54]- كاتولىك چېركاۋى دىن ۋە ئەخلاق ئاساسلىرى، 891- پاراگراف
[55]- كاتولىك چېركاۋى دىن ۋە ئەخلاق ئاساسلىرى، 936- پاراگراف.
[56]- كاتولىك چېركاۋى دىن ۋە ئەخلاق ئاساسلىرى، 937- پاراگراف
[57]- ئىبرانىيلارغا يېزىلغان خەت، 1/5.
[58]- كاتولىك چېركاۋى دىن ۋە ئەخلاق ئاساسلىرى، 877- پاراگراف.

ۋەزىپە، يولىيورۇق ۋە كۈچ بەرگەن [59]. پوپ كىشىلىك سالاھىيىتى بىلەن ئىنسانلارغا: «سىنى ئاتىنىڭ نامى بىلەن چۆمۈلدۈرىمەن. سىنى ئەپۇ قىلىمەن» دەپ ئىيتالايدۇ[60].

گرېگورىئوس ياش بىر پوپ چېغىدا مۇنۇلارنى يازىدۇ: «...پوپ ھەقىقەتنىڭ قوغدىغۇچىسىدۇر. پەرىشتىلەر بىلەن بىرلىكتە ئۆرە تۇرماقتا، باش پەرىشتىلەر بىلەن بىرلىكتە ھەمد ئىيتماقتا، مېھراپ ئۈستىدە قۇربانلىقلارنى سۇنماقتىدۇر. مەسىھنىڭ راھىبلىقىغا قوشۇلماقتا، مەخلۇقاتنى يېڭىدىن شەكىللەندۈرمەكتە، تەڭرىنىڭ سۈرىتىگە يېڭىدىن يەتكۈزمەكتە. ئۇ دۇنيا ئۈچۈن مەخلۇقاتنى يېڭىدىن ياراتماقتا، تېخىمۇ مۇھىمى ئۆزى ئىلاھلاشقاندەك ئىلاھلاشتۇرماقتا»[61].

## 8- چۆمۈلدۈرۈش

چۆمۈلدۈرمەك سۇغا پاتۇرماق دېمەكتۇر. كاتولىكلارغا نىسبەتەن چۆمۈلدۈرمەك خرىستىئان بولۇشنىڭ بىرىنچى شەرتىدۇر [62]. رەب ئىيسا گۇناھلارنىڭ ئەپۇ قىلىنىشىنى ئىتىقاد ۋە چۆمۈلدۈرۈشكە باغلىق قىلغان [63]. چۆمۈلدۈرۈش ئەسناسىدا شۇنداق مۇكەممەل بىر ئەپۇ ئەمەلىيلىشىدۇكى، دەسلەپكى گۇناھتىمۇ ھۆر ئىرادە بىلەن قىلغان گۇناھلاردىمۇ ئۆچۈرۈلىدىغان بىر نەرسە ياكى جازاسى ئۆتىلىدىغان بىر جىنايەت قالمايدۇ[64]. «چۆمۈلدۈرمەك، ئاتا تەڭرىدە بالىسى ۋاستىسى بىلەن مۇقەددەس روھتا قايتا تۇغۇلۇشنى مەيدانغا

[59]- كاتولىك چېركاۋى دىن ۋە ئەخلاق ئاساسلىرى، 878- پاراگراف
60

[61]- كاتولىك چېركاۋى دىن ۋە ئەخلاق ئاساسلىرى، 1589- پاراگراف.
[62]- كاتولىك چېركاۋى دىن ۋە ئەخلاق ئاساسلىرى، 1213- پاراگراف ۋە..؛ ئابدۇراھمان كۈچۈك، دىنلەر تارىخى، ئوجاق نەشرىياتى، ئەنقەرە، 1997، 268- بەت.
[63]- كاتولىك چېركاۋى دىن ۋە ئەخلاق ئاساسلىرى، 977- پاراگراف.
[64]- كاتولىك چېركاۋى دىن ۋە ئەخلاق ئاساسلىرى، 683- پاراگراف.

كەلتۈرىدىغان ئىنئامنى بېرىدۇ. چۈنكى ئىچىدە تەگرىنىڭ روھى بار بولغانلار بالىغا يۈزلىنىدۇ. بالا ئۇلارنى ئاتىغا تونۇشتۇرىدۇ. ئاتا بولسا ئۇلارغا ئەبەدىيلىك بېغىشلايدۇ»[65].

## 9- گۇناھ چىقىرىش

كاتولىكلارغا نىسبەتەن «گۇناھلارنى يالغۇز ئاللاھلا كەچۈرۈم قىلىدۇ». بىر چېركاۋ روھانىيسى «گۇناھلىرىڭ كەچۈرۈم قىلىندى» دېگەندە ئاللاھقا ئائىت بولغان بىر سالاھىيەتنى ئىشلىتىدۇ[66]. شۇنىڭ ئۈچۈن قانچىلىك چوڭ بولسا بولسۇن چېركاۋ كەچۈرۈم قىلالمايدىغان ھېچقانداق گۇناھ يوقتۇر[67]. گۇناھلارنى كەچۈرۈم قىلىش سالاھىيتى پەقەتلا پاپىغا ياكى ئۇنىڭ تەرىپىدىن سالاھىيەت بېرىلگەن يەرلىك ئېپىسكوپقا ياكى پوپقا ئائىتتۇر[68].

ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ:

**«وَمَنْ يَغْفِرُ الذُّنُوبَ إِلَّا اللَّهُ»**

[65]- كاتولىك چېركاۋى دىن ۋە ئەخلاق ئاساسلىرى، 683- پاراگراف.

[66]- كاتولىك چېركاۋى دىن ۋە ئەخلاق ئاساسلىرى، 1441- پاراگراف.

[67]- كاتولىك چېركاۋى دىن ۋە ئەخلاق ئاساسلىرى، 982- پاراگراف.

[68]- كاتولىك چېركاۋى دىن ۋە ئەخلاق ئاساسلىرى، 1463- پاراگراف.

«گۇناھلارنى ئاللاھتىن باشقا كىم كەچۈرۈم قىلالايدۇ؟»-ئال ئىمران، 135/3.

بۇنى كاتولىكلارمۇ قوبۇل قىلىدۇ. شۇڭا ئۇلارنىڭ ئاللاھ تەرىپىدىن بېرىلگەن بىر سالاھىيەتكە ئاساسلانماستىن گۇناھ كەچۈرۈشكە ئۇرۇنۇشى بەكمۇ ھەددىدىن ئاشقانلىق بولىدۇ.

## *10- ئىلاھلار پىرامىداسى*

كاتولىكلارغا ئائىت مەلۇماتلارنى مۇلاھىزە قىلىپ كۆرىدىغان بولساق، كۆز ئالدىمىزدا بىر دانە ئىلاھلار پىرامىداسى شەكىللىنىدۇ. ئۇنىڭ ئەڭ ئۈستىدە ئاللاھ بار. ئاندىن تەرتىپ بىلەن ئىيسا، مۇقەددەس روھ، مەريەم ئانا، ھەۋارىيلار، پاپا، ئېپىسكوپلار ۋە پوپلار ئورۇن ئالىدۇ. بۇلارنىڭ ھەر بىرىگە ئاللاھقا ئائىت بولغان سالاھىيەتلەر بېرىلگەن. مۇقەددەس روھتىن باشقىلىرى يېرىم ئىلاھ، يېرىم ئىنسان دەپ قارالغان. بۇ ئۇلارنى ئاللاھقا شېرىك قىلغانلىقتۇر. ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ:

**«اتَّخَذُوا أَحْبَارَهُمْ وَرُهْبَانَهُمْ أَرْبَابًا مِنْ دُونِ اللَّهِ وَالْمَسِيحَ ابْنَ مَرْيَمَ وَمَا أُمِرُوا إِلَّا لِيَعْبُدُوا إِلَهًا وَاحِدًا لَا إِلَهَ إِلَّا هُوَ سُبْحَانَهُ عَمَّا يُشْرِكُونَ»**

«ئۇلار ئاللاھنى قويۇپ ھاخاملىرىنى ۋە راھىبلىرىنى رەبلىرى قىلىۋالدى. مەريەم ئوغلى مەسىھنىمۇ شۇنداق قىلدى. ھالبۇكى، ئۇلار پەقەت بىر ئىلاھقىلا قۇل بولۇشقا بۇيرۇلغان. ئاللاھدىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوق. ئاللاھ ئۇلار شېرىك قىلغان نەرسىلەردىن پاكتۇر»- تەۋبە 31/9.

**«لَقَدْ كَفَرَ الَّذِينَ قَالُوا إِنَّ اللَّهَ ثَالِثُ ثَلَاثَةٍ وَمَا مِنْ إِلَٰهٍ إِلَّا إِلَٰهٌ وَاحِدٌ وَإِنْ لَمْ يَنْتَهُوا عَمَّا يَقُولُونَ لَيَمَسَّنَّ الَّذِينَ كَفَرُوا مِنْهُمْ عَذَابٌ أَلِيمٌ»**

«ئاللاھ ئۈچ ئىلاھنىڭ بىرىدۇر، دېگۈچىلەر شەكسىز كاپىر بولدى. بىر ئىلاھتىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر. ئەگەر ئۇلار ئېيتىۋاتقان سۆزلىرىدىن قايتمىسا، ئۇلاردىن ئىبارەت بولغان كاپىرلار قاتتىق ئازابقا قالىدۇ»-مائىدە، 73/5.

كاتولىكلارغا نىسبەتەن ئىيسا، مۇقەددەس روھ، مەريەم ئانا ۋە ھەۋارىيلارغا چېركاۋ ۋەكىللىك قىلىدۇ. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن ئەسلى ئىلاھ چېركاۋدۇر.

چېركاۋ مۇئەييەن دەرىجىلەرگە ئايرىلغان ئورگانلاردىن ۋە ئىيسا مەسىھنىڭ سىرلىق بەدىنىدىن تەركىب تاپقان بىر تەشكىلاتتۇر. ساماۋىي ھەدىيىلەر بىلەن بېزەلگەن. ئۇ بىرى ئىنسانىي يەنە بىرى ئىلاھىي بولغان ئىككى پەرقلىق تەركىبى قىسىمغا ئىگە[69]. چېركاۋ ئىنسانىيەت بىلەن ئاللاھنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بىرلىكنىڭ ئىشارىتى ۋە ۋاسىتىسىدۇر[70]. ئىيسا مەسىھكە ئوخشايدىغان چېركاۋ خىزمەتچىلىرى ئىيسا مەسىھنىڭ بەندىلىرىدۇر. چۈنكى ئۇلارنىڭ ئېيتقان سۆزلىرى ۋە قىلغان ئىھسانلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئەمەس، بەلكى ئىيسا مەسىھنىڭ باشقىلارغا بېرىش ئۈچۈن ئۇلارغا ئامانەت قىلىنغان سۆز ۋە ئىھسانلىرىدۇر[71].

بىر پروتېستانت پوپ بىلەن ئوتتۇرىمىزدا بولۇپ ئۆتكەن تۆۋەندىكى دىئالوگ چېركاۋنىڭ ئۆزىنى ئاللاھنىڭ ئورنىدا تۇتىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ:

**بايىندىر:** خرىستىئان بولۇشنىڭ ئەڭ مۇھىم شەرتى نېمە؟

---

[69] - كاتولىك چېركاۋى دىن ۋە ئەخلاق ئاساسلىرى، 771- پاراگراف.

[70] - كاتولىك چېركاۋى دىن ۋە ئەخلاق ئاساسلىرى، 775- پاراگراف.

[71] - كاتولىك چېركاۋى دىن ۋە ئەخلاق ئاساسلىرى، 876- پاراگراف.

**پوپ:** چۆمۈلدۈرۈلۈش[72].

**بايىندىر:** چېركاۋنىڭ بارلىق ئېتىقاد ۋە ئىبادەتلىرىنى سەممىيلىك بىلەن قوبۇل قىلغان، مۇراسىملارغا ئاكتىپ قاتناشقان، چېركاۋغا داۋاملىق ياردەم قىلىپ تۇرغان، لېكىن چۆمۈلدۈرۈلمىگەن بىر كىشى خىرىستىئان ھېسابلىنامدۇ؟

**پوپ:** ياق. چۈنكى ئۇ بارلىق ئىنسانلارغا ئوخشاش ئادەم (ئەلەيھىسسالام) ئۆتكۈزگەن ئەسلى گۇناھ بىلەن تۇغۇلغان. ئۇنىڭدىن ۋە پۈتۈن گۇناھلاردىن پاكلىنىشى پەقەت چۆمۈلدۈرۈش بىلەن بولىدۇ. چۆمۈلدۈرۈش كىشىنى تەڭرىنىڭ خەلقى ئىچىگە قوشىدۇ[73].

**بايىندىر:** بىر كىشى چۆمۈلدۈرۈلۈشنى تەلەپ قىلسا، لېكىن تەلىپى قوبۇل قىلىنمىسا، باشقا بىر چېركاۋغا كېتىۋېتىپ يولدا ئۆلگەن بولسا، ئۇ كىشى جەننەتكە كىرەمدۇ ياكى دوزاخقىمۇ؟

**پوپ:** دوزاخقا كىرىدۇ. چۈنكى ئۇ چۆمۈلدۈرۈلمىگەن.

**بايىندىر:** بوۋاق چېغىدا چۆمۈلدۈرۈلۈپ، ئاندىن كېيىن چېركاۋغا ھېچ يېقىنلاشمىغان، ئۆمرى گۇناھ ئىشلارنى قىلىش بىلەن تولۇپ كەتكەن بىر كىشى ئۆلگەندىن كېيىن قەيەرگە بارىدۇ؟

72ـ چۆمۈلدۈرۈش چۆكتۈرمەك ياكى سۇغا پاتۇرماق دېمەكتۇر. مەسىھنىڭ ئۆلۈمىدە كۆمۈلۈشىنى ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە تىرىلىپ يېڭى بىر مەخلۇق سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىشىنى سىمۋول قىلىدۇ. ـ (كاتولىك چېركاۋى دىن ۋە ئەخلاق ئاساسلىرى، 1214ـ پاراگراف).

73ـ كاتولىكلارنىڭ كۆزقارىشىدا چۆمۈلدۈرۈش بىلەن پۈتۈن گۇناھلار، ئەسلى گۇناھ ۋە بارلىق شەخسي گۇناھلار جازالىرى بىلەن بىرلەكتە ئەپۇ قىلىنغان بولىدۇ. چۆمۈلدۈرۈش بىلەن پاكلانغان كىشىلەرنىڭ، تەڭرىنىڭ پادىشاھلىقىغا كىرىشىگە ئادەمنىڭ گۇناھىمۇ، شەخسي گۇناھلارمۇ، ھەممىدىن يامىنى تەڭرىدىن ئايرىلىش بولغان گۇناھمۇ توسالغۇ بولمايدۇ.ـ (كاتولىك چېركاۋى دىن ۋە ئەخلاق ئاساسلىرى، 1263ـ پاراگراف).

**پوپ:** جەننەتكە. چۈنكى ئۇ چۆمۈلدۈرۈلۈش ئارقىلىق تەڭرىنىڭ خەلقىدىن بولغان.

**بايىندىر:** بۈگۈن نۇرغۇن جايلاردا مۇسۇلمان بولغان خرىستىئانلار بار. بۇلار سىزچىمۇ مۇسۇلمان ھېسابلىنامدۇ؟

**پوپ:** ياق. ئۇلار خرىستىئاندۇر. چۈنكى بىز ئۇلارنى چېركاۋدىن چىقىرىۋەتمىدۇق، ئەمەسمۇ!

**بايىندىر:** يەنى خرىستىئانلىقتىن چىقىش ئۈچۈنمۇ سىلەرنىڭ تەستىقىڭلار بولۇشى كېرەك. مەيلى يېڭى تۇغۇلغان بىر بوۋاق ھالىتىدە چۆمۈلدۈرۈلگەن بولسىمۇ، شۇنداقمۇ؟

**پوپ:** ھەئە، شۇنداق.

**بايىندىر:** بۇ دىنغا كىرىشمۇ سىلەرنىڭ قارارىڭلار بىلەن بولىدىكەن، چىقىشمۇ شۇنداق. ئۇنداق بولسا، بۇ دىن ئاللاھنىڭ دىنى ئەمەس، چېركاۋنىڭ دىنى بولۇشى كېرەك.

**پوپ:** ھىم...

## ب ـ تاۋزمدا ۋەسلە ئېتىقادى

تاۋزم جوڭگۇنىڭ ئاساسلىق دىنىي ئېتىقادلىرىدىن بىرى ھېسابلىنىدۇ. بۇ دىنىنىڭ قۇرغۇچىسى لاۋزى بولۇپ، ئۇنىڭ كۈڭزىدىن 53 ياش چوڭ ئىكەنلىكى مەلۇم. لاۋزى ئۆمرىنىڭ ئاخىرلىرىدا جوڭگودىن غەربكە ساياھەتكە چىققان. بارغان يەرلىرىدە مۇقەددەس بىر كىشى سۈپىتىدە ئېتىبارغا ئېرىشكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن تاۋزم كۈڭزى تەلىماتى، بۇددا دىنى ۋە ھىندى دىنلىرىنىڭ ئورتاق تەۋەررۈكىگە ئايلانغان.

ئاللاھ تەئالا ھەر جەمئىيەتكە پەيغەمبەر ئەۋەتكەن. ئۇ مۇنداق دەيدۇ:

«إِنَّا أَرْسَلْنَاكَ بِالْحَقِّ بَشِيرًا وَنَذِيرًا وَإِنْ مِنْ أُمَّةٍ إِلَّا خَلَا فِيهَا نَذِيرٌ»

«ئى مۇھەممەد! بىز سېنى خۇش خەۋەر بەرگۈچى ۋە ئاگاھلاندۇرغۇچى قىلىپ قۇرئان بىلەن ئەۋەتتۇق. ئاگاھلاندۇرغۇچى ئەۋەتىلمىگەن ھېچبىر ئۈممەت يوقتۇر»ـ فاتىر 3 /24.

قۇرئاندا ئىسمى زىكىر قىلىنغان پەيغەمبەرلەر مەككىنىڭ يېقىن ئەتراپىدىكى رايونلارغا يەنى ئوتتۇرا شەرق رايونلىرىغا ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرلەردۇر.


ئاللاھنىڭ كىتابلىرى تەۋرات، زەبۇر، ئىنجىل ۋە قۇرئاندىنلا ئىبارەت ئەمەس. ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ:

«لَقَدْ أَرْسَلْنَا رُسُلَنَا بِالْبَيِّنَاتِ وَأَنْزَلْنَا مَعَهُمُ الْكِتَابَ وَالْمِيزَانَ لِيَقُومَ النَّاسُ بِالْقِسْطِ وَأَنْزَلْنَا الْحَدِيدَ فِيهِ بَأْسٌ شَدِيدٌ وَمَنَافِعُ لِلنَّاسِ وَلِيَعْلَمَ اللَّهُ مَنْ يَنْصُرُهُ وَرُسُلَهُ بِالْغَيْبِ إِنَّ اللَّهَ قَوِيٌّ عَزِيزٌ»

«بىز ئەلچىلىرىمىزنى مۆجىزىلەر بىلەن ئەۋەتتۇق، ئىنسانلار ئادالەتنى پەرپا قىلسۇن دەپ ئۇ ئەلچىلەرگە كىتابنى ۋە تارازىنى نازىل قىلدۇق. بىز تۆمۈرنىمۇ نازىل قىلدۇق، ئۇنىڭدا شىددەتلىك بىر كۈچ ۋە ئىنسانلار ئۈچۈن مەنپەئەتلەر بار. بۇ ئاللاھنىڭ، ئاللاھنى كۆرمەي تۇرۇپ ئاللاھقا ۋە ئاللاھنىڭ ئەلچىلىرىگە ياردەم بېرىدىغانلارنى بىلىشى ئۈچۈندۇر. شۈبھىسىزكى، ئاللاھ كۈچلۈك ۋە غالىبتۇر»- ھەدىد 25/57.

شۇنىڭ ئۈچۈن بىز تاۋىزمنىڭ ئۆتمۈشىدىمۇ بىر پەيغەمبەر ۋە پەيغەمبەر يەتكۈزگەن بىر كىتاب بولۇشى مۇمكىن دەپ قارايمىز. ئىبراھىم ۋە ئىسمائىل ئەلەيھىمۇسسالاملار بۇ دۇنيادىن كەتكەندىن كېيىن مەككە خەلقى ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈشكەن. خرىستىئانلارنىڭ زور كۆپچىلىكى بولسا، ھاياتىنى شېرىككە قارشى كۆرەش قىلىشقا بېغىشلىغان ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى ۋە مۇقەددەس روھ يەنى جەبرائىل ئەلەيھىسسالامنى كېيىن ئاللاھقا شېرىك قىلغان. بۇنىڭغا ئوخشاش ئەھۋال ھەممە جەمئىيەتتە بولغان بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى بىز مىللەتلەرنىڭ ئېتىقاد ئاساسلىرىدا كۈچلۈك بىر ئاللاھ ئېتىقادى بولغانلىقىنى، ئاللاھ بىلەن مۇناسىۋەت ئورناتقانلىقىغا ئېتىقاد قىلىنغان ۋەسىلە ئىلاھلار ۋە ئىلاھلاشتۇرۇلغان كىشىلەر بولغانلىقىنى كۆرىمىز. بۇ ئەھۋال ئىسلامدىن ئىلگىرىكى مەككە جەمئىيىتى بىلەن خرىستىئانلارنىڭ كۆپىنچىسىدە كۆرۈلگەن دىننى يېڭى شەكىللەندۈرۈشكە تامامەن ئوخشاپ كېتىدۇ.

تۆۋەندىكى رەسىم بۇ ئوخشاشلىقنى ئوتتۇرىغا قويماقتا:


ئۆلۈمسىز روھلار
كۆرۈنمەس كۈچلەر
ئالىملار ۋە پەرىشتە كەبى ئۇستازلار
(الصراط المستقيم) توغرا يول
ئىنسان

## تاۋزىمچىلاردا ۋەسلە ئىلاھلار

### *1ـ تاۋ*

تاۋ تەبىئەت قانۇنىنىڭ باشقۇرغۇچىسى ۋە بارلىق شەيئىلەرنىڭ ئۈستىدە تۇرىدىغان ياراتقۇچى قۇدرەتتۇر. ھۆرمەت ۋە ئىبادەت قىلىنىشقا تېگىشلىك ئالىي ھۆكۈمراندۇر. كائىناتنىڭ ئىنتىزامىنى ئۇ بېكىتكەن. ئەتىگىنى تاۋنى ئەسلىگەن كىشى ئاخشىمى ئاسان ئۆلىدۇ[74].

ئۇ ئۇلۇغدۇر، كاتتىدۇر، يەردىكى ئىنسانلارنى باشقۇرىدۇ. يامان كىشىلەر كۆپەيگەندە ھۆكۈمرانلىقى كەسكىنلىشىدۇ. ئۆلۈش ۋە تىرىلىش، شەرەپ ۋە بايلىق ئۇنىڭ ئىرادىسى بويىچە بولىدۇ[75]. ئۇ ئەزەلىيدۇر، ئەبەدىيدۇر. ھەر يەردە باردۇر، لېكىن بارلىقىنىڭ قانداق ھالەتتە ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولمايدۇ[76]. ئۇنى زېھنىدە شەكىللەندۈرۈشكە ئۇرۇنغۇچى زىيان تارتىدۇ. ئۇ يارىتىلمىغان، ھەر نەرسىنى ياراتقۇچى ئۇدۇر. ئۆزگەرمەيدۇ، داۋاملىق بار ۋە داۋاملىق تەيياردۇر[77]. ھەر نەرسىنى ئوچۇقچە كۆرىدۇ ۋە ئىنسانلارنىڭ بارلىق ئىشلىرىدا ئۇلار بىلەن بىللە بولىدۇ[78].

يۇقىرىدىكى مەلۇماتلاردىن قارىغاندا ئۇلارنىڭ تاۋ بىلەن ئاللاھنى مەقسەت قىلغانلىقى ئېنىق.

---

74ـ گۈنەي تۈمەر، ئابدۇرراھمان كۈچۈك، دىنلەر تارىخى، ئوجاق نەشرىياتى، ئەنقەرە، 1997 س. 62.

75ـ گۈنەي تۈمەر، ئابدۇرراھمان كۈچۈك، دىنلەر تارىخى، ئوجاق نەشرىياتى، ئەنقەرە، 1997 س.63.

76ـ يەنەر ئوسمان، دىنلەر تارىخى، ئوجاق نەشرىياتى، ئەنقەرە، 1997 س. 16ـ 26ـ 46.

77ـ لياۋزى، بىلىنمىگەن تەلىماتلار ( Hua Hu King)، تەرجىمە قىلغۇچى: ئىسمائىل تاشپىنار، ئامىنە گۈلشاھ جوشقۇن، كاكنۇس نەشرىياتى، ئىستانبۇل، 1999. 20ـ، 92ـ، 88ـ، 36ـ بەتلەر.

78ـ گۈنەي تۈمەر، ئابدۇرراھمان كۈچۈك، دىنلەر تارىخى، ئوجاق نەشرىياتى، ئەنقەرە، 1997 س.63.

## 2- تې

تې تاۋنىڭ ھەقىقىي مەۋجۇتلۇقىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى[79]، ئىنساندا ۋە باشقا مەخلۇقاتلاردا كۆرۈنۈش ھالىتى. بارلىق مەۋجۇداتنى تاۋ مەيدانغا كەلتۈرىدۇ، تې ئوزۇقلاندۇرىدۇ، تەربىيىلەيدۇ، شەكىل بېرىدۇ ۋە كۈچىنى تولۇقلايدۇ. پۈتۈن مەۋجۇداتت تاۋنى ئۇلۇغلايدۇ، تېنى قەدىرلەيدۇ[80].

## 3- يىن ياڭ

بۇلار كائىناتنىڭ ئىنتىزامىنى ساقلايدىغان ۋە باشقۇرىدىغان ئىككى چوڭ كۈچنىڭ ئالەمشۇمۇل سىمۋولى. بۇ ئىككى كۈچ بىر-بىرىدىن مۇستەقىل ھالدا مەۋجۇتلۇقىنى داۋاملاشتۇرالمايدۇ [81]. ھەممە نەرسە يىن ۋە ياڭنىڭ سىرلىق مۇناسىۋتى نەتىجىسىدە روھىي ئالەمدىن دۇنياغا چىقىرىلىدۇ. بۇ پرىنسىپنى تاۋ ياراتقان. كېيىن تاۋنىڭ يارىتىش كۈچى يىڭ بىلەن ياڭغا ئۆتۈپ كەتكەن. بۇ نۇقتىدا تې بۇ ئىككى كۈچنى بىرلىك ئىچىدە بىر-بىرىگە ماس بىر شەكىلدە تۇتىدۇ[82].

تاۋدىن بىر (تې) تۇغۇلىدۇ، بىردىن ئىككى (يىڭ-ياڭ) [83]، ئىككىدىن ئۈچ، ئۈچتىن ئون مىڭ شەيئى تۇغۇلىدۇ. بارلىق مەۋجۇدات زىددىيەتسىز ھالدا يىننى قانات ئاستىغا ئالىدۇ، ياڭنى باغرىغا باسىدۇ[84].

---

[79]- گۈنەي تۈمەر، ئابدۇرراھمان كۈچۈك، دىنلەر تارىخى، ئوجاق نەشرىياتى، ئەنقەرە، 1997 69- 70- بەت.

[80]- ژ. س كوپېر، ئەردەمنىڭ نۇرى (تاۋچىلىق)، ئىسمەت زەكى ئەيىۈبئوغلۇ تەرجىمىسى، ساي نەشرىياتى، ئىستانبۇل، 1994، 39- بەت.

[81]- ئىزىتسۇ توشكو، تاۋچىلىقتا ئاچقۇچلۇق چۈشەنچىلەر، ئەھمەت يۈكسەل ئۆزئەمرە تەرجىمىسى، كاكنۇس نەشرىياتى، ئىستانبۇل، 2001، 164- بەت.

[82]- لياۋزى، بىلىنمىگەن تەلىماتلار (Hua Hu King)، 65- بەت.

[83]- يەنەر ئوسمان، دىنلەر تارىخى، ئوجاق نەشرىياتى، ئەنقەرە، 1997، 60- بەت.

[84]- لياۋزى، بىلىنمىگەن تەلىماتلار (Hua Hu King)، 51- بەت.

تاۋنىڭ يارتىش سۈپىتى تېغا بېرىلگەن. ئۇ بۇنى يىن ۋە ياڭ ئىككىسى بىلەن ئەمەلىيلەشتۈرمەكتە. يارتىلغان بارلىق نەرسىلەرنى تې كونترول قىلىدۇ.

### 4- ئۆلۈمسىز روھلار ۋە روھىي كۈچلەر

«تاۋ بىلەن يېقىن مۇناسىۋەت ئورناتقان بىرى ئۈچۈن قاراڭغۇلۇق بىلەن يورۇقلۇق، ھايات بىلەن ئۆلۈم ئوتتۇرىسىدىكى ئېنىقتۇ چېگرالار ئەمەلدىن قالىدۇ. ئۇ نۇرغۇنلىغان ئالىي روھلۇق مەۋجۇداتنىڭ دوستلۇقىغا ئېرىشىدۇ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا سەلبىي تەسىرلەردىن ساقلىنىپ قالىدۇ ۋە يوقالمايدىغان ھايات كۈچىگە ئىگە بولىدۇ، شۇنداقلا ئەبەدىي ھاياتقا يېتىپ بارىدۇ»[85].

«دەرەخلەر ۋە ھايۋانلار، ئىنسانلار ۋە ھاشاراتلار، گۈل- چېچەكلەر ۋە قۇشلار... بۇلار يۇلتۇزلاردىن كائىناتقا ئېقىپ چۈشكەن روھىي كۈچلەرنىڭ جانلىق خىياللىرىدۇر. ئۇلار بىر-بىرى بىلەن ۋە يەر يۈزىدىكى مەخلۇقات بىلەن ئۇچرىشىش ۋە بىرلىشىش ئارقىلىق جانلىقلارنىڭ ھەممىسىگە ھاياتلىق بېرىدۇ»[86].

### 5- ئاتا- بوۋىلارنىڭ روھلىرى

ھەر ئائىلە ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ روھلىرىنى ئالاھىدە قوغدىغۇچى دەپ قارايدۇ ۋە ئۆيلىرىدە ئۇلار ئۈچۈن بىر ئورۇن ئايرىپ قويىدۇ[87]. بەزىدە ئاتا- بوۋىلار چاقىرىلىدۇ ۋە مۇھىم مەسىلىلەر ھەققىدە مەلۇمات بېرىلىپ، ياردەم

---

85- لياۋزى، بىلىنمىگەن تەلىماتلار (Hua Hu King)، 52- بەت.

86- گۈنەي تۆمەر، ئابدۇرراھمان كۆچۈك، دىنلەر تارىخى، ئوجاق نەشرىياتى، ئەنقەرە، 1997، 58- بەت.

87- گۈنەي تۆمەر، ئابدۇرراھمان كۆچۈك، دىنلەر تارىخى، ئوجاق نەشرىياتى، ئەنقەرە، 1997، 58- بەت.

تەلەپ قىلىنىدۇ. مازارلار بەرىكەت بەرسۇن دەپ ئىتىزلىقلاردا بولىدۇ. باھار پەسلىدە سۆپۈرۈلىدۇ ۋە نەزىر-چىراق سۇنىلىدۇ[88].

## 6- دانىشمەنلەر ۋە پەرىشتە سۈپەت ئۇستازلار

غەيبنى بىلىدىغانلىقىغا ئېتىقاد قىلىنغان دانىشمەنلەر، ئۆلمەيدىغان زاتلار ۋە پەرىشتە سۈپەت ئۇستازلار ئىلاھىي كۈچكە ئېرىشىشنىڭ يوللىرىدۇر. بۇلارنىڭ ۋەسىلىسى بىلەن مەڭگۈ ياشىغىلى شۇنداقلا ئەبەدىي ھاياتقا يەتكىلى بولىدۇ. بۇلار ئىلاھىي مەۋجۇداتلار بىلەن ئىنسانلار ئارىسىدىكى ۋەسىلىلەردۇر.

بۇلار ئىشىكلىرىنىڭ ئالدىغا چىقماستىن كائىناتنى بىلىدۇ. دەرىزىدىن قارىماستىن ئاسماننى كۆرىدۇ. بارماستىن بىلىدۇ، قارىماستىن كۆرىدۇ. ئىش قىلماستىن غەلىبە قىلىدۇ[89]. بۇ پەرىشتە سۈپەت ئۇستازلارنى ئىزدەپ تاپقىلى بولمايدۇ. ئىزدىگەنلەرنى ئۇلار تاپىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن يۇقىرى پاراسەت ۋە ئالىيجانابلىقنىڭ ياردىمى ئارقىلىق ئىلاھىي سەلتەنەت بىلەن مۇناسىۋەت ئورنىتىلغاندا ئاخىرقى مەنىۋىي ھەقىقەتلەرنىڭ يۈتكىلىشىمۇ بۇنىڭغا ئەگىشىپ

[88]- يەنەر ئوسمان، دىنلەر تارىخى، ئوجاق نەشرىياتى، ئەنقەرە، 1997، 65- بەت.

[89]- يەنەر ئوسمان، دىنلەر تارىخى، ئوجاق نەشرىياتى، ئەنقەرە، 1997، 65- بەت.

كېلىدۇ. بۇ بارلىق پەرىشتىلەرنىڭ ئىلاھىي سەلتەنەتكە يېتىپ بېرىشتا بېسىپ ئۆتكەن يولىدۇر[90].

«... مۇكەممەل يول داۋامىدا مەيدانغا كېلىدىغان ئىلگىرىلەشنىڭ ھەر باسقۇچىدا ئەتە دۇنيا مۇلكىدە ئۇمىدلىك كۆرۈنگەنگە ئەمەس، بۇگۈن مەنىۋىي مۇلكتە مۇھىم بولغانغا ئېتىبار بېرىشنى ئۆگىنىسەن. ئۇ چاغدا سىرلىق ئىشىك ئېچىلىدۇ، سەن چوپچوڭ كائىناتنىڭ باشقۇرمىغان باشقۇرغۇچىلىرىغا، ياراتمىغان ياراتقۇچىلىرىغا قوشۇلۇپ كېتىسەن»[91].

«بارلىق مۇرشىدلار ۋە تېخنىكلار ئۆتكۈنچىدۇر. ھەقىقىي ئەمەلىيلىشىش ئىنساننىڭ بارلىقىنىڭ تاۋنىڭ ئىلاھىي ئېنېرگىيىسى بىلەن بىرلىششىدىن مەيدانغا كېلىدۇ»[92].

## 7- رابىتە

«كىم تاۋغا يەتمەكچى بولسا، پەرىشتە سۈپەت ئۇستازلاردىن بىرى بىلەن رابىتە قۇرۇشى لازىم. بۇ كىشى ئۇستازلارنىڭ تەلىماتلىرى بويىچە ئىش قىلىشى، ئىككىلىك بىلەن مۇناسىۋەتلىك پۈتۈن چۈشەنچىلەرنى توغرىلىشى[93]، باشقىلارغا خىزمەت قىلىش ئۈچۈن قولىدىن كەلگەننى قىلىشى، ئىچكى پاكلىقنى ئادا قىلىشى، ئۇستازنى كېرەكسىز تۇسالغۇلار بىلەن بىئارام

[90]- لياۋزى، بىلىنمىگەن تەلىماتلار (Hua Hu King)، 82- بەت.
[91]- لياۋزى، بىلىنمىگەن تەلىماتلار (Hua Hu King)، 83- بەت.
[92]- لياۋزى، بىلىنمىگەن تەلىماتلار (Hua Hu King)، 96- بەت.
93- بۇ سۆزنىڭ مەنىسى تەڭرى ۋە تەڭرى ياراتقان نەرسىلەردىن ئىبارەت ئىككى تۈرلۈك مەۋجۇدىيەت بار دېگەن چۈشەنچىنى تاشلاپ، ۋەھدەتۇلۋۇجۇد يەنى تەڭرى ۋە باشقا بارلىق نەرسىلەر بىر، دېگەن چۈشەنچىگە كەلگەن بولۇشى، دېمەكتۇر.

قىلماسلىقى، ئۇستازىنىڭ ئىلاھىي كۈچى بىلەن مەنىۋى رابىتىسىنى داۋاملاشتۇرۇشى لازىم. شۇنداق قىلىپ ئۇ بارلىق توسالغۇلاردىن ھالقىپ ئۆتىدۇ، مۇتلەق سەممىيەتنى ھەر دائىم مۇھاپىزەت قىلىدۇ. كائىناتنىڭ سەزگۈرلۈكىنى ئەسكە سالىدىغان كەمتەرلىكى، ئىرادىسى ۋە ماسلىشىشچانلىقى ئۇنى ئىلاھىي نۇر بىلەن تولدۇرىدۇ»[94].

[94]- لياۋزى، بىلىنمىگەن تەلىماتلار (Hua Hu King)، 32- بەت.

# ئۈچىنچى بۆلۈم

## ئەھلى كىتابقا كۆڭۈل بېرىۋاتقان مۇسۇلمانلار

ئەبۇ سەئىد ئەل-خۇدرىينىڭ رىۋايەت قىلىشىچە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«شۇبھىسىزكى، سىلەر سىلەردىن ئىلگىرى ئۆتكەنلەرنىڭ يوللىرىغا غېرىچمۇغېرىچ، گەزمۇگەز ئەگىشىپ كېتىسىلەر. ھەتتا ئۇلار بىر كېلەرنىڭ ئۇۋۇسىغا كىرگەن بولسا يەنىلا ئۇلارغا ئەگىشىسىلەر» دېدى. بىز: «ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى! ئۇلار يەھۇدىي ۋە خرىستىئانلارمۇ؟» دېۋىدۇق، ئۇ: «ئۇلاردىن باشقا كىم بولاتتى؟» دېدى[95].

زامانىمىزدا يەھۇدىيلارغا قارىغاندا خرىستىئانلارنىڭ تەسىرى كۈچلۈكرەك بولغانلىقى ئۈچۈن تۆۋەندە دىنىي تۇسكە ئىگە بەزى تەرىقەتچى گۇرۇھلار بىلەن كاتولىكلارنى سېلىشتۇرۇپ كۆرىمىز.

---

95- بۇخارى، ئىئتىسام بىلكىتابى ۋەسسۇننەتى، 14- باب، 7320- نومۇرلۇق ھەدىس؛ مۇسلىم، ئىلىم، 3- باب، 6 (2669)- نومۇرلۇق ھەدىس؛ ئىبنى ماجە، فىتەن، 17- باب، 3994- نومۇرلۇق ھەدىس.

## ئا۔ شېرىكنى رەت قىلىدىغاندەك كۆرۈنۈش

كاتولىكلارنىڭ كۆز قارىشىدا شېرىك ئەڭ چوڭ گۇناھتۇر. «بىرىنچى بۇيرۇق شېرىك كەلتۈرۈشنى چەكلەيدۇ. ئاللاھتىن باشقا تەڭرىلەرگە ئىشىنىش ۋە يېگانە بولغان ئاللاھتىن باشقا ئىلاھلارغا ھۆرمەت بىلدۈرۈش چەكلىنىدۇ. بۇتلار رەت قىلىنىدۇ»[96]. مۇقەددەس كىتابتا مۇنداق دېيىلىدۇ:

«ئاڭلىغىن ئى ئىسرائىللار! بىزنىڭ ئاللاھىمىز بولغان رەب، يېگانە رەبتۇر»۔ (مارقۇس 29/12).

ئىيسا مۇنداق دېگەن: «رەببىڭلار بولغان ئاللاھقىلا چوقۇنۇڭلار، پەقەت ئۇنىڭغىلا ئىبادەت قىلىڭلار»۔ (لۇقا 8/4).

ئىنجىلدا مۇشۇنداق يېزىلغان بولۇشىغا قارىماي، خرىستىئانلار ئىيسا ئەلەيھىسسالامدىن 4 ئەسىر كېيىن ئۆزلىرى بىلەن ئاللاھنىڭ ئارىسىغا ۋەسىلە تەڭرىلەر قويغان. مىلادىيىنىڭ 325۔ يىلى توپلانغان ئىزنىك كونسىلى ئىمان ئاساسلىرىنى مۇنداق بايان قىلىدۇ: «تەڭرىنىڭ يېگانە ئوغلى ئەزەلدە ئاتىدىن تۇغۇلغان، نۇردىن كەلگەن نۇر، ھەقىقىي تەڭرىدىن كەلگەن ھەقىقىي تەڭرى، يارىتىلماستىن ئاتا بىلەن ئوخشاش جەۋھەردىندۇر»[97].

كاتولىكلار ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرمىگەنلىكىنى، يەنى ئۆزلىرىنىڭ مۇشرىك ئەمەسلىكىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ئاتا، ئوغۇل ۋە مۇقەددەس روھتىن ئىبارەت بۇ ئۈچىنى يالغۇز بىر تەڭرىدەك كۆرسىتىشكە تىرىشقان. ئۇلار بۇنى مۇنداق ئىپادىلەيدۇ: «ھەممىگە قادىر ئاتا، ئۇنىڭ يېگانە ئوغلى ۋە مۇقەددەس روھ يالغۇز بىرلا تەڭرىدۇر: ناھايىتى مۇقەددەس ئۈچ بىرلىك»[98].

---

[96]۔ كاتولىك چېركاۋى دىن ۋە ئەخلاق ئاساسلىرى، 2112۔ پاراگراف.

[97]۔ كاتولىك چېركاۋى دىن ۋە ئەخلاق ئاساسلىرى، 242۔ پاراگراف.

[98]۔ كاتولىك چېركاۋى دىن ۋە ئەخلاق ئاساسلىرى، 233۔ پاراگراف.

لېكىن ئۇلار بۇنىڭ توغرا ئەمەسلىكىنى بىلىدۇ. چۈنكى ئۇلار مۇنداق دەيدۇ:

«تەگرىدىكى كىشىلەر بىر-بىرىگە ئوخشىمايدۇ. ئوغۇل بولغان كىشى ئاتا ئەمەستۇر. ئاتا بولغان كىشىمۇ ئوغۇل ئەمەستۇر. مۇقەددەس روھ بولغان كىشى بولسا ئاتىمۇ ئەمەستۇر، ئوغۇلمۇ ئەمەستۇر. بۇلار ئەسلىدىن كەلگەن مۇناسىۋەتلەر سەۋەبىدىن بىر-بىرىگە ئوخشىمايدۇ»[99].

ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ:

**«لَقَدْ كَفَرَ الَّذِينَ قَالُوا إِنَّ اللَّهَ ثَالِثُ ثَلَاثَةٍ وَمَا مِنْ إِلَهٍ إِلَّا إِلَهٌ وَاحِدٌ وَإِنْ لَمْ يَنْتَهُوا عَمَّا يَقُولُونَ لَيَمَسَّنَّ الَّذِينَ كَفَرُوا مِنْهُمْ عَذَابٌ أَلِيمٌ»**

«ئاللاھ ئۈچ ئىلاھنىڭ بىرىدۇر، دېگۈچىلەر شەكسىز كاپىر بولدى. بىر ئىلاھتىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر. ئەگەر ئۇلار ئېيتىۋاتقان سۆزلىرىدىن قايتمىسا، ئۇلاردىن ئىبارەت بولغان كاپىرلار قاتتىق ئازابقا قالىدۇ»-مائىدە 73/5.

مۇسۇلمانلارنىڭ تەرىقەتچىلىرىگە نىسبەتەنمۇ شېرىك ئەڭ چوڭ گۇناھتۇر. چۈنكى ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ:

**«إِنَّ اللَّهَ لاَ يَغْفِرُ أَن يُشْرَكَ بِهِ وَيَغْفِرُ مَا دُونَ ذَلِكَ لِمَن يَشَاءُ»**

«ئاللاھ ئۆزىگە شېرىك كەلتۈرۈلۈشىنى ھەرگىز مەغپىرەت قىلمايدۇ، بۇنىڭ ئاستىدىكى گۇناھنى خالىغان كىشىگە مەغپىرەت قىلىدۇ»- نىسا 48/4.

---

[99]- كاتولىك چېركاۋى دىن ۋە ئەخلاق ئاساسلىرى، 254- پاراگراف.

قۇرئان كەرىمنىڭ ھەر بېتىدە دېگۈدەك شېرىك بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەر بار. لېكىن مۇسۇلمانلارنىڭ ئېتىقادىنى ئاساسى تېما قىلغان مەنبەلەردە بۇ ئايەتلەر ئۈستىدە يېتەرلىك دەرىجىدە پىكىر يۈرگۈزۈلمىگەن. ھەتتا نۇرغۇن ئايەتلەرنىڭ ئۈستى گويا پەردىلەنگەن. نەتىجىدە بەزى تەرىقەتچىلەر شېرىك توغرىسىدا ئۆز يولىنى تاشلاپ خرىستىئانلارنىڭ يولىغا كىرىپ كەتكەن.

### ب ـ پەيغەمبەرنى ئىلاھلاشتۇرۇش

شەيتان ئاللاھقا مۇنداق دىگەن ئىدى:

**«فَبِمَا أَغْوَيْتَنِي لَأَقْعُدَنَّ لَهُمْ صِرَاطَكَ الْمُسْتَقِيمَ . ثُمَّ لَآتِيَنَّهُمْ مِنْ بَيْنِ أَيْدِيهِمْ وَمِنْ خَلْفِهِمْ وَعَنْ أَيْمَانِهِمْ وَعَنْ شَمَائِلِهِمْ وَلَا تَجِدُ أَكْثَرَهُمْ شَاكِرِينَ»**

«سەن مىنى ئازدۇرغانلىقىڭ تۈپەيلى مەن چوقۇم ئۇلار ئۈچۈن سىنىڭ توغرا يولۇڭدا ئولتۇرىمەن.

ئاندىن كىيىن چوقۇم ئۇلارغا ئالدىلىرىدىن، ئارقىلىرىدىن، ئوڭلىرىدىن ۋە سوللىرىدىن كىلىمەن. ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكىنى شۈكرى قىلغۇچى كۆرمەيسەن»ـ ئەئراف 16/7ـ17.

شەيتان توغرا يولغا كىرگەنلەنلەرنى ئازدۇرۇشقا تىرىشىدۇ. پەيغەمبەرنى ئىنساندىن ئۈستۈن كۆرستىش ئۇنىڭ ئەڭ مۇھىم تۇزاقلىرىدىن بىرى. بۇ ھەقتە ئۇنىڭغا ياردەم بىرىدىغان ئىنسانىي شەيتانلارمۇ بار. پەيغەمبەرنى ئىنساندىن ئۈستۈن كۆرستىش ئاسان. چۈنكى ئىنسانلار پەيغەمبەرلەرنىڭ ئۆزلىرىگە ئوخشاش بىرى بولۇشىنى قوبۇل قىلىشتا زورلانغان. ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ:

**«وَمَا مَنَعَ النَّاسَ أَنْ يُؤْمِنُوا إِذْ جَاءَهُمُ الْهُدَى إِلَّا أَنْ قَالُوا أَبَعَثَ اللَّهُ بَشَرًا رَسُولًا . قُلْ لَوْ كَانَ فِي الْأَرْضِ مَلَائِكَةٌ يَمْشُونَ مُطْمَئِنِّينَ لَنَزَّلْنَا عَلَيْهِمْ مِنَ السَّمَاءِ مَلَكًا رَسُولًا»**

«ئىنسانلارنىڭ ئۆزلىرىگە ھىدايەت كەلگەندە ئىشەنمەسلىكىنىڭ بىرلا سەۋەبى بار. ئۇ بولسا ئۇلارنىڭ: ‹ئاللاھ بىر ئىنساننى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتەمدۇ؟› دىگەن چۈشەنچىسىدۇر.

ئېيتقىنكى: ‹ئەگەر زېمىندا مېڭىپ يۈرۈيدىغانلار ئۇ يەرگە ئولتۇراقلاشقان پەرىشتىلەر بولسا ئىدى، بىز ئەلۋەتتە ئۇلارغا ئاسماندىن بىر پەرىشتىنى پەيغەمبەر قىلىپ چۈشۈرەتتۇق››» - ئىسرا 17/94-95.

مەككىلىكلەر پەيغەمبىرىمىز بىلەن مۇناسىۋەتلىك ھەيرانلىقلىرىنى مۇنداق ئىپادىلىگەن:

**«مَالِ هَذَا الرَّسُولِ يَأْكُلُ الطَّعَامَ وَيَمْشِي فِي الْأَسْوَاقِ لَوْلَا أُنْزِلَ إِلَيْهِ مَلَكٌ فَيَكُونَ مَعَهُ نَذِيرًا»**

«بۇ قانداق پەيغەمبەر، تاماق يەيدۇ، بازارلاردا ئايلىنىپ يۈرۈيدۇ؟ نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭغا بىر پەرىشتە چۈشۈرۈلۈپ، ئۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە ئاگاھلاندۇرغۇچى بولمىدى؟» - فۇرقان 7/25.

كۆنىمىزدە كۆپلىگەن كىشى تۆۋەندىكى ئايەت ئالدىدا ھەيرانلىقلىرىنى ئىچىگە سىغدۇرالمايدۇ:

**«قُلْ إِنَّمَا أَنَا بَشَرٌ مِثْلُكُمْ يُوحَى إِلَيَّ أَنَّمَا إِلَهُكُمْ إِلَهٌ وَاحِدٌ فَمَنْ كَانَ يَرْجُو لِقَاءَ رَبِّهِ فَلْيَعْمَلْ عَمَلًا صَالِحًا وَلَا يُشْرِكْ بِعِبَادَةِ رَبِّهِ أَحَدًا»**

«ئى مۇھەممەد! ئېيتقىنكى: مەنمۇ سىلەرگە ئوخشاشلا بىر ئىنسانمەن. لېكىن ماڭا، ‹سىلەرنىڭ ئىلاھىڭلار يالغۇز بىر ئىلاھتۇر› دەپ ۋەھيي قىلىنىدۇ. كىم رەببىگە مۇلاقات بولۇشنى ئۈمىد قىلسا، ياخشى ئەمەل قىلسۇن ۋە ئىبادەتتە رەببىگە ھېچكىمنى شېرىك قىلمىسۇن» - (كەھف 110/18). چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىنسانلاردىن ئۈستۈن بىر زات دەپ قارىلىپ كەلگەن.

خرىستىئانلار ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى تەڭرى قىلىۋېلىشتى. بىز بۇ ھەقتە ئىلگىرى توختىلىپ ئۆتتۇق. مەسىلەن: كاتولىكلارنىڭ كۆزقارىشىدا ئىيسا بولمىغان بولسا كائىنات يارىتىلمىغان بولاتتى. ئاسمانلاردا ۋە يەر يۈزىدە كۆرگىلى بولىدىغان-بولمايدىغان بارلىق نەرسىلەر، تەختلەر، سەلتەنەتلەر، ھاكىمىيەتلەر، ۋە ھۆكۈمرانلىقلار... قاتارلىق ھەممە ئىش ئۇنىڭ ۋەسىلىسى بىلەن يارىتىلغان، ئۇنىڭ ئۈچۈن يارىتىلغان[100].

بۇ خاتا ئېتىقاد مۇسۇلمانلارنىڭ ئېتىقادىغىمۇ سىڭىپ كىرگەن. ئىنسانلار تەرىپىدىن ئويدۇرۇپ چىقىرىلغان بىر ھەدىستە ئاللاھ تەئالانىڭ پەيغەمبىرىمىزگە مۇنداق دېگەنلىكى دەۋا قىلىنىدۇ: «سەن بولمىغان بولساڭ كائىناتنى ياراتمىغان بولاتتىم»[101].

[100]- كاتولىك چېركاۋى دىن ۋە ئەخلاق ئاساسلىرى، 331- پاراگراف.

101- ئىسمائىل ئىبنى مۇھەممەد ئەلئەجلۇنىي، كەشفۇلخەفا، بېيرۇت 1408/1988، 2- جىلد، 164- بەت. ئەجلۇنىي بۇ ئەسىرىنى خەلق ئارىسىدا ھەدىس دەپ بىلىنگەن سۆزلەرنىڭ توغرا-خاتالىقىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىش ئۈچۈن ياغان. بۇ سەۋەبتىن ئۇ كىتابتا كۆپ ساندا ئويدۇرما ھەدىس بار. بۇ ھەدىسمۇ ئويدۇرمىدۇر.

بەزى تەرىقەتچىلەرگە نىسبەتەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام يارىتىلىشىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسىدۇر، ئالالاھتىن باشقا ھېچ نەرسە يوق ئىكەن تۇنجى قېتىم ھەقىقەتى مۇھەممەدىييە بار بولغان. پۈتكۈل مەخلۇقات ئۇنىڭدىن يارىتىلغان، ئۇنىڭ ئۈچۈن يارىتىلغان. ھەقىقەتى مۇھەممەدىييە نۇر بولۇش ئېتىبارى بىلەن ئالەمنى يارىتىش قانۇنى ۋە ئۇنىڭ ئەسلىدۇر. بۇ نۇر ئۆلۈمسىز ۋە ئەبەدىي بولغانلىقى ئۈچۈن پەيغەمبەرنى «ئۆلدى» دېيىشكە بولمايدۇ. ھەقىقەتى مۇھەممەدىييە بار ۋە ئەزەلىيدۇر. ئۇ بارلىق پەيغەمبەر ۋە ئەۋلىيالارنىڭ لەدۇننىي ۋە باتىنىي مەلۇماتلارنى ئالغان مەنبەدۇر، ئۇ ھەقتىن كەلگەن پەيزىنىڭ خەلققە يېتىشىگە ۋەسىلە بولىدۇ»[102].

كاتولىكلارنىڭ كۆز قارىشىدا «مەسىھ ئىيسا ھەقىقىي ئالالاھ ۋە ھەقىقىي ئىنساندۇر. مانا بۇ سەۋەبتىن ئۇ ئىنسانلار بىلەن ئالالاھ ئوتتۇرىسىدا بىرلا ۋەسىلىدۇر»[103].

بەزى تەرىقەتچىلەرگە نىسبەتەنمۇ ئالالاھ بىلەن ھەقىقەتى مۇھەممەدىييە بىر ھەقىقەتنىڭ ئالدى ۋە ئارقا يۈزىدۇر[104]. ئۇلار بۇ ھەقتە مۇنداق بىر شېئىر ئوقۇشىدۇ:

«ئەھەد ئەھمەددۇر، كى مىم ئېتەر پەرق،
پۈتۈن ئالەم ئۇ مىم ئىچرە بولۇر غەرق.
ئەھەد يەنى ئالالاھتۇر»[105].

---

102 ـ مەھمەت دەمىرجى، «ھەقىقەتى مۇھەممەدىيە»، دىيانەت ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيەسى ، 15 ـ جىلد، 179 ـ 180.

103 ـ كاتولىك چېركاۋى دىن ۋە ئەخلاق ئاساسلىرى، 480 ـ پاراگراف.

104 ـ مەھمەت دەمىرجى،«ھەقىقەتى مۇھەممەدىيە»، دىيانەت ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيەسى، 15 ـ جىلد، 179 ـ 180.

ئەھمەد مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ قۇرئاندىمۇ ئۆتىدىغان ئىسملىرىدىن بىرىدۇر. «ئەھەد ئەھمەددۇر»، «ئەھەد يەنى ئاللاھتۇر» دېگەن سۆزنىڭ تەبىئىي نەتىجىسى «ئاللاھ ئەھمەددۇر يەنى ئاللاھ مۇھەممەددۇر» دېگەن بولىدۇ. بۇ شېئىرغا قارىغاندا ئەھەد « **أحد** » بىلەن ئەھمەد « **أحمد** » نىڭ ئارىسىدىكى پەرق بىر مىم « **م** » ھەرپىدۇر. بۇ پەرق يېزىلىشتا بولۇپ ئەھمەدنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈندۇر. چۈنكى ئۇلارنىڭ پىكرىچە پۈتۈن ئالەم ئۇ مىم « **م** » نىڭ ئىچىدىدۇر!.. بۇ ئېتىقادنىڭ ئىسلام بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتى بولمىغانلىقى ئېنىق. ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ:

**«وَمَا مُحَمَّدٌ إِلاَّ رَسُولٌ قَدْ خَلَتْ مِن قَبْلِهِ الرُّسُلُ»**

«مۇھەممەد پەقەتلا بىر ئەلچىدۇر. ئۇنىڭدىن بۇرۇنمۇ نۇرغۇن ئەلچىلەر ئۆتتى»ـ ئال ئىمران 144/3.

**«قُلْ إِنَّمَا أَنَا بَشَرٌ مِّثْلُكُمْ يُوحَى إِلَيَّ أَنَّمَا إِلَهُكُمْ إِلَهٌ وَاحِدٌ فَاسْتَقِيمُوا إِلَيْهِ وَاسْتَغْفِرُوهُ وَوَيْلٌ لِّلْمُشْرِكِينَ»**

«ئى مۇھەممەد! ئېيتقىنكى: مەن سىلەرگە ئوخشاشلا بىر ئىنسانمەن. لېكىن ماڭا ‹سىلەرنىڭ ئىلاھىڭلار يالغۇز بىر ئىلاھتۇر›، دەپ ۋەھيي قىلىنىدۇ. شۇڭا ئاللاھقا يۈنىلىڭلار ۋە ئاللاھدىن مەغپىرەت تىلەڭلار. مۇشرىكلارغا ۋاي!»ـ فۇسسىلەت 6/41.

---

[105] ـ ئەلىي رامازان دىنچ، ئىككى جاھان سەرۋەرى پەيغەمبەرى زىيشانىمىز، يېڭى دۇنيا ژورنىلى، 58ـ 59 سانلار، ئاۋغۇست ـ سېنتەبىر 1998، 32ـ بەت.

بۇ نەقشبەندىيە تەرىقىتىنىڭ شەيخ (پىر) لىرىدىن بولۇپ ئەينى ۋاقىتتا ئىلاھىيات فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرگەن كىشىدۇر. مەن بۇ يازمىنى ژورنالدا كۆرگەن كۈنى ئۇنى ئىستانبۇل گېدىكپاشادا بولغان بىر مۇرىدىنىڭ ئۆيىدە زىيارەت قىلىپ تېگىشلىك تەنبىھلەرنى قىلدىم. لېكىن ئۇ بۇنىڭ سۆيگۈدىن بولغانلىقىنى دەۋا قىلىپ پۈتۈن كۈچى بىلەن ئۆزىنى ئاقلىدى. ئىنشائاللاھ ئۆلمەستىن بۇرۇن تەۋبە قىلار. گۇناھنى يېزىپ قىلغانلىقى ئۈچۈن تەۋبىنىمۇ يېزىپ قىلىشى كېرەك.

«**قُلْ إِنِّي لَا أَمْلِكُ لَكُمْ ضَرًّا وَلَا رَشَدًا. قُلْ إِنِّي لَنْ يُجِيرَنِي مِنَ اللَّهِ أَحَدٌ وَلَنْ أَجِدَ مِنْ دُونِهِ مُلْتَحَدًا. إِلَّا بَلَاغًا مِنَ اللَّهِ وَرِسَالَاتِهِ** ...»

«ئى مۇھەممەد! ئېيتقىنكى: مېنىڭ سىلەرگە زىيان يەتكۈزۈشكە ۋە سىلەرنى كامالەتكە يەتكۈزۈشكە كۈچۈم يەتمەيدۇ.

ئى مۇھەممەد! ئېيتقىنكى: مېنى ئاللاھنىڭ ئازابىدىن ھېچكىم قۇتقۇزالمايدۇ. مەن ھەرگىزمۇ ئاللاھدىن باشقا ھېچقانداق باشپاناھ تاپالمايمەن.

مېنىڭ پەقەت ئاللاھنىڭ ئەمرلىرىنى ۋە ئەلچىلىكلىرىنى يەتكۈزۈشكىلا كۈچۈم يېتىدۇ...»- جىن 72/21-23.

## ج- دىنىي زاتلارنى مۇقەددەسلەشتۈرۈش

دىنى زاتلار دەپ تونۇلغان كىشلەرنىڭ خەلق ئىچىدىكى تەسىرىنى كۆچەيتىش ئۈچۈن ئۇلارنى ئادەتتىن تاشقىرى كىشلىككە ئىگە ئىكەنلىكىنى دەۋا قىلىپ تۇرۇپ مۇقەددەسلەشتۈرۈش جەمئىيىتىمىزدە كۆپ ئۇچرايدىغان ئەھۋال. بۇنىڭغا سەئىد نۇرسىينى مىسال قىلىشقا بولىدۇ. رىسالەئى نۇرلار[106]غا نىسبەتەن «سەئىد نۇرسىي، يىگىرمە يىلدا بىلىپ بولغىلى بولىدىغان ئىلىم ۋە پەنلەرنىڭ ھەقىقىتىنى ئۈچ ئايدا چۈشىنىپ ئوقۇشنى پۈتتۈرگەن. ئۇ قايسى ئىلىم ساھەسىدە بولمىسۇن، سورالغان ھەرقانداق سوئالغا ئىككىلىنىپ قالماستىن جاۋاب بەرگەن»[107]. چۈنكى ئۇ «چۈشىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئىلىم تەلەپ قىلغان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا ئۈممەتىدىن سوئال سورىماسلىق شەرتى بىلەن قۇرئان ئىلىملىرىدىن تەلىم بېرىلىدىغانلىقىنى ئېيتقان. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ بالىلىق دەۋرىدىلا ئەسىرنىڭ ئالىمى دەپ تونۇلغان ۋە ھېچكىمدىن سوئال سورىمىغان. لېكىن ئۆزىدىن سورالغان بارلىق سوئاللارغا كەمكۈتىسىز جاۋاب بەرگەن»[108].

---

[106] - سەئىد نۇرسى يازغان كىتابلار «رىسالەئى نۇرلار» دەپ ئاتىلىدۇ.

[107] - رىسالەئى نۇر كۈللىياتى، يېڭى ئاسيا نەشرىياتى، ئىستانبۇل 1995، تارىخچەئى ھايات، 2- جىلد، 2124- بەت. بۇ كىتابنىڭ «تەقدىم» دە كىتابنىڭ 1958- يىلى تەييارلانغانلىقى، سەئىد نۇرسىنىڭ كونترول قىلغانلىقى ۋە تۈزەتكەنلىكى ئىپادىلەنمەكتە.

[108] - رىسالەئى نۇر كۈللىياتى، يېڭى ئاسيا نەشرىياتى، ئىستانبۇل 1995، تارىخچەئى ھايات، دەسلەپكى ھاياتى، ھاشىيە 2، 2- جىلد، 2123- بەت

شىئەلەردىمۇ  مۇشۇنداق بىر دەۋا بار. ئۇلار بۇنى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنهۇنىڭ نەسلىدىن كەلگەن ئىماملار ئۈچۈن سۆزلەيدۇ. ئۇلار مۇنداق دېيىشىدۇ: «...ئىماملارنىڭ ھېچقايسىسى بىر مۇئەللىمنىڭ يېنىغا بارمىغان، بىر ئوقۇتقۇچىدىن بىر نەرسە ئۆگەنمىگەن... ھېچقانداق بىر ئۇستازدىن دەرس ئالمىغان، ھېچقايسىسى بىر مەدرىسە ياكى بىر مەكتەپكە ئوقۇشقا كىرمىگەن. ئۇلار مۇشۇنداق بولۇشىغا قارىماي ئۆزلىرىدىن بىر سوئال سورالسا دەرھال ئەڭ توغرا شەكىلدە جاۋاب بېرىدۇ. ئۇلارنىڭ تىللىرىغا «بىلمەيمەن» دېگەن سۆز كەلمىگەندەك، ئۇلاردىن جاۋاب بېرىش ئۈچۈن ئويلىنىپ تۇرۇپ قېلىش ياكى جاۋابىنىڭ ۋاقتىنى كېچىكتۈرۈپ قويۇشتەك ئەھۋاللارمۇ سادىر بولمايدۇ»[109].

ئىمامنىڭ ئىلاھىي ھۆكۈملەرگە، ئىلاھىي مەرىپەتلەرگە ۋە بارلىق ئىلىملەرگە ئىگە بولۇشى پەيغەمبەرنىڭ ياكى ئۆزىدىن ئىلگىرىكى ئىمامنىڭ ۋاستىسى بىلەندۇر[110].

بىر ئىنساننىڭ بۇ شەكىلدە ئىلىم ئىگىسى بولۇشىنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكى ئېنىق. بۇنداق ئالاھىدىلىك پەيغەمبەردىمۇ بولمايدۇ. ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ:

**«قُلْ إِنَّمَا أَنَا بَشَرٌ مِثْلُكُمْ يُوحَى إِلَيَّ أَنَّمَا إِلَهُكُمْ إِلَهٌ وَاحِدٌ فَمَنْ كَانَ يَرْجُو لِقَاءَ رَبِّهِ فَلْيَعْمَلْ عَمَلًا صَالِحًا وَلَا يُشْرِكْ بِعِبَادَةِ رَبِّهِ أَحَدًا»**

[109] ـ مۇھەممەد رىزا مۇزەففەر، ئەقائىدى ئىمامىييە، شىئە ئېتىقادلىرى، (ئابدۇللاھ گۆلپىنارلى تەرجىمىسى) ئىستانبۇل 1978، 52ـ53ـ بەتلەر.

[110] ـ مۇھەممەد رىزا مۇزەففەر، ئەقائىدى ئىمامىييە، شىيئە ئېتىقادلىرى، (ئابدۇللاھ گۆلپىنارلى تەرجىمىسى) ئىستانبۇل 1978، 52ـ بەت.

«ئى مۇھەممەد! ئېيتقىنكى: مەنمۇ سىلەرگە ئوخشاشلا بىر ئىنسانمەن. لېكىن ماڭا 〈سىلەرنىڭ ئىلاھىڭلار يالغۇز بىر ئىلاھتۇر〉 دەپ ۋەھيي قىلىنىدۇ. كىم رەببىگە مۇلاقات بولۇشنى ئۈمىد قىلسا، ياخشى ئەمەل قىلسۇن ۋە ئىبادەتتە رەببىگە ھېچكىمنى شېرىك قىلمىسۇن»ـ (كەھف 110/18).

«**قُلْ إِنِّي لَا أَمْلِكُ لَكُمْ ضَرًّا وَلَا رَشَدًا. قُلْ إِنِّي لَنْ يُجِيرَنِي مِنَ اللَّهِ أَحَدٌ وَلَنْ أَجِدَ مِنْ دُونِهِ مُلْتَحَدًا. إِلَّا بَلَاغًا مِنَ اللَّهِ وَرِسَالَاتِهِ**...»

«ئى مۇھەممەد! ئېيتقىنكى: مېنىڭ سىلەرگە زىيان يەتكۈزۈشكە ۋە سىلەرنى كامالەتكە يەتكۈزۈشكە كۈچۈم يەتمەيدۇ.

ئى مۇھەممەد! ئېيتقىنكى: مېنى ئاللاھنىڭ ئازابىدىن ھېچكىم قۇتقۇزالمايدۇ. مەن ھەرگىزمۇ ئاللاھدىن باشقا ھېچقانداق باشپاناھ تاپالمايمەن.

مېنىڭ پەقەت ئاللاھنىڭ ئەمرلىرىنى ۋە ئەلچىلىكلىرىنى يەتكۈزۈشكىلا كۈچۈم يېتىدۇ...»ـ جىن 21/72-23.

سەئىد نۇرسىي تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا مۇنداق دەيدۇ: «مېنىڭ خۇسۇسىي ئۇستازىم بولغان ئىمام رەببانىي، ئابدۇلقادىر جەيلانى، ماڭا جەۋشەنى كەبىر مۇناجاتىنى دەرس بەرگەن ئىمام غەزالىي ۋە زەينەلئابىدىن (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇم)، ھەزرىتى ھۈسەيىن ۋە ئىمام ئەلى (كەررەمەللاھۇ ۋەجھۇ) لاردىن ئالغان دەرسىم، ئوتتۇز يىلدىن بېرى، خۇسۇسەن جەۋشەنى كەبىر ۋاستەسى بىلەن ئۇلار بىلەن ئورناتقان مەنىۋىي مۇناسىۋىتىمدە، ئۈتمۈشنىڭ ھەقىقەتى ۋە شۇئاندىكى رىسالەئى نۇردىن بىزگە كەلگەن مەشرەب بولدى»[111].

---

[111]ـ ئەمىرداغ لاھىقىسى، 2ـ جىلد، 1768ـ بەت.

بۇ دەۋالارنىڭ ئەمەلىيەت بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوقلىقى ئېنىق. سەئىد نۇرسى ئەسلىدە ئۆز قەلىمى بىلەن يازغان تەرجىمھالىدا ئۆزىنىڭ دەسلەپكى ئىلىم تەھسىلىنى ئاخىرلاشتۇرغاندىن كېيىن شەيخ مۇھەممەد جەلالىينىڭ دەرس ھەلقىسىگە ئىشتىراك قىلغانلىقىنى، ئوقۇپ ئادەتلىنىپ كەلگەن كىتابلارنى ئوقۇغانلىقىنى ۋە كېيىن ۋان[112] دا 15 يىل ئەتراپىدا تەلىم-تەربىيە ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ[113,].

«تارىخچەئى ھايات» ناملىق ئەسەردە بېرىلگەن مەلۇماتقا قارىغاندىمۇ ئۇ ئالدى بىلەن ئەرەب تىلىنىڭ مورفولوگىيە ۋە گراماتىكا قىسمىنى ئۆگىنىش بىلەن مەشغۇل بولغان ۋە بىرگىۋىنىڭ «ئەل ئىزاھار» ناملىق كىتابىغىچىلىك ئوقۇغان. كېيىن شەيخ مۇھەممەد جەلالىينىڭ يېنىغا بېرىپ ھەر خىل ئىلىملەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئەسەرلەرنى تەتقىق قىلىشقا بېرىلگەن ۋە ئىسلامىي ئىلىملەرگە دائىر 40 كە يېقىن كىتابنى يادلىغان. ئۇ بۇنىڭدىن باشقا سەييىد نۇرمۇھەممەد، شەيخ ئابدۇراھمانى تاغىي، شەيخ فەھىم، شەيخ مۇھەممەد كۈفرەۋىي، شەيخ ئەمىن ئەپەندى، موللا فەتھۇللاھ ۋە شەيخ فەتھۇللاھلاردىن دەرس ئالغان[114].

---

[112] - ۋان تۈركىيەنىڭ بىر ۋىلايىتى.

[113] - بۇ تەرجىمھال ئىستانبۇل مۇپتىلىقى ئارخىپىدا ئوسمانىيە ئۆلىمالىرىغا ئائىت خاتىرە ھۆججەتلىرىنىڭ ئارىسىدا ئىدى. كېيىن دەپتەرنىڭ ئىچى نامەلۇم كىشىلەر تەرىپىدىن قۇرۇۋقدالغان بولۇپ، سادىق ئالبايراق بۇلارنى بۇرۇن يېزىپ نەشىر قىلغانلىقى ئۈچۈن ھازىر ئۇ تەرجىمھالنى پەقەت ئۇنىڭ كىتابىدىلا ئۇچراتقىلى بولىدۇ.- (سادىق ئالبايراق، ئاخىرقى دەۋر ئوسمانىيە ئۆلىمالىرى، ئىستانبۇل 1996، 4- جىلد، 271- بەت).

[114] - تارىخچەئى ھايات، دەسلەپكى ھايات، 2129- بەت.

بۇ سەۋەبتىن ئۇنىڭ ئىلمى ھاياتىنى ئۈچ ئايدا پۈتتۈرگەنلىكى، سورالغان سوئاللارغا بەرگەن جاۋابلىرى ۋە بۇ خىل خىسلەتنىڭ ئۇنىڭغا چۈشىدە پەيغەمبىرىمىز تەرىپىدىن بېرىلگەنلىكى قاتارلىقلارنى دەۋا قىلىش ئۇنى مۇقەددەسلەشتۈرۈشتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

مۇقەددەسلەشتۈرۈش تەشەببۇسىنىڭ بايراقدارى شەخسەن سەئىد نۇرسىنىڭ ئۆزىدۇر. ئۇ 70 ياشقا كىرگەندىن كېيىنمۇ مۇنۇ سۆزنى تەكرارلىغان: «14 ياشتا ئىدىم، ئۇ دەۋرلەردە دىپلوم ئېگىسى ئىكەنلىكىمنىڭ ئىسپاتى سۈپىتىدە ئۇستاز تەرىپىدىن ماڭا سەللە ۋە تون كىيدۈرۈلۈشىنىڭ ئالدىغا توسالغۇلار چىققان ئىدى. يېشىم كىچىك بولغانلىقى ئۈچۈن چوڭ ئۇستازلارغا خاس بولغان كىيىمنىڭ ماڭا كىيدۈرۈلۈشى مۇۋاپىق كۆرۈلمىگەن ئىدى. يەنە بىر تەرەپتىن كاتتا ئالىملار ماڭا ئۇستاز ئەمەس، بەلكىدە يا رەقىب بولاتتى ياكى مېنىڭ ئالدىمدا گەپ قىلالمايتتى. ئۆزىنى مېنىڭ يېنىمدا ئۇستاز ھېسابلايدىغان ھېچكىم چىقمىغان ئىدى. مەن بۇ ھەققىمنى 56 يىلدىن كېيىن ئىشلىتىشكە مۇيەسسەر بولدۇم. بۇنىڭدىن يۈز يىل ئىلگىرى ئۆلۈپ كەتكەن مەۋلانا زۇلجەناھەين خالىد زىيائۇددىن ماڭا ئۆزىنىڭ تونى بىلەن بىللە بىر سەللە ئەۋەتتى، ھازىر شۇ توننى كىيىۋاتىمەن. بۇ مۇبارەك ئامانەتنى رىسالەئى نۇر تالىپلىرىدىن ۋە ئاخىرەتلىك قېرىنداشلىرىمىزدىن ئاسىيە ئىسىملىك ئالىيجاناپ بىر خانىمنىڭ قولى بىلەن ئالدىم»[115].

سەئىد نۇرسي 14 يېشىدا رەقىبسىز بىر ئالىم بولغانلىقىنى دەۋا قىلىپ تۇرسۇن، «تارىخچەئى ھايات» دا ئۇنىڭ 15ـ16 ياشلىرىغا قەدەر

---

[115] ـ كاستامونۇ لاھىقىسى، 27ـ مەكتۇپ، 2ـ جىلد، 1609ـ بەت.

پۈتۈن بىلىمنىڭ سۇناھات تۈرىدىن بولغانلىقى» [116] ئوتتۇرىغا قويۇلماقتا. سۇنۇھات كىشىنىڭ كۆڭلىگە ۋە خاتىرىسىگە كەلگەن نەرسىلەر دېمەكتۇر. [117] ئۇنداق نەرسىلەر ئىلىم دېيىلىدىغان ئىش بولسا، يەر يۈزىدە ئالىم ھېسابلانمايدىغان ھېچكىم قالمايدۇ.

[116] ـ تارىخچەئى ھايات، دەسلەپكى ھايات، 2128ـ بەت.

[117] ـ شەمسۇددىن سامىي، قامۇسى تۈركىي 738ـ بەت.

## د- دىنىي زاتلارنى ئىلاھلاشتۇرۇش

شەيتان ۋە ئۇنىڭ ياردەمچىلىرى پەيغەمبەرنى ئىلاھلاشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن دىنىي زاتلارنى ئىلاھلاشتۇرۇشقا كىرىشىدۇ. بۇنىڭ ئەڭ قىسقا يولى ئۆزلىرىنىڭ پەيغەمبەرلەرگە ۋەكىللىك قىلىدىغانلىقىنى سۆزلەشتۇر. بۇنى خرىستىئانلار قىلغان. بەزى مۇسۇلمانلار ئۇلارغا ئەگەشكەن.

كاتولىكلارغا نىسبەتەن ئىيساغا چېركاۋ ۋەكىللىك قىلىدۇ. چېركاۋ يۇقىرىدىن تۆۋەنگە قاراپ مەلۇم تەرتىپ بويىچە ۋەزىپە ئۆتەيدىغان ئورگانلاردىن ۋە ئىيسا مەسىھنىڭ سىرلىق بەدىنىدىن شەكىللەنگەن بىر توپلۇقتۇر. چېركاۋنىڭ بىرى ئىنسانىي يەنە بىرى ئىلاھىي بولۇشتىن ئىبارەت ئىككى پەرقلىق تەركىبى قىسمى بار[118]. چېركاۋ ئىنسانىيەت بىلەن ئاللاھ ئوتتۇرىسىدىكى بىرلىشىشنىڭ ئىشارىتى ۋە ۋاستىسىدۇر[119]. پاپانىڭ پۈتۈن چېركاۋ ئۈستىدە تولۇق ۋە ئۈستۈن بىر ھوقۇقى بار[120]. پاپا خاتالاشمايدىغان بىر ھۆكۈمراندۇر[121].

---

[118] - كاتولىك چېركاۋى دىن ۋە ئەخلاق ئاساسلىرى، 771- پاراگراف.

[119] - كاتولىك چېركاۋى دىن ۋە ئەخلاق ئاساسلىرى، 775- پاراگراف.

[120] - كاتولىك چېركاۋى دىن ۋە ئەخلاق ئاساسلىرى، 877، 880، 883- پاراگرافلار.

[121] - كاتولىك چېركاۋى دىن ۋە ئەخلاق ئاساسلىرى، 891- پاراگراف.

بىر قىسىم تەرىقەتچىلەردىمۇ ئىنسانى كامىل دەيدىغان بىر چۈشەنچە بار. ئۇلارنىڭ كۆزقارىشىچە ئىنسانى كامىل ھەقىقەتى مۇھەممەدىيىيەگە[122] ۋەكىللىك قىلىدۇ ۋە ماددىي-مەنىۋىي پۈتۈن كامالەت مەرتىبىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ[123]. ھەر تەرىقەت ئۆز شەيخ (پىر) نى ئىنسانى كامىل دەپ بىلىدۇ. ماددىي-مەنىۋىي پۈتۈن كامالەت مەرتىبىلىرى پەقەت ئاللاھتىلا بولىدىغان بىر ئالاھىدىلىك بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارغا نىسبەتەن تەرىقەت شەيخى (پىرى) ئاللاھنىڭ گۆش بىلەن سۆڭەككە ئورالغان ھالىتى دەپ قارىلىدۇ. ئاللاھ بۇنىڭدىن پاك ۋە ئۈستۈندۇر.

---

122- ھەقىقەتى مۇھەممەدىيە ھەققىدە كېيىنچە توختىلىمىز.

[123]- ھەسەن كامىل يىلماز، ئىنسانى كامىل، ئالتىن ئولۇق مەجمۇئەسى، 1996- يىلى 7- ئاي، 125- سان، 31- بەت.

## ئې- ئىنسان سۆزىنى ئاللاھنىڭ سۆزى ھېسابلاش

ئىنجىل، ئاللاھ تەئالانىڭ ئىيسا ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلغان كىتابىدۇر. ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ:

**«وَلْيَحْكُمْ أَهْلُ الْإِنْجِيلِ بِمَا أَنْزَلَ اللَّهُ فِيهِ وَمَنْ لَمْ يَحْكُمْ بِمَا أَنْزَلَ اللَّهُ فَأُولَئِكَ هُمُ الْفَاسِقُونَ»**

«ئىنجىل ئەھلى ئاللاھ ئىنجىلدا نازىل قىلغان ئەھكاملار بويىچە ھۆكۈم قىلسۇن، ئاللاھ نازىل قىلغان ئەھكاملار بويىچە ھۆكۈم قىلمىغانلار پاسىقلاردۇر»-مائىدە، 47/5.

لېكىن كۈنىمىزدىكى ئىنجىلغا ئىنسان سۆزى ئارىلىشىپ كەتكەن. ئۇنىڭ كۆپ قىسمى پاۋلۇسنىڭ [124]، بىر قىسمى ھەۋارىيلارنىڭ ۋە نامەلۇم كىشىلەرنىڭ مەكتۇپلىرىدىن تەركىب تاپىدۇ. كاتولىكلارغا نىسبەتەن ئىنجىللەر پۈتۈن بۆلۈملىرى بىلەن مۇقەددەس ۋە چېركاۋ قانۇنلىرىغا مۇۋاپىقتۇر. مۇقەددەس روھنىڭ ۋەھيى قىلىشى ئارقىلىق يېزىلغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ يازغۇچىسى ئاللاھتۇر[125]. ئاللاھ چېركاۋغا سۆز قىلىشنى داۋاملاشتۇرماقتىدۇر. چېركاۋ ئىنجىلنىڭ جانلىق ئاۋازىدۇر[126].

---

[124]- پاۋلۇس ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى كۆرمىگەن. كۈنىمىزدىكى ئىنجىلدا پاۋلۇسنىڭ ئەسلى ئىسمىنىڭ سائۇل ئىكەنلىكى، (ئەلچىلەرنىڭ پائالىيەتلىرى 9/13) ئەشەددىي بىر خرىستىئان دۈشمىنى بولۇپ يۈرگەن چاغدا، شام يولىدا ئاسماندىن تۇيۇقسىز پارقىرىغان بىر نۇرنىڭ ئەتراپىنى قاپلاپ كەتكەنلىكى، ئىيسانىڭ ئۇنىڭغا ئىدا قىلغانلىقى (ئەلچىلەرنىڭ ئىشلىرى 9/3-6)، كېيىن ئۇنىڭ ئىيساغا ئىشەنگەنلىكى ۋە چۆمۈلدۈرۈلگەنلىكى (ئەلچىلەرنىڭ ئىشلىرى 18/9 ۋە باشقىلار) ئىپادە قىلىنماقتا. بۇنىڭغا قارىغاندا پاۋلۇس قۇرئان تەرىپ قىلغان ھەۋارىيلاردىن ئەمەستۇر.

[125]- كاتولىك چېركاۋى دىن ۋە ئەخلاق ئاساسلىرى، 105- پاراگراف.

[126]- كاتولىك چېركاۋى دىن ۋە ئەخلاق ئاساسلىرى، 79- پاراگراف

قۇرئان بولسا ئاللاھنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلغان ئەڭ ئاخىرقى كىتابىدۇر. ئۇنىڭغا ئىنسان سۆزى ئارىلاشمىغان. چۈنكى ئۇنى قوغداشنى ئاللاھ تەئالا بىۋاستە ئۆز ئۈستىگە ئالغان. بۇ ھەقتىكى ئايەت مۇنداق:

**«إِنَّا نَحْنُ نَزَّلْنَا الذِّكْرَ وَإِنَّا لَهُ لَحَافِظُونَ»**

«شۈبھىسىزكى، قۇرئاننى بىز نازىل قىلدۇق، ئۇنى چوقۇم بىز قوغدايمىز»۔ ھىجر 9/15.

مىليونلارچە مۇسۇلمان يادقا بىلىدىغان ۋە سان۔ساناقسىز نۇسخىلىرى بولغان بىر كىتابقا ئىلاۋە قىلىش مۇمكىن بولمايدىغانلىقى ئۈچۈن دىننى ئۆز خاھىشى بويىچە تەرتىپكە سالماقچى بولغانلار ئۇ كىتابنى ئىنسان تۇرمۇشىنىڭ سىرتىغا سىقىپ چىقىرىۋېتىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا باشقا كىتابلارنى قويۇشقا تىرىشقان ۋە ئۆزلىرىنىڭ گۇرۇھلىرى ئىچىدە مۇۋەپپىقىيەتكە ئېرىشكەن. مەسىلەن: نۇرچىلارنىڭ كۆز قارىشىدا رىسالەئى نۇر بۇ ئەسىردە قۇرئاننىڭ ئەڭ مۆتىۋەر ۋە ئەڭ مۇقەددەس تەپسىرىدۇر. رىسالەئى نۇر ئوتتۇرىغا قويغان ھەقىقەتلەر ئاسماندىن چۈشكەن ۋە قۇرئانغا ئائىتتۇر. قۇرئان ئوقۇلۇپلا تۇرىدىكەن ئۇمۇ ئوقۇلۇپ تۇرىدۇ[127].

[127]۔ ئىشاراتۇل ئىجاز، دىيارىبەكىر سۆلھى جازا مەھكىمىسىگە، 2۔ جىلد، 1274۔ بەت.

سەئىد نۇرسىي مۇنداق دەيدۇ: «قۇرئاننىڭ مەخپىي ھەقىقەتلىرى رىسالەئى نۇر بىلەن بىرلىتە بىزگە نازىل بولماقتىدۇر!! ... پەيغەمبەر دەۋرىدە قۇرئاننىڭ ۋەھىي سۈپىتىدە نازىل بولغىنىغا ئوخشاش ھەر ئەسىردە قۇرئاننىڭ ئەرشتىكى ئورنىدىن ۋە مەنىۋىي مۆجىزىسىدىن فەيز [128] ۋە ئىلھام يولى بىلەن ئۇنىڭ مەخپىي ھەقىقەتلىرى ۋە ھەقىقەتلىرىنىڭ كەسكىن دەلىللىرى نازىل بولىدۇ[129].

بۇ سۆزنىڭ مەنىسى، رىسالەئى نۇر قۇرئان نازىل بولغان يەردىن قۇرئان نازىل بولغانغا ئوخشاش ۋەھىي شەكلىدە نازىل بولۇپ، قۇرئاننىڭ مەخپىي قالغان ھەقىقەتلىرىنى ۋە ئۇ ھەقىقەتلەرنىڭ كەسكىن دەلىللىرىنى سەئىد نۇرسىيغا ئېلىپ كەلگەن، دېگەن بولىدۇ. نۇرچىلارنىڭ كۆز قارىشىچە سەئىد نۇرسىي ئىلىم ئۆگىنىش ئۈچۈن ھېچقانداق قىيىنچىلىققا يولۇقماي ۋە ھېچقانداق جاپامۇ چەكمەي ئۆزلۈكىدىن نۇرلىنىپ كەتكەن ۋە ئالىم بولۇپ قالغان[130].

بۇ سۆزلەر بىر پەيغەمبەرلىك دەۋاسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. سەئىد نۇرسىينىڭ قۇرئاندا بايان قىلىنمىغان ھەقىقەتلەرنىڭ ئۆزىگە نازىل

---

[128] ـ فەيز دېگەن سۆزنىڭ لۇغەت مەنىسى تاشماق، ئېشىپ ئەتراپقا ئاقماق، دېگەن بولىدۇ. بۇ سۆزنىڭ سوپىلارنىڭ چۈشەنچىسىدىكى مەناسى، ئىلاھىي ھەقىقەتلەرنىڭ لەۋھۇلمەھفۇزدىن تېشىپ ئىنسان قەلبىگە ئېقىپ كىرىشى دېمەكتۇر.ـ شامىل ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيەسى.

129ـ شۇئالار، بىرىنچى شۇئا، يىگىرمە تۆتىنچى ئايەت ۋە ئايەتلەر، ئۈچىنچى نۇقتا، 1ـ جىلد، 842ـ بەت. ئېپادىلەر ئاددىيلاشتۇرۇلدى. ئەسلى مۇنداق: «قۇرئاننىڭ مەخپىي ھەقىقەتلىرى رىسالەئى نۇر بىلەن بىرلىكتە بىزگە نازىل بولماقتا!! تەنزىلۇلكىتاب جۈملىسىنىڭ سەرىھ بىر مەناسى ئەسىر سائادەتتە ۋەھىي سۈرىتى بىلەن كىتابى مۇبىنىنىڭ نازىل بولغىنىدەك، مەنىۋى ئىشارەسى بىلەنمۇ ھەر ئەسىردە ئۇ كىتابى مۇبىنىنىڭ مەرتەبەئى ئەرشىيىيەسىدىن ۋە مۇجىزەئى مەنىۋىيىيەسىدىن فەيز ۋە ئىلھام يولى بىلەن ئۇنىڭ مەخپىي ھەقىقەتلىرى ۋە ھەقىقەتلىرىنىڭ بۇرھانلىرى چۈشىدۇ، نازىل بولىدۇ...».

[130] ـ شۇئالار، بىرىنچى شۇئا، 1ـ جىلد، 833ـ بەت. ئېپادىلەر ئاددىيلاشتۇرۇلدى. ئەسلى مۇنداق: «رەسائىلىنىنۇر مۇئەللىفى ئاتەشسىز يانىدۇ، تەھسىل ئۈچۈن كۈلپەت ۋە دەرس مۇشەققەتىگە موھتاج بولماستىن ئۆزىچە نۇرلىنىدۇ، ئالىم بولىدۇ».

قىلىنغانلىقىنى دەۋا قىلىشى بولسا، ئۆز كىتابىنىڭ قۇرئاندىن مۇھىم ئىكەنلىكىنى دەۋا قىلغانلىقىدىن باشقا بىر مەنا ئىپادىلىمەيدۇ.

ئاللاھ تەئالامۇ مۇنداق دەيدۇ:

**«يَٰٓأَيُّهَا ٱلرَّسُولُ بَلِّغْ مَآ أُنزِلَ إِلَيْكَ مِن رَّبِّكَ وَإِن لَّمْ تَفْعَلْ فَمَا بَلَّغْتَ رِسَالَتَهُۥ»**

«ئى ئەلچى! رەببىڭدىن ساڭا نازىل قىلىنغان نەرسىنى تەبلىغ قىلغىن (يەتكۈزگىن)، ئەگەر ئۇنداق قىلمىساڭ ئۇنىڭ ئەلچىلىكىنى قىلمىغان بولىسەن»- مائىدە 67/5.

سەئىد نۇرسي دەۋا قىلغان ھەقىقەتلەر ئەگەر پەيغەمبىرىمىزگە بىلدۈرۈلسە ئىدى، پەيغەمبىرىمىز ئۇلارنى ئۇممەتكە يەتكۈزۈش مەجبۇرىيىتىدە بولاتتى ۋە يەتكۈزگەن بولاتتى. بۇ نوقتىدىن ئېيتقاندا سەئىد نۇرسي دەۋا قىلغان ھەقىقەتلەر پەقەت ئۇنىڭ ئۆزىگىلا بىلدۈرۈلگەن بولۇشى كېرەك.

سەئىد نۇرسىينىڭ رىسالەئى نۇرنىڭ قۇرئان ئېلىنغان يەردىن ئېلىنغانلىقى ھەققىدىكى دەۋاسى بىرقانچە قېتىم تەكرارلىنىدۇ. ئۇلاردىن بىرى مۇنداق: «رىسالەئى نۇرلار شەرقنىڭ مەدەنىيىتى ۋە ئىلىملىرىدىن ئېلىنغان ياكى غەربنىڭ پەلسەپە ۋە بىلىملىرىدىن ئېلىنغان بىر نۇر ئەمەستۇر. ئۇلار ئاسماندىن چۈشكەن قۇرئاننىڭ شەرقنىڭمۇ، غەربنىڭمۇ ئۈستىدە بولغان ئەرشتىكى ئورنىدىن ئېلىنغان»[131].

سەئىد نۇرسي تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ مۇنۇلارنى سۆزلەيدۇ:

«رىسالەئى نۇر دەپ ئاتىلىدىغان ئوتتۇز ئۈچ سۆز، ئوتتۇز ئۈچ مەكتۇپ، ئوتتۇز بىر لەمئالار بۇ زاماندا قۇرئاندىكى ئايەتلەرنىڭ ئايەتلىرىدۇر.

---

[131]- شۇئالار، بىرىنچى شۇئا، 1- جىلد، 833- بەت.

يەنى ئۇنىڭ ھەقىقەتلىرىنىڭ كۆرسەتكۈچىلىرىدۇر. ئۇنىڭ ھەق ۋە ھەقىقەت بولغانلىقىنىڭ كەسكىن دەلىلىدۇر، قۇرئان ئايەتلىرىدە زىكىر قىلىنغان ئېتىقاد بىلەن مۇناسىۋەتلىك ھەقىقەتلەرنىڭ ناھايىتى كۈچلۈك ئىسپاتلىرىدۇر»[132].

دېمەككى، سەئىد نۇرسىينىڭ يۇقىرىدىكى دەۋاسىغا قارىغاندا قۇرئان تەۋرات ۋە ئىنجىلنى تەستىقلايدىغان بىر كىتاب بولغاندەك، رىسالەئى نۇرمۇ قۇرئاننى تەستىقلايدىغان بىر كىتابتۇر. بۇ سەۋەبتىن ئۇ رىسالەئى نۇرنىڭ «ئايەتلىرى» نى قۇرئان ئايەتلىرىنىڭ دەلىلى دەپ قارىغان.

سەئىد نۇرسي بۇ ھەقتە يالغۇز قالماسلىق ئۈچۈن ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغىمۇ «سەكىنە» دەپ ئاتىلىدىغان بىر كىتابنىڭ نازىل قىلىنغانلىقىنى، ئۆتمۈش ۋە كېلىچەكنىڭ پۈتۈن ئىلىم ۋە سىرلىرىنىڭ ئۇ كىتاپتا يېزىلغانلىقىنى، ئۇ كىتابتا رىسالەئى نۇرلارغا ئىشارەت قىلىنغانلىقىنى دەۋا قىلىدۇ[133] ۋە مۇنداق دەيدۇ:

«ھەزرىتى جەبرائىل سەكىنە نامىلىق بىر سەھىپىدە يېزىلغان ئىسمى ئەزەمنى پەيغەمبىرىمىزنىڭ يېنىدا ھەزرىتى ئەلىنىڭ قۇچىقىغا تاشلىغان. ھەزرىتى ئەلى دەيدۇكى، ‹مەن جەبرائىلنى پەقەت ھەسەن-ھۈسەن شەكلىدە كۆردۈم، ئاۋازىنى ئاڭلىدىم، سەھىپىنى ئالدىم، بۇ ئىسىملارنى شۇ سەھىپىنىڭ

---

[132] - شۇئالار، بىرىنچى شۇئا، يىگىرمە ئىككىنچى ئايەت ۋە ئايەتلەر، 1- جىلد، 841- بەت. ئىپادىلەر ئاددىيلاشتۇرۇلدى. ئەسلى مۇنداق: «رىسالەئى نۇر دېيىلگەن ئوتتۇز ئۈچ ئەدەد سۆز، ئوتتۇز ئۈچ ئەدەد مەكتۇب ۋە ئوتتۇز بىر ئەدەد لەمئەلەر بۇ زاماندا كىتابى مۇبىندىكى ئايەتلەرنىڭ ئايەتلىرىدۇر. يەنى ھەقائىقىنىڭ ئالامەتلىرىدۇر، ھەق ۋە ھەقىقەت بولغانلىقىنىڭ بۇرھانلىرىدۇر، ئۇ ئايەتلەردىكى ھەقائىقى ئىمانىييەنىڭ غايەت قۇۋۋەتلىك ھۆججەتلىرىدۇر».

133- سىككەئى تەسدىقى غەيبى، ئونسەككىزىنچى لەمئە، 2- جىلد، 2078- بەت. ئۇ يەردە ئۆتكەن ئىپادە ئەينەن مۇنداق: «رىسالەئى نۇر شاگىرتلىرىغا ۋە ناشىرلىرىغا قارشى ھەزرەتى ئەلىينىڭ ئىشارەتكارانە ۋە تەۋەججۇھكارانە قارىشى ۋە ئىشارەت قىلىشىدۇر».

ئىچىدە كۆردۈم»». سەئىد نۇرسىي ئىسمى ئەزەم ھەققىدە گەپ قىلىپ بەزى ھادىسىلەرنى ئۇتتۇرىغا قويغاندىن كېيىن مۇنداق دەيدۇ:

«دۇنيانىڭ باشلىنىشىدىن تا قىيامەتكىچىلىك بارلىق ئىلىملەر ۋە مۇھىم سىرلار بىزگە خۇددى كۆز بىلەن كۆرۈلىدىغان دەرىجىدە ئېچىلدى. كىم ئېمىنى سوراشنى خالىسا سورىسۇن، سۆزلىرىمىزدىن شۇبھىلەنگەنلەر خورلۇققا دۇچار بولىدۇ»[134].

سەئىد نۇرسىينىڭ سۆزىدىن قارىغاندا بۇ شۇنداق بىر سەھىپىكى، دۇنيانىڭ باشلىنىشىدىن تا قىيامەتكىچىلىك بولغان ئىلىملەر ۋە مۇھىم سىرلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. بۇ بىر سەھىپە ئەمەس، ناھايىتى چوڭ ھەجىملىك بىر كىتاب بولۇشى كېرەك. جەبرائىلنىڭ ھەزرىتى ئەلىگە مۇشۇنداق بىر كىتاب بەرگەنلىكىنى قوبۇل قىلىش ئۇنى پەيغەمبەر ھېسابلىغانلىق بولىدۇ. ئۇ كىتابتا بار بولغانلىقى سۆزلەنگەن ئىلىم ۋە سىرلارنى پەيغەمبىرىمىزنىڭ بىلمىگەنلىكى ئېنىق بولغانلىقى ئۈچۈن ھەزرىتى ئەلى ئۇنىڭدىن يۇقىرى بىر ماقامغا كۆتۈرۈلگەن بولىدۇ.

بۇ خىل سەپسەتىلەرنىڭ دىنىمىزدا ھېچقانداق ئورنى يوق. ئاللاھ تەئالا ئۇنداق كۆز قاراشتىكى ئىنسانلار ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ:

**«فَوَيْلٌ لِلَّذِينَ يَكْتُبُونَ الْكِتَابَ بِأَيْدِيهِمْ ثُمَّ يَقُولُونَ هَذَا مِنْ عِنْدِ اللَّهِ لِيَشْتَرُوا بِهِ ثَمَنًا قَلِيلًا فَوَيْلٌ لَهُمْ مِمَّا كَتَبَتْ أَيْدِيهِمْ وَوَيْلٌ لَهُمْ مِمَّا يَكْسِبُونَ»**

«كىتابنى ئۆز قوللىرى بىلەن يېزىپ، ئاندىن ئۇنى ئازغىنا[135] بىر پۇلغا سېتىش ئۈچۈن: ‹بۇ ئاللاھ تەرىپىدىندۇر › دېگەنلەرگە ۋاي! قوللىرى

---

[134]ـ سىككەئى تەسدىقى غەيبى، ئۇنسەككىزىنچى لەمئە، 2ـ جىلد، 2079ـ بەت.

135ـ ئۇلار بەدىلىگە ئاخىرەتنى بەرگەنلىكلىرى ئۈچۈن ئالغان نەرسىلىرى نېمە بولسا بولسۇن «ئاز» دۇر. «دۇنيا ھاياتىنىڭ مەنپەئەتى ئاخىرەتنىڭ يېنىدا بەك ئازدۇر»ـ (تەۋبە 38/9).

يازغان نەرسە سەۋەبىدىن ئۇلارغا ۋاي! ئېرىشكەن نەرسىلىرى سەۋەبىدىن ئۇلارغا ۋاي!»- بەقەرە 79/2.

سەئىد نۇرسىي رىسالەئى نۇرلارنىڭ مۇقەددەس ھېسابلىنىشى ئۈچۈن ئىنسانلارنىڭ ئەقلىگە كېلىش ئېھتىمالى بولغان ھەر نەرسىنى سۆزلىگەن. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «سۆزلەر[136] شەك شۈبھىسىز قۇرئاننىڭ نۇرلۇق جىلۋىسىدۇر. ئىچىدە ئىزاھلاشقا مۇھتاج جايلىرى كەم بولماسلىق بىلەن بىرلىكتە ھەممىسى قۇسۇرسىز ۋە نوقسانسىزدۇر»137. «رىسالەئى نۇر بۇ ئەسىردە، بۇ تارىختا بىر «ئۇرۋەتۇلۋۇسقا» دۇر، يەنى ناھايىتى ساغلام، ئۈزۈلۈپ كەتمەيدىغان بىر زەنجىر ۋە بىر «ھەبلۇللاھ» يەنى ئاللاھنىڭ ئارقىنىدۇر. ئۇنىڭغا قولىنى سۇنغان ۋە مەھكەم يېپىشقان كىشى نىجاتلىقتا ئېرىشىدۇ»[138].

ئۇرۋەتۇلۋۇسقا ۋە ھەبلۇللاھ قۇرئانغا ئائىت خۇسۇسىيەتلەردۇر[139]. سەئىد نۇرسىي كىتابلىرىغا يەنى «رىسالەئى نۇر» غا مۇنۇ ئالاھىدىلىكلەرنىمۇ قوشىدۇ:

«رىسالەئى نۇر شەرىئەت، دۇئا، ھېكمەت، ئىبادەت، ئەمر ۋە دەۋەت، زىكىر، پىكىر، ھەقىقەت، تەسەۋۋۇپ، مەنتىق، كالام ئىلمى، ئىلاھىيات ئىلمى، سەنئەتكە تەرغىب ئىلمى، بالاغەت ۋە ۋەھدانىيەتنى ئىسپاتلاش كىتابىدۇر. ئۇ قارشى چىققۇچىلارنى مات قىلىپ تاشلايدۇ ۋە ئېغىز ئاچقۇزمايدۇ»[140].

---

136- سۆزلەر رىسالەئى نۇرنىڭ بىر بۆلۈمىدۇر.

137- بارلا لاھىقىسى، يىگىرمە يەتتىنچى مەكتۇب ۋە زەيللىرى، 2- جىلد، 1415- بەت.

138- شۇئالار، ئونبىرىنچى شۇئا، ئونبىرىنچى مەسلىنىڭ ھاشىيىسىنىڭ بىر لاھىقىسىدۇر، 1- جىلد، 985- بەت.

139- بەقەرە 256/2، ئالى ئىمران 103/3.

140- ئەمىرداغ لاھىقىسى، 1- جىلد، 2- بەت،

رىسالەئى نۇرلاردا كۆپ تەكرار بار. سەئىد نۇرسى بۇنىڭ قۇرئاندىمۇ بولغانلىقىنى ئەسلىتىپ مۇنداق دەيدۇ:

«قۇرئاندىكى تەكرارنىڭ بىرقانچە ھېكمىتى رەسالەئىن نۇردىمۇ بار [141]. دەرۋەقە، ھەر ۋاقىت قۇرئاننىڭ ھەممىسىنى ئوقۇش مۇمكىن بولمىغانلىقى ئۈچۈن ھەر بىر سۈرە قۇرئان ھۆكمىدە قوبۇل قىلىنىپ، قىيامەت، تەۋھىد ۋە مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسىگە ئوخشاش ھادىسىلەر تەكرارلىنىپ تۇرىدۇ. ئەينى شەكىلدە ئىماننىڭ ئىنچىكە ھەقىقەتلىرى ۋە كۈچلۈك دەلىللىرى مېنىڭ خەۋىرىم بولماستىن بىرقانچە رىسالەدە تەكرارلىنىپ قالىدۇ. بۇلار نېمىشقا ماڭا تەكرار يازدۇرۇلدى، دەپ ھەيران قالاتتىم. كېيىن كەسكىن بىر شەكىلدە چۈشەندىمكى، بۇ زاماندا رىسالەئى نۇرغا ھەممە مۇھتاج بولسىمۇ، ھەممە ئادەم ئۇنى تولۇق ئوقۇشقا قادىر بولالمايدۇ، لېكىن مۇھتاج بولغان نەرسىلىرىنى كىچىك بىر رىسالەدىن ئوقۇيالايدۇ» 142. بۇ ھەقتە كېيىنكى بابلاردا باشقا تەرەپلەردىن تەكرار توختىلىمىز.


---

141ـ يەنى: قۇرئاندا بىر مەسىلىنىڭ كۆپ تەكرارلىنىشىنىڭ بىرقانچە ھېكمىتى رىسالەئى نۇرلاردىمۇ كۆرۈلىدۇ.

[142]ـ كاستامونۇ لاھىقىسى، يىگىرمە يەتتىنچى مەكتۇپ، 2ـ جىلد، 1589ـ بەت. سىككەئى تەسدىقى غەيبىي، سۆزلەر نەشرىياتى، ئىستانبۇل 1991، 33ـ بەت.

### ف- ۋەسىلىچىلىك ئېتىقادى

بىز يۇقىرىدا خرىستىئانلىقتىكى ۋەسىلە قىلىش ئېتىقادىنى تەپسىلىي كۆرۈپ ئۆتتۇق. بۇ يەردە ئۇنىڭغا ئوخشايدىغان بىر ئېتىقادنىڭ بەزى تەرىقەتلەردىمۇ بارلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتىمىز. ئەسلىدە بىز تەتقىق قىلىپ كۆرگەن تەرىقەتلەرنىڭ ھەممىسىدە ۋەسىلە قىلىش ئېتىقادىنىڭ بارلىقىنى كۆردۇق. شۇنداق بولسىمۇ بىز ئېھتىياتچانلىق بىلەن «...بەزى تەرىقەتلەردىمۇ...» دېيىشنى ئۇيغۇن كۆردۇق. تەرىقەتلەردىكى ۋەسىلىلەر خرىستىئان ۋە تاۋىستلاردىكىگە ئوخشاش بىر قۇرۇلما شەكىللەندۈرمەكتە. بۇنى تۆۋەندىكى رەسىم ناھايىتى ئېنىق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ:



## گ‍ـ بىز تەتقىق قىلغان تەرىقەتلەردە ۋەسلىيلەر

ئاللاھنى تەرىپلەشتە قىيىنچىلىق يوق. ئەسلى قىيىنچىلىق ئاللاھ بىلەن بولىدىغان مۇناسىۋەتلەرنى قانداق ئورنىتىشتا كۆرۈلمەكتە. ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ:

«وَلَقَدْ خَلَقْنَا الْإِنْسَانَ وَنَعْلَمُ مَا تُوَسْوِسُ بِهِ نَفْسُهُ وَنَحْنُ أَقْرَبُ إِلَيْهِ مِنْ حَبْلِ الْوَرِيدِ»

«شۈبھىسىزكى، ئىنساننى بىز ياراتتۇق. بىز ئۇنىڭ كۆڭلىگە كەلگەننى بىلىمىز، بىز ئۇنىڭغا جان تومۇرىدىنمۇ يېقىنمىز»ـ قاف 16/50.

«وَإِذَا سَأَلَكَ عِبَادِي عَنِّي فَإِنِّي قَرِيبٌ أُجِيبُ دَعْوَةَ الدَّاعِ إِذَا دَعَانِ فَلْيَسْتَجِيبُوا لِي وَلْيُؤْمِنُوا بِي لَعَلَّهُمْ يَرْشُدُونَ»

«بەندىلىرىم سەندىن مەن توغرۇلۇق سورىسا، مەن ناھايىتى يېقىن. مەن ماڭا دۇئا قىلغۇچىنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىمەن. ئۇنداقتا ئۇلارمۇ مېنىڭ دەۋىتىمنى قوبۇل قىلسۇن ۋە ماڭا ئىمان ئېيتسۇن. شۇنداق قىلسا كامالەتكە يېتەلەيدۇ»ـ بەقەرە 186/2.

بىز تەتقىق قىلىپ كۆرگەن تەرىقەتلەرنىڭ ھەر بىرى ئاللاھنىڭ ئىنسانغا جان تومۇرىدىنمۇ يېقىن ئىكەنلىكىگە ۋە كۆڭۈلگە كەلگەن ھەر قانداق نەرسىنى بىلىدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ. خىرىستىئانلارغا نىسبەتەنمۇ ئاللاھ ئىنسانلارغا يېقىندۇر[143] ۋە ھەر نەرسىنى بىلىدۇ[144].

---

[143] ـ كاتولىك چېركاۋى دىن ۋە ئەخلاق ئاساسلىرى، 206ـ پاراگراف.

[144] ـ كاتولىك چېركاۋى دىن ۋە ئەخلاق ئاساسلىرى، 208ـ پاراگراف.

تاۋستلارمۇ ئاللاھ ھەرنەرسىنى ئوپئوچۇق كۆرىدۇ ۋە بارلىق ئىشلاردا ئىنسانلار بىلەن بىللە، دەپ قارايدۇ[145].

ئەھۋال مۇشۇنداق تۇرۇقلۇق ئۇلار ئۆزلىرى بىلەن ئاللاھنىڭ ئوتتۇرىسىدا ۋەسىلىلەر قويىدۇ. بىز تەتقىق قىلغان تەرىقەتلەردىكى ۋەسىلىلەر تۆۋەندىكىچە:

### *1 ـ ھەقىقەتى مۇھەممەدىيە*

ئۇ تەرىقەتچىلەرگە نىسبەتەن ھەقىقەتى مۇھەممەدىييە يارىتىلىشنىڭ باشلىنىش نۇقتىسىدۇر، ئۇنىڭ بىلەن ئاللاھ بىر ھەقىقەتنىڭ ئالدى ۋە ئارقا يۈزىدۇر. ئاللاھتىن باشقا ھېچ نەرسە يوق ئىكەن تۇنجى قېتىم ھەقىقەتى مۇھەممەدىييە بار بولغان. پۈتكۈل مەخلۇقات ئۇنىڭدىن يارىتىلغان، ئۇنىڭ ئۈچۈن يارىتىلغان. ئۇ بارلىق پەيغەمبەر ۋە ئەۋلىيالارنىڭ لەدۇننىي ۋە باتىنىي ئىلىملەرنى ئالغان مەنبەدۇر»[146].

تەرىقەتچىلەردىكى بۇ ھەقىقەتى مۇھەممەدىيە ئېتىقادى كاتولىكلاردىكى ئىيسا ئېتىقادى بىلەن تاۋىزمچىلاردىكى تې ئېتىقادىنىڭ ئارىلاشمىسىدەك بىر ئېتىقاددۇر. مەسىلەن، خرىستىئانلار «ئىيسا ئاللاھتۇر» دەيدۇ. «ھەقىقەتى مۇھەممەدىيە» ئېتىقادىدىمۇ «مۇھەممەد ئاللاھتۇر» دېگەن مەنانى ئىپادىلەيدىغان سۆزلەر سۆزلىنىدۇ. بىز بۇ ھەقتە يۇقىرىدا توختىلىپ ئۆتتۇق.

---

145ـ گۈنەي تۈمەر، ئابدۇرراھمان كۈچۈك، دىنلەر تارىخى، ئوجاق نەشرىياتى، ئەنقەرە، 1997، 63ـ بەت.

146ـ مەھمەت دەمىرچى، «ھەقىقەتى مۇھەممەدىيە»، دىيانەت ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيەسى، 15ـ جىلد، 179ـ180.

## 2ـ ئىنسانى كامىل

بىز تەتقىق قىلغان تەرىقەتلەردە ئىنسانى كامىل ھەزرىتى مۇھەممەدتۇر. لېكىن بۇ ئۇنىڭ تارىخىي شەخسىيىتى ئەمەس، ئادەم ئەلەيھىسسالام تېخى لاي ھالىتىدىكى چاغدا پەيغەمبەر بولغان مۇھەممەد (ئەلەيھىسسالام) يەنى ھەقىقەتى مۇھەممەدىيەدۇر. ئىنسانى كامىل مەۋجۇدىيەتنىڭ ۋە يارىتىلىشنىڭ غايىسىدۇر. چۈنكى ئىلاھىي ئىرادە پەقەت ئۇنىڭ ۋاستىسى بىلەنلا ئەمەلىيلىشىدۇ. ئەگەر ئىنسانى كامىل بولمىغان بولسا، ئاللاھ بىلىنەلمەيتتى... ئىنسانى كامىل ماددىي ۋە مەنىۋىي پۈتۈن كامالەت مەرتىبىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالماقتا. ئۇنىڭ قەلبى ئەرشكە، كىشىلىكى كۇرسىغا، ماقامى سىدرەتۇلمۇنتەھاغا، ئەقلى قەلەمى ئەئلاغا، نەپسى لەۋھۇلمەھپۇزغا، تەبىئىتى تۆت ئاساسى ماددىغا باغلىنىشلىقتۇر[147].

كۆپلىگەن كىشى ئىنسانى كامىل ئاتالغۇسىنى كامالەتكە يەتكەن ئىنسان، ئۆلگىلىك كىشى دەپ چۈشىنىدۇ. لېكىن تەرىقەتچىلەر بۇ ئاتالغۇ بىلەن كاتولىكلاردىكى چېركاۋ چۈشەنچىسىگە ئوخشاش بىر خىل چۈشەنچە شەكىللەندۈرگەن. كاتولىكلارغا نىسبەتەن چېركاۋ قانداق ياشاۋاتقان ئىيسا بولسا، تەرىقەتچىلەرگە نىسبەتەنمۇ ئىنسانى كامىل شۇنداق ياشاۋاتقان ھەقىقەتى مۇھەممەدىيەدۇر. ھەر تەرىقەت ئۆزىنىڭ شەيخ (پىر) نى ئىنسانى كامىل دەپ بىلىدۇ. ئۇلار مۇنداق دەيدۇ:

ئىنسانى كامىل ئالەمدە داۋاملىق مەۋجۇتتۇر. ئۇ بىردىن كۆپ بولمايدۇ. ئىنسانى كامىل ئۈچۈن مۈلۈكتە، مەلەكۇتتا ۋە جەبەرۇتتا ھېچقانداق نەرسە

---

[147] ـ ھەسەن كامىل يىلماز، ئىنسانى كامىل، ئالتۇنئولۇق مەجمۇئەسى، ئىيۇل 1996، 125. سان، 31ـ بەت.

يوشۇرۇن ۋە مەخپىي ئەمەس. ئۇ شەيئىلەرنى ۋە شەيئىلەرنىڭ ھېكمىتىنى تولۇق بىلىدۇ. ... بۇ ھەقىقەت، ھەر دەۋردە زامانغا مۇۋاپىق پەرقلىق ئىسىم ۋە سۈرەتلەردە پەيغەمبەر ۋە ئەۋلىيا سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ»[148].

ئالدىمىزدا سەئىد نۇرسىي ھەققىدە ئويدۇرۇپ چىقىرىلغان ئادەتتىن تاشقىرى خۇسۇسىيەتلەر ئۈستىدە توختالغاندا بۇ مەسىلىنى قايتا تىلغا ئېلىپ ئۆتىمىز.

«مۈلۈك، مەلەكۇت ۋە جەبەرۇت» ئاللاھ تەئالانىڭ ماددىي ۋە مەنىۋىي ئالەملەردىكى، شۇنداقلا پۈتكۈل كائىناتتىكى پادىشاھلىقى ۋە ھاكىمىيىتى دېگەن بولىدۇ[149].

تەرىقەتچىلەر ئىنسانلارنى تۈرلەرگە ئايرىيدۇ. سىرلارنى بىلىدىغانلارنى خاسسۇل خەۋاس، ئازراق بىلىدىغانلارنى خەۋاس ۋە ئادەتتىكى ئىنسانلارنى ئاۋام دەپ ئاتايدۇ. ئەسلىدە ئۇلار بىز بىلىمىز دەپ دەۋا قىلغان سىرلار تامامەن خام خىيالنىڭ مەھسۇلى بولغان نەرسىلەردۇر. ئۇلار ئۆزلىرىنى دىنىي زات ۋە ئاللاھ بىلەن يېقىن مۇناسىۋىتى بار كىشىلەر قىلىپ كۆرسىتىش ئارقىلىق، ئۆزلىرىنىڭ باشقىلاردىن پەرقلىق كىشىلەر ئىكەنلىكىنى تەكىتلەپ تۇرىدۇ. ئاللاھ تەئالا بۇنداقلار ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ:

**«وَمَنْ أَظْلَمُ مِمَّنِ افْتَرَى عَلَى اللَّهِ كَذِبًا أَوْ قَالَ أُوحِيَ إِلَيَّ وَلَمْ يُوحَ إِلَيْهِ شَيْءٌ وَمَنْ قَالَ سَأُنْزِلُ مِثْلَ مَا أَنْزَلَ اللَّهُ وَلَوْ تَرَى إِذِ الظَّالِمُونَ فِي غَمَرَاتِ الْمَوْتِ وَالْمَلَائِكَةُ بَاسِطُو أَيْدِيهِمْ أَخْرِجُوا أَنْفُسَكُمُ الْيَوْمَ تُجْزَوْنَ عَذَابَ الْهُونِ بِمَا كُنْتُمْ تَقُولُونَ عَلَى اللَّهِ غَيْرَ الْحَقِّ وَكُنْتُمْ عَنْ آيَاتِهِ تَسْتَكْبِرُونَ. وَلَقَدْ جِئْتُمُونَا فُرَادَى**

---

[148] ـ ھەسەن كامىل يىلماز، ئىنسانى كامىل، ئالتۇنئولۇق مەجمۇئەسى، ئىيۇل 1996، 125. سان، 31ـ بەت.

149 ـ راغىب ئەلئىسفەھانىي، مۇفرەدات (ملك) مادىسسى. شەمسۇددىن سامى، قامۇس تۈركىي، دەرسائادەت 1317، (جبر) ماددىسى.

**كَمَا خَلَقْنَاكُمْ أَوَّلَ مَرَّةٍ وَتَرَكْتُمْ مَا خَوَّلْنَاكُمْ وَرَاءَ ظُهُورِكُمْ وَمَا نَرَى مَعَكُمْ شُفَعَاءَكُمُ الَّذِينَ زَعَمْتُمْ أَنَّهُمْ فِيكُمْ شُرَكَاءُ لَقَدْ تَقَطَّعَ بَيْنَكُمْ وَضَلَّ عَنْكُمْ مَا كُنْتُمْ تَزْعُمُونَ»**

«ئاللاھقا يالغان چاپلىغان ياكى ئۆزىگە بىر نەرسە ۋەھىي قىلىنمىغان تۇرۇقلۇق: ‹ماڭا ۋەھيى قىلىندى › دېگەن ۋە: ‹مەنمۇ ئاللاھ نازىل قىلغان نەرسىنىڭ ئوخشىشىنى نازىل قىلىمەن › دېگەن كىشىلەردىنمۇ زالىم كىم بار؟ ئى مۇھەممەد! بۇ زالىملارنى سەكراتقا چۈشكەن ۋاقىتلىرىدا بىر كۆرسەڭ!.. ئۇ چاغدا پەرىشتىلەر ئۇلارغا قوللىرىنى ي سوزۇپ: «قېنى جانلىرىڭلارنى چىقىرىڭلار! بۈگۈن خورلىغۇچى ئازاب بىلەن جازالىنىسىلەر. چۈنكى سىلەر ئاللاھقا ھەقسىز سۆزلەرنى قىلاتتىڭلار ۋە ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى مەنسىتمەيتتىڭلار» دەيدۇ.

ئۇلارغا: ‹بىز سىلەرنى دەسلەپتە قانداق ياراتقان بولساق دەرگاھىمىزغا شۇنداق تەنها كەلدىڭلار. بىز سىلەرگە ئاتا قىلغان نەرسىلەرنى ئارقاڭلاردا قويۇپ كەلدىڭلار. ئۆزۈڭلارنىڭ يارىتىلىشىدا ۋە ئىبادىتىڭلاردا بىزگە شېرىك ئىكەنلىكىنى گۇمان قىلغان شاپائەتچىلىرىڭلارنى يېنىڭلاردا كۆرمەيمىزغۇ؟ ئاراڭلاردىكى بارلىق مۇناسىۋەتلەر ئۈزۈلۈپ كەتتى ۋە سىلەر شاپائەتچى بولىدۇ دەپ ئويلىغان نەرسىلەر سىلەردىن ئېزىپ كەتتى! › دېيىلىدۇ»-ئەنئام .94-93/6

## 3ـ قۇتبۇل ئىرشاد

ئىمام رەببانىيغا نىسبەتەن [150] قۇتبۇل ئىرشاد ناھايىتى ئاز تېپىلىدۇ، ئۇزۇن زامانلار ۋە ئەسىرلەر ئۆتكەندىن كېيىن ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. ئۇ ھىدايىتى ۋە ئوتتۇرىغا چىقىشىنىڭ نۇرى بىلەن قاراڭغۇلۇق جاھاننى يورۇتىدۇ. ئۇنىڭ ئىرشادى (يېتەكچىلىكى) پۈتۈن جاھانغا تارقالغان. ئەرشتىن يەر يۈزىنىڭ مەركىزىگە قەدەر كىمگە كامالەت، ھىدايەت، ئىمان ۋە مەرپەت يەتكەن بولسا ئۇنىڭ يولىدىن يېتىدۇ، ئۇنىڭدىن ئېلىنىدۇ. ئۇ ۋەسىلە بولماستىن بۇ دۆلەت (بەخت) ھېچكىمگە نېسىپ بولمايدۇ. ئۇنىڭ نۇرى تېنىچ ئوكيانغا ئوخشاش ئالەمنى قورشاپ تۇرغان بولسىمۇ، ئۇنىڭدا ھېچقانداق بىر ھەرىكەت يوقتەك، خۇددى توڭلاپ قالغاندەك تۇرىدۇ. ئۇنىڭغا يۈنەلگەن ۋە ئۇنىڭغا سەممىيلىك بىلەن ئىشەنگەن ياكى ئۇ يۆنەلگەن تالىپنىڭ (يۆنىلىشى ئەسناسىدا) قەلبىدىن گويا بىر دەرىزە ئېچىلىدۇ ۋە بۇ يولدىن يۆنىلىشى ۋە سەممىيىتى نىسبىتىدە نېسىۋە ئالىدۇ ۋە تويىدۇ. ئىنكار قىلغانلىقى ئۈچۈن ئەمەس، ئۇنى تونۇمىغانلىقى ۋە بىلمىگەنلىكى ئۈچۈن بىۋاستە ئاللاھنىڭ زىكرى بىلەن مەشغۇل بولغان ۋە كۆڭلىنى ئاللاھقا يۆنەلدۈرگەن كىشىمۇ- خۇددى ئۇ قۇتۇبقا يۆنەلگەنلەرگە ئوخشاش- ئۇنىڭدىن پايدىلىنىدۇ. لېكىن بىرىنچى خىل ئەھۋالدىكى پايدا تېخىمۇ زىيادىدۇر.

قۇتۇبنى ئىنكار قىلىدىغان ياكى ئۇنى ياخشى كۆرمەيدىغان كىشىلەرگە كەلسەك، بۇلار ئاللاھنى ياد ئېتىش بىلەن مەشغۇل بولسىمۇ ھەقىقىي كامالەت ۋە

---

[150] ـ بىز تەتقىق قىلغان تەرىقەتلەرنىڭ ھەممىسى ئىمامى رەببانىينى بەك چوڭ بىلىدۇ ۋە ئۇنىڭ مەكتۇباتىنى مۇھىم مەنبەلەردىن دەپ قارايدۇ. بۇ سەۋەبتىن بىز بۇ مەسىلىنى ئۇنىڭ شۇ كىتابىدىن ئالدۇق.

ھىدايەتتىن مەھرۇم قالىدۇ. ئۇنى ئىنكار ۋە بىئارام قىلىش ئىنساننىڭ پەيز يولىنى ئېتىپ قويىدۇ. قۇتۇب ئۇنى پايدىلاندۇرماسلىقنى، ئۇنىڭغا زىيان يەتكۈزۈشنى خالىمىسىمۇ ئۇ ھەقىقىي ھىدايەتتىن يىراق قالىدۇ. بۇنداقلاردىكى پەقەت كامالەت ۋە ھىدايەتنىڭ سۈرىتىدۇر، خالاس. مەنىدىن يىراق، ئىچى قۇرۇق سۈرەتنىڭ پايدىسىمۇ ئاز بولىدۇ. قۇتۇبنى ياخشى كۆرگەن ۋە ئۇنىڭغا سەممىيلىك بىلەن ئىشەنگەن كىشىلەر ئۇنىڭغا كۆڭۈللىرى بىلەن يۈزلەنمىسىمۇ ۋە ئاللاھنى ياد ئېتىش بىلەن مەشغۇل بولمىسىمۇ، ئۇلارغا پەقەت قۇتۇبقا بولغان مۇھەببىتى تۈپەيلىدىن كامالەت ۋە ھىدايەت نۇرى يېتىدۇ[151].

دېمەككى، قۇتبۇل ئىرشاد دېگەن شەخسنى ئىنكار قىلغان كىشى ئاللاھنىڭ زىكرى بىلەن مەشغۇل بولسىمۇ، يەنىلا ھەقىقىي كامالەت ۋە ھىدايەتتىن مەھرۇم قالىدۇ، ئۇنى ياخشى كۆرگەن ۋە ئۇنىڭغا سەممىي ھالدا ئىشەنگەن كىشى ئاللاھنىڭ زىكرى بىلەن مەشغۇل بولمىسىمۇ كامالەت ۋە ھىدايەت نۇرىغا ئېرىشىدۇ. بۇلار ئاللاھقا ئۇچۇقتىن-ئۇچۇق بوھتاندۇر. ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ:

**«وَمَنْ أَظْلَمُ مِمَّنِ افْتَرَى عَلَى اللَّهِ كَذِبًا أُولَئِكَ يُعْرَضُونَ عَلَى رَبِّهِمْ وَيَقُولُ الْأَشْهَادُ هَؤُلَاءِ الَّذِينَ كَذَبُوا عَلَى رَبِّهِمْ أَلَا لَعْنَةُ اللَّهِ عَلَى الظَّالِمِينَ. الَّذِينَ يَصُدُّونَ عَنْ سَبِيلِ اللَّهِ وَيَبْغُونَهَا عِوَجًا وَهُمْ بِالْآخِرَةِ هُمْ كَافِرُونَ. أُولَئِكَ**

---

[151] - ئىمامى رەببانىي، مەكتۇبات، ئەرەبچە نۇسخىسى، 1- جىلد، 254 ۋە 260- بەتلەر.

**لَمْ يَكُونُوا مُعْجِزِينَ فِي الْأَرْضِ وَمَا كَانَ لَهُمْ مِنْ دُونِ اللَّهِ مِنْ أَوْلِيَاءَ يُضَاعَفُ لَهُمُ الْعَذَابُ مَا كَانُوا يَسْتَطِيعُونَ السَّمْعَ وَمَا كَانُوا يُبْصِرُونَ. أُولَئِكَ الَّذِينَ خَسِرُوا أَنْفُسَهُمْ وَضَلَّ عَنْهُمْ مَا كَانُوا يَفْتَرُونَ. لَا جَرَمَ أَنَّهُمْ فِي الْآخِرَةِ هُمُ الْأَخْسَرُونَ. إِنَّ الَّذِينَ آمَنُوا وَعَمِلُوا الصَّالِحَاتِ وَأَخْبَتُوا إِلَى رَبِّهِمْ أُولَئِكَ أَصْحَابُ الْجَنَّةِ هُمْ فِيهَا خَالِدُونَ. مَثَلُ الْفَرِيقَيْنِ كَالْأَعْمَى وَالْأَصَمِّ وَالْبَصِيرِ وَالسَّمِيعِ هَلْ يَسْتَوِيَانِ مَثَلًا أَفَلَا تَذَكَّرُونَ»**

«ئاللاھقا يالغان چاپلىغان كىشىدىنمۇ زالىم كىم بار؟ بۇنداق كىشىلەر رەببىنىڭ دەرگاھىغا چىقىرىلىدۇ ۋە گۇۋاھچىلار بۇلارنىڭ ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ‹مانا بۇلار رەببىگە قارشى يالغان سۆزلىگەن كىشىلەردۇر!›. بىلىڭلاركى، ئاللاھنىڭ لەنىتى زالىملارنىڭ ئۈستىدىدۇر.

ئۇلار شۇنداق كىشىلەركى، ئاللاھنىڭ يولىدىن توسىدۇ، ئۇ يولنى ئەگرى كۆرسىتىشكە تىرىشىدۇ ۋە ئاخىرەتنى ئىنكار قىلىدۇ.

ئەنە شۇلار يەر يۈزىدە ئاللاھنىڭ جازاسىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. ئۇلارنىڭ ئاللاھدىن باشقا قوغدىغۇچىلىرىمۇ بولمايدۇ. ئۇلارنىڭ ئازابى قاتمۇقات بولىدۇ. چۈنكى ئۇلار ھەقنى ئاڭلاشقا تاقەت قىلالمايتتى ۋە ھەقنى كۆرمەيتتى.

ئەنە شۇلار، ئۆزلىرىگە زىيان سالغان كىشىلەردۇر. شۈبھىسىزكى، ئۇلارنىڭ ئويدۇرغان نەرسىلىرى ئۇلاردىن يىراقلىشىپ كېتىدۇ.

شۈبھىسىزكى، ئۇلار ئاخىرەتتە ئەڭ كۆپ زىيانغا ئۇچرايدىغان كىشىلەردۇر.

ئىمان ئېيتقان، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان ۋە رەببىگە چىن يۈرەكتىن بويسۇنغانلارغا كەلسەك، ئەنە شۇلار جەننەت ئەھلىدۇر، جەننەتنىڭ ئىچىدە بىر خىل ھالەتتە مەڭگۈ قالغۇچىلاردۇر.

ئۇ ئىككى پىرقىنىڭ ئەھۋالى، كور ۋە گاس ئادەم بىلەن كۆرگۈچى ۋە ئىشىتكۈچى ئادەمنىڭ ئەھۋالىغا ئوخشاشتۇر. بۇ ئىككى پىرقىنىڭ ئەھۋالى ئوخشاش بولامدۇ؟ يەنىلا چۈشەنمەمسىلەر؟»- ھۇد 11/18-24.

### 4- رىجالۇل غەيب

بۇلار كىملىكىنى يوشۇرىدۇ، دەپ ئېتىقاد قىلىنىدىغان قۇتۇب، غەۋس، ئەۋتاد، رەۋاسىي، نۇقەبا ۋە نۇجەبا دەپ ئاتىلىدىغان كىشىلەردۇر. بۇ ئاتالغۇلار تۆۋەندىكىدەك مەنىلەردە ئىشلىتىلمەكتە:

### 5- قۇتۇب

تەرىقەتچىلەرگە نىسبەتەن قۇتۇب ئەڭ بۈيۈك ئەۋلىيادۇر. ئۇ ئاللاھقا يەتكەنلەرنىڭ بېشىدۇر، ئاللاھنىڭ رۇخستى بىلەن كائىناتتا تەسەررۇپ قا ئىگىدۇر يەنى كائىناتنى باشقۇرۇش ئىشلىرىدا تولۇق ھوقۇققا ئىگىدۇر.

### 6- غەۋس

غەۋس تەرىقەتچىلەر قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغاندا پاناھلىق ۋە ياردەم تىلەيدىغان قۇتۇبتۇر. قىيىن ئەھۋالدا قالغان سوپىلار «مەدەت يا غەۋس! يا غەۋس ئەلمەدەت!» دەپ غەۋسكە سىغىنىدۇ. غەۋس دەپ بىلىنىدىغانلار ئاللاھنىڭ ئىسىم ۋە سۈپەتلىرىنىڭ مەزھەرى ھېسابلىنىدۇ. يەنى ئاللاھنىڭ ئىسىم ۋە سۈپەتلىرى ئۇلارنىڭ شەخسىيىتىدە كۆرۈنىدۇ دەپ ئېتىقاد قىلىنىدۇ. ئابدۇلقادىر جەيلانىي «غەۋسىلئەزەم (ئەڭ بۈيۈك غەۋس)» دېگەن لەقىمى بىلەن مەشھۇردۇر.

### 7- رەۋاسىي

رەۋاسىي تاغلار، ئەۋتاد تۈۋرۈكلەر دېگەن بولىدۇ. تەرىقەتچىلەرگە نىسبەتەن بىر پالاكەت زامانىدا بەندىلەر ئەۋتادغا يۆنىلىدۇ. ئەۋتاد رەۋاسىيگە يۆنىلىدۇ. رەۋاسىينى قۇتۇب باشقۇرىدۇ.

قۇتۇبتىن كېيىن كېلىدىغان ئىككى كىشى «ئىمامەيىن (ئىككى ئىمام)» دېيىلىدۇ. بۇلارنىڭ بىرى «ئىمامى يەمىن (ئوڭ تەرەپتىكى ئىمام)»، يەنە بىرى «ئىمامى يەسار (سول تەرەپتىكى ئىمام)» دېيىلىدۇ. ئىمامى يەمىن قۇتۇبنىڭ ھۆكۈملىرىگە، ئىمامى يەسار بولسا ئۇنىڭ ماھىيىتىگە مەزھەردۇر152. قۇتۇب ئۆلسە ئۇنىڭ ئورنىغا ئىمامى يەسار ئۆتىدۇ. ئۈچلەر قۇتۇب بىلەن ئىككى ئىمامدىن تەركىپ تاپىدۇ.

بۇلاردىن باشقا، سانلىرى بىر رىۋايەتتە سەككىز، بىر رىۋايەتتە قىرىق كىشىدىن تەركىپ تاپقان «نۇجەبا» بىلەن، سانى ئۈچ ياكى ئون ئەتراپىدىكى «نۇقەبا» دەپ ئاتىلىدىغان بىر گۇرۇپپا كىشىلەرنىڭ بارلىقى ۋە ئۇلارنىڭ ئىنسانلارنىڭ ئىچكى دۇنياسىدىن خەۋەردار ئىكەنلىكى دەۋا قىلىنىدۇ[153].

بۇلار قۇرئان كەرىم كۇفۇر ۋە شېرىك ھېسابلاپ مەنئى قىلغان نەرسىلەردۇر. مۇسۇلمانلار ئوقۇغان نامازلىرىنىڭ ھەر بىر رەكئىتىدە

«**إِيَّاكَ نَعْبُدُ وإِيَّاكَ نَسْتَعِينُ**» «ئى ئاللاھ! بىز ساڭىلا ئىبادەت قىلىمىز ۋە سەندىنلا ياردەم تىلەيمىز» (فاتىھە 5/1) دېيىش ئارقىلىق بۇ ھالغا چۈشۈپ قالماسلىق ئۈچۈن داۋاملىق ھوشيار تۇرىدۇ.

## *8- تەرىقەت پىرى (ئىشانى)*

تەرىقەتتە پىر ھەر نەرسىدۇر. ئۇ ھەم ئىنسانى كامىلدۇر ھەم ھەقىقەتى مۇھەممەدىيىنىڭ ۋەكىلىدۇر ھەمدە قۇتۇب ۋە غەۋستۇر. مۇرىد ئاللاھ بىلەن بولىدىغان ئىشنىڭ پەقەت پىرىنىڭ ۋەسىلە بولۇشى بىلەن ئەمەلگە

---

152- يەنى ئىمامى يەمىن قۇتۇبنىڭ ھۆكۈملىرىنىڭ، ئىمامى يەسار ماھىيىتىنىڭ كۆرۈنىدىغان يېرىدۇر.

[153]- ھەسەن كامىل يىلماز، رىجالۇلغەيب (غائىب يارانلار) ئالتىن ئولۇق مەجمۇئەسى، 1995- يىلى 12- ئاي.

ئاشىدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ[154]. تەرىقەتتە مۇرىد نەپسىنى ئۆلتۈرۈش نامى بىلەن ئۆزىنى ناھايىتى تۆۋەن تۇتۇشى كېرەك، ھەتتا پىرىنىڭ ئالدىدا غەسسالنىڭ قولىدىكى مېيىت كەبى بولۇشى لازىم[155].

ئاللاھ كونكرېت يەنى قول بىلەن تۇتقىلى ۋە كۆز بىلەن كۆرگىلى بولىدىغان بىر بارلىق ئەمەس. تەرىقەتكە نىسبەتەن ئۇنى بىلىش ئۈچۈن بەندىنىڭ زېھنىي ۋە مەنىۋىي مەركەزلىشىشىنى كاپالەتلەندۈرىدىغان كونكېرت بىر نەرسىگە ئېھتىياج چۈشىدۇ. تەسەۋۋۇپتا بۇ ئوبيېكت ئاللاھنىڭ ئەڭ مۇكەممەل تەجەللىيلىرىنىڭ مەزھەرى (ئەكس ئېتىدىغان يېرى) ھېسابلىنىدىغان «ئىنسانى كامىل» ماقامىدىكى شەيخ (پىر) دۇر. يەنى مۇرىدنىڭ ئاللاھقا ئۆز لايىقىدا بەندە بولۇشى ئۈچۈن ئالدى بىلەن پىرگە قۇل بولۇشى ۋە قۇللۇق تەربىيىسىدىن ئۆتكەن بولۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ. بۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن رابىتە قىلىش زۆرۈر دەپ قارىلىدۇ. ئۇلار بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:

«سالىك (مۇرىد) ئالدى بىلەن ئىنسانى كامىل بولغان پىرىگە، ئاندىن پەيغەمبەرگە، ئۇنىڭدىن كېيىن ئاللاھقا قەلبىنى باغلىشى ۋە بۇ شەكىلدە ھوزۇرىقەلبكە ئېرىشىپ «فەنافىللاھ» (ئاللاھتا ئېرىپ كېتىش ئارقىلىق ئاللاھ

---

[154] ـ مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللاھ خانى، ئاداب، ئىستانبۇل، 1976/1396، 172ـ بەت.

[155] ـ مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللاھ خانى، ئاداب، ئىستانبۇل، 1976/1396، 173ـ بەت.

بىلەن پۈتۈنلىشىپ كېتىش) كە يېتىپ بېرىشى لازىم». چۈنكى ئۇلار رابىتىنى ئاللاھ بىلەن مۇراقەبە قىلىش ئۈچۈن ئىلىپ بارىدۇ[156].

ئۇلارغا نىسبەتەن «مۇراقەبە ۋە ئاللاھقا يۈزلىنىشنى داۋاملاشتۇرغان كىشىگە ۋەزىرلىك يەنى مىنىستىرلىك بېرىلىدۇ. بۇنىڭغا ئىگە بولغان كىشى مەلەكۇتتا ئاسانلا تەسەررۇپ قىلىشقا يەنى ئاللاھنىڭ ھوقۇقلىرىنى ئىشلىتىشكە (نەئۇزۇ بىللاھ) باشلايدۇ، كۆڭۈلدىن كەچكەن ئىشلارنى بىلىدۇ، كۆڭۈللەرنى ھىدايەت نۇرى بىلەن يورۇتۇشمۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن مۇمكىن بولىدۇ[157].

تەرىقەتچىلەرگە نىسبەتەن «پىرنىڭ نەزەر قىلىشى (قاراپ قويۇشى) يۈرەك كېسىلىگە شىپا بولىدۇ، يۈزىنى كۆرسىتىپ قويۇشى مەنىۋى كېسەللىكلەرگە داۋا بولىدۇ. ئۇ كامالەتلەرنىڭ ئىگىسى، دەۋرنىڭ ئىمامى، زامانىنىڭ خەلىپىسىدۇر. قۇتۇبلار ۋە ئەبداللار (ئورۇنباسارلار) ئۇنىڭ ماقاملىرى سايىسىدە يېتىشىپ ياشايدۇ. ئەۋتاد ۋە نۇجەبا ئۇنىڭ كامالەت دېڭىزىدىن ئېقىپ كەلگەن بىر تامچىدۇر. ئۇنىڭ ئىرشادى (يېتەكچىلىكى) قۇياشقا ئوخشايدۇ. ئۇزى خالىماستىن ھەر قانداق نەرسىگە ئۆزىنىڭ پەيزىنى ياغدۇرىدۇ...»[158].

رابىتە قىلغان مۇرىد پىرىدىن باشقا ھەرقانداق نەرسىدىن مۇناسىۋىتىنى ئۈزۈشى ۋە قەلبىدە يالغۇز ئۇنىڭغىلا ئورۇن بېرىشى لازىم [159]. ئۇ پىرىنىڭ سۈرىتىنى ئىككى كۆزىنىڭ ئوتتۇرىسىدا تەسەۋۋۇر قىلىدۇ، كېيىن ئۇنى قەلبىنىڭ ئوتتۇرىسىغا چۈشۈرىدۇ، ئۆزىنى يوق، پىرىنى بار دەپ بىلىدۇ.

[156] ـ مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللاھ خانى، ئاداب، ئىستانبۇل، 1976/1396، 268ـ بەت.

[157] ـ مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللاھ خانى، ئاداب، ئىستانبۇل، 1976/1396، 268ـ بەت.

[158] ـ مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللاھ خانى، ئاداب، ئىستانبۇل، 1976/1396، 238ـ بەت.

[159] ـ سادىق دانا، ئالتىنئولۇق سۆھبەتلىرى1، 39ـ 40ـ بەتلەر.

ئۇلارنىڭ بىرى شەرقتە، بىرى غەربتە بولسىمۇ پىرنىڭ روھى مۇرىدنى رابىتە بىلەن تەربىيىلەيدۇ ۋە ئاللاھقا يەتكۈزىدۇ[160].

تەرىقەتچىلەرگە نىسبەتەن ھەقىقىي پىر مۇرىد بىلەن ئاللاھ ئوتتۇرىسىدىكى ۋەسىلىدۇر. ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈش ئاللاھتىن يۈز ئۆرۈگەنلىكتۇر[161]. مۇرىد «پىرىمنى قەيەردە ياد ئەتسەم روھى شۇ يەرگە ھازىر بولىدۇ، پىرىمنىڭ روھانىي تەسەررۇپلىرى ئاللاھ تەئالانىڭ تەسەررۇپلىرىدۇر» دەپ ئىشىنىدۇ[162].

يۇقىرىدا بىز تەرىقەت مەنبەلىرىدىن نەقىل قىلغان پىكىرلەردىن قارىغاندا تەرىقەتتە پىر تامامەن ئاللاھنىڭ ئورنىغا قويۇلماقتا. چېركاۋدىمۇ پوپ شۇنداقتۇر. بۇ شېرىكتىن ئاللاھقا سېغىنىش كېرەك.

بۇ تەرىقەتلەرگە نىسبەتەن «مۇرىد پىرى بۇيرۇغان ئىشنى ئورۇنلاشقا ئالدىرىشى ۋە دەرھال بۇيرۇقنى بەجا كەلتۈرۈشى لازىم. ئۇنى ھەرگىزمۇ ئۇڭ-سولغا بۇرىماسلىقى ۋە كېچىكتۈرمەسلىكى لازىم. چۈنكى بۇراش ۋە كېچىكتۈرۈش توسالغۇلارنىڭ ئەڭ چوڭىدۇر»[163].

«سالىك (مۇرىد) مۇرشىدىنىڭ (پىرىنىڭ) يېنىدا بولسۇن ياكى ئۇنىڭدىن يىراق بىر يەردە بولسۇن داۋاملىق ئۇنىڭ رازىلىقىنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدا مېڭىشنى كۆزلىشى، مۇرشىدىنىڭ نېمىلەرنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى بىلىشى ۋە ئۇنىڭغا قاراپ ئىش قىلىشى لازىم»[164].

---

160- مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللاھ خانى، ئاداب، ئىستانبۇل، 1976/1396، 239-242-بەتلەر.

161- مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللاھ خانى، ئاداب، ئىستانبۇل، 1976/1396، 244- بەت.

162- مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللاھ خانى، ئاداب، ئىستانبۇل، 1976/1396، 239-242-بەتلەر.

163- مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللاھ خانى، ئاداب، ئىستانبۇل، 1976/1396، 172-173- بەتلەر.

164- سادىق دانا، ئالتىنئولۇق سۆھبەتلىرى1، 41-42- بەتلەر.

تەسەۋۋۇپ مەنبەلىرى ئىسلام دىنى بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوق سەپسەتىلىرىنى يەنە مۇنداق داۋاملاشتۇرىدۇ:

«مۇرشىدلەر ئاللاھ تەئالا بار بولغان مەجلىستە ئولتۇرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھنى زىكىر قىلىش بىلەن ئېرىشكىلى بولىدىغان پايدىغا ئۇ زاتلارنى كۆرۈش بىلەنمۇ ئوخشاشلا ئېرىشكىلى بولىدۇ. ئاللاھنىڭ ئەلچىسىگە تولۇق ئەگىشىشنى بۇ پىرى كامىلنىڭ مۇھەببىتى بىلەن تەڭ كۆرۈش لازىم»[165].

مانا بۇ سۆزلەرنىڭ دىنىمىزدا ھېچقانداق ئاساسى يوق. شۇنداقلا بۇ پىكىردىكى كىشىلەر قۇرئاننىڭ ھۆكمى بويىچە ئىسلامنىڭ سىرتىدا ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى بۇ ئېتىقادلار ھېچبىر دەلىلگە ئاساسلانماستىن بەزى كىشىلەرگە بەندە بولۇشتۇر. ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ:

**«وَيَعْبُدُونَ مِن دُونِ اللَّهِ مَا لَمْ يُنَزِّلْ بِهِ سُلْطَاناً وَمَا لَيْسَ لَهُم بِهِ عِلْمٌ وَمَا لِلظَّالِمِينَ مِن نَّصِيرٍ»**

«مۇشرىكلار ئاللاھ بىلەن ئۆزلىرىنىڭ ئارىسىدا قويغان شۇنداق بىر نەرسىگە قۇل بولىدۇكى، ئاللاھ ئۇنىڭ ھەققىدە ھېچبىر دەلىل چۈشۈرمىگەن. ئۇلاردا ئۇ نەرسە بىلەن مۇناسىۋەتلىك ھېچقانداق ئىلىم يوقتۇر. بۇ زالىملارنىڭ ھېچبىر ياردەمچىسى بولمايدۇ». ھەج 71/22.

خۇلاسە قىلىپ ئېيتقاندا، قۇرئاندىكى مىن دونىللاھ **«مِن دُونِ اللَّهِ»** دېگەن سۆز ئۆتكەن يەرلەرنىڭ بۇيۇك بىر بۆلۈمى، ئاللاھ بىلەن ئىنسان ئوتتۇرىسىدا ۋەسىلە قىلىنغان كىشىلەرگە لايىق كۆرۈلگەن ئورۇننى ئىپادىلەيدۇ. يۇقىرىدىكى سەپسەتىلەر ئاللاھقا ۋەسىلە قىلىنغان مەزكۇر كىشىلەرنىڭ قانداق خىيالىي ھوقۇقلار بىلەن پەردازلانغانلىقىنى كۆرسەتمەكتە.

[165] ـ مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللاھ خانى، ئاداب، ئىستانبۇل، 1976/1396، 235ـ بەتلەر

### ھ- ۋەسلەر قىلىنغان كىشلەرنىڭ غەيبنى بىلىدىغانلىق دەۋاسى

غەيب سەزگۈ ئەزا بىلەن سەزگىلى بولمايدىغان، ئىنساننىڭ بىلىش دائىرىسىدىن يىراق بولغان نەرسىدۇر [166] . قىيامەتنىڭ ۋاقتىغا ئوخشاش ئاللاھدىن باشقىسى بىلەلمەيدىغان نەرسىلەر مۇتلەق يەنى تولۇق غەيب دېيىلىدۇ.

ھەققىدە بىر مەلۇمات ياكى يىپ ئۇچى قالمىغان تارىخىي ھادىسىلەرمۇ زاماننىڭ ئۆتۈشى بىلەن مۇتلەق غەيبكە ئايلىنىپ كېتىدۇ.

باشقا بىر كىشى بىلگەن نەرسە بولسا نىسبىي غەيب ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن: سىزنىڭ كۆڭلىڭىزدىن ئۆتكەن نەرسىلەرنى مەن بىلەلمەيمەن، لېكىن سىز بىلىسىز. ئۇ ماڭا نىسبەتەن غەيب بولىدۇ. لېكىن سىزگە نىسبەتەن غەيب ھېسابلانمايدۇ.

مۇتلەق غەيبنى نە ئىنسان، نە پەرىشتە، نە جىن، نە پەيغەمبەر ھېچكىم بىلەلمەيدۇ. ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ:

**«قُلْ لَا يَعْلَمُ مَنْ فِي السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ الْغَيْبَ إِلَّا اللَّهُ وَمَا يَشْعُرُونَ أَيَّانَ يُبْعَثُونَ»**

««ئى مۇھەممەد! ئېيتقىنكى: ‹غەيبنى ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى كىشلەردىن ھېچكىم بىلمەيدۇ، غەيبنى پەقەت ئاللاھ بىلىدۇ ›. ئۇلار قاچان تىرىلدۈرۈلىدىغانلىقىنى تۇيمايدۇ»- نەمل 65/27.

خۇسۇسەن تۆۋەندىكى ئايەت پەرىشتىلەرنىڭ غەيبنى بىلەلمەيدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ:

166- راغىب ئەلئىسفەھانى، مۇفرەدات ئەلفازىل قۇرئان، 616- بەت، غ ي ب ماددىسى.

«وَلَقَدْ خَلَقْنَا الْإِنْسَانَ وَنَعْلَمُ مَا تُوَسْوِسُ بِهِ نَفْسُهُ وَنَحْنُ أَقْرَبُ إِلَيْهِ مِنْ حَبْلِ الْوَرِيدِ. إِذْ يَتَلَقَّى الْمُتَلَقِّيَانِ عَنِ الْيَمِينِ وَعَنِ الشِّمَالِ قَعِيدٌ. مَا يَلْفِظُ مِنْ قَوْلٍ إِلَّا لَدَيْهِ رَقِيبٌ عَتِيدٌ»

«شۈبھىسىزكى، ئىنساننى بىز ياراتتۇق، بىز ئۇنىڭ كۆڭلىگە كەلگەننى بىلىمىز، بىز ئۇنىڭغا جان تومۇرىدىنمۇ يېقىندۇرمىز.

ئۇنىڭ قىلمىشلىرىنى خاتىرىلەپ تۇرىدىغان ئىككى خاتىرىلىگۈچى بار. ئۇلارنىڭ بىرى ئۇنىڭ ئوڭ تەرىپىدە، يەنە بىرى ئۇنىڭ سول تەرىپىدە ئولتۇرماقتىدۇر.

ئۇ قانداق سۆز قىلسا، يېنىدا يېزىشقا تەييار بىر كۆزەتكۈچى بار»- قاف 16/50-18.

دېمەككى، ئاللاھ ئىنساننىڭ كۆڭلىگە كەلگەننى بىلىدۇ، پەرىشتىلەر پەقەت ئىنساننىڭ ئېغىزىدىن چىققان سۆزنىلا بىلەلەيدۇ.

ئاللاھ تەئالا جىنلارنىڭ غەيبنى بىلمەيدىغانلىقى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ:

«...وَمِنَ الْجِنِّ مَنْ يَعْمَلُ بَيْنَ يَدَيْهِ بِإِذْنِ رَبِّهِ وَمَنْ يَزِغْ مِنْهُمْ عَنْ أَمْرِنَا نُذِقْهُ مِنْ عَذَابِ السَّعِيرِ. يَعْمَلُونَ لَهُ مَا يَشَاءُ مِنْ مَحَارِيبَ وَتَمَاثِيلَ وَجِفَانٍ كَالْجَوَابِ وَقُدُورٍ رَاسِيَاتٍ اعْمَلُوا آلَ دَاوُودَ شُكْرًا وَقَلِيلٌ مِنْ عِبَادِيَ الشَّكُورُ. فَلَمَّا قَضَيْنَا عَلَيْهِ الْمَوْتَ مَا دَلَّهُمْ عَلَى مَوْتِهِ إِلَّا دَابَّةُ الْأَرْضِ تَأْكُلُ مِنْسَأَتَهُ فَلَمَّا خَرَّ تَبَيَّنَتِ الْجِنُّ أَنْ لَوْ كَانُوا يَعْلَمُونَ الْغَيْبَ مَا لَبِثُوا فِي الْعَذَابِ الْمُهِينِ»

«جىنلەرنىڭ بىر قىسمى رەببىنىڭ رۇخستى بىلەن سۇلەيماننىڭ ئالدىدا ئىشلەيتتى. ئۇلاردىن كىم ئەمرىمىزگە خىلاپلىق قىلغان بولسا، ئۇنىڭغا يالقۇنلۇق ئوتنىڭ ئازابىدىن تېتىتىمىز.

ئۇلار سۇلەيمان ئۈچۈن سۇلەيماننىڭ تەلىپى بويىچە سارايلار، ھەيكەللەر، كۆللەردەك لېگەنلەر ۋە مۇقىم قازانلارنى ياسايتتى. ‹ئى داۋۇد ئائىلىسى! ئاللاھنىڭ نېمەتلىرىگە شۈكۈر ئېيتىش ئۈچۈن ئىشلەڭلار › دېدۇق. بەندىلىرىمدىن شۈكۈر قىلغۇچىلار بەك ئاز.

بىز سۇلەيماننى ۋاپات قىلدۇرغاندا، جىنلەر ئۇنىڭ ئۆلگەنلىكىنى ئۇنىڭ ھاسىسىنى يېگەن بىر ياغاچ قۇرتىدىنلا ئۆگەندى. سۇلەيمان يېقىلغاندا جىنلەرنىڭ غەيبنى بىلمەيدىغانلىقى ئوتتۇرىغا چىقتى. ئۇنداق بولمىسا ئىدى، ئۇلار خورلىغۇچى ئازابنىڭ ئىچىدە قالمىغان بولاتتى»- سەبەئ 12/34-14.

پەيغەمبەرلەرمۇ پەقەت ئۆزلىرىگە ۋەھيي قىلىنغان نەرسىنىلا بىلىدۇ. ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ:

**«قُل لاَّ أَقُولُ لَكُمْ عِندِي خَزَآئِنُ اللّهِ وَلا أَعْلَمُ الْغَيْبَ وَلا أَقُولُ لَكُمْ إِنِّي مَلَكٌ إِنْ أَتَّبِعُ إِلاَّ مَا يُوحَى إِلَيَّ قُلْ هَلْ يَسْتَوِي الأَعْمَى وَالْبَصِيرُ أَفَلاَ تَتَفَكَّرُونَ»**

«ئېيتقىنكى: مەن سىلەرگە ئاللاھنىڭ خەزىنىلىرى مېنىڭ يېنىمدا، دېمەيمەن. مەن غەيبنىمۇ بىلمەيمەن. سىلەرگە: مەن چوقۇم بىر پەرىشتە، دېمەيمەن. مەن ماڭا ۋەھيي قىلىنغان نەرسىگىلا ئەگىشىمەن ›. ئېيتقىنكى: ‹كور بىلەن كۆرگۈچى باراۋەر بولامدۇ؟ تەپەككۇر قىلمامسىلەر؟ ›»- ئەنئام 50/6.

**«قُل لاَّ أَمْلِكُ لِنَفْسِي نَفْعًا وَلاَ ضَرًّا إِلاَّ مَا شَاء اللّهُ وَلَوْ كُنتُ أَعْلَمُ الْغَيْبَ لاَسْتَكْثَرْتُ مِنَ الْخَيْرِ وَمَا مَسَّنِيَ السُّوءُ إِنْ أَنَاْ إِلاَّ نَذِيرٌ وَبَشِيرٌ لِّقَوْمٍ يُؤْمِنُونَ»**

«ئى مۇھەممەد ئېيتقىنكى: ‹مەن ئۆزۈمگىمۇ پايدا ـ زىيان يەتكۈزۈشكە ئىگە بولالمايمەن، لېكىن  ئاللاھنىڭ خالىغىنى بۇنىڭدىن مۇستەسنا. ئەگەر غەيبنى بىلگەن بولسام، كۆپ ياخشىلىق ھاسىل قىلغان بولاتتىم، بېشىمغا ھېچبىر يامانلىق كەلمىگەن بولاتتى. مەن ئىشىنىدىغان قەۋم ئۈچۈن پەقەتلا بىر ئاگاھلاندۇرغۇچى ۋە بىر خۇش خەۋەر بەرگۈچىمەن›» ـ ئەئراف 188/7.

غەيب بىلەن مۇناسىۋەتلىك بەزى خەۋەرلەر ئاللاھ تەئالا تەرىپىدىن پەيغەمبەرلىرىگە بىلدۈرۈلىدۇ. بىز ئۇ خەۋەرلەرنى پەيغەمبەرلەرنىڭ بىلدۈرۈشى بىلەن بىلەلەيمىز. ئەمەلىيەت مۇشۇنداق تۇرۇقلۇق خرىستىئانلار ۋە بەزى تەرىقەتچىلەر پەيغەمبەر بىزگە بىلدۈرمىگەن غەيبنىمۇ بىلىدىغانلىقلىرىنى دەۋا قىلىشىدۇ.  بىز ئۇلارنىڭ بۇ دەۋاسىنى تۆۋەندە ئىككى ماۋزۇ ئاستىدا كۆرۈپ ئۆتىمىز:

### 1 ـ كاتولىكلاردا غەيب ئىلمى

ئىلگىرى توختىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك كاتولىكلار مەسىھ ئىيسانى ۋە مۇقەددەس روھنى تەڭرى دەپ ئاتايدۇ. ئۇلارنىڭ كۆز قارىشىدا ئېپىسكوپلۇق دەرىجىسىگە يەتكەن كىشى ئىيسا مەسىھنىڭ ئورنىغا ئۆتىدۇ ۋە ئۇنىڭ ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالىدۇ. بۇنداق بىرىنىڭ غەيبنى بىلىدىغانلىقى ھەققىدە گۇمان قىلىنمايدۇ. پوپلار بولسا، ئېپىسكوپلارنىڭ مۇئاۋىنلىرى بولۇپ، ئۇلارمۇ غەيبنى بىلىدۇ. كاتولىكلارنىڭ ماۋزۇ بىلەن مۇناسىۋەتلىك كۆزقاراشلىرى مۇنداق:

«مەسىھ ئىيسا ھەۋارىيلىرىغا ئامانەت قىلغان ۋەزىپىنى چېركاۋ راھىبلىق سىررى بىلەن داۋاملاشتۇرىدۇ [167]. ئېپىسكوپلۇق راھىبلىق سىررىنىڭ ئەڭ يۇقىرى دەرىجىسىدۇر» [168]. ئېپىسكوپلۇق مەرتىۋىسىگە يەتكەن كىشى

[167]ـ كاتولىك چېركاۋى دىن ۋە ئەخلاق ئاساسلىرى، 1536ـ پاراگراف.
[168]ـ كاتولىك چېركاۋى دىن ۋە ئەخلاق ئاساسلىرى، 1555ـ پاراگراف.

مۇنەۋۋەر ۋە ئوچۇق بىر شەكىلدە خوجايىن، پادىچى ۋە راھىب بولغان مەسىھنىڭ ئورنىغا ئۆتىدۇ، ئۇنىڭ ۋەزىپىسىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان بولىدۇ. ئېپىسكوپلار ئۆزلىرىگە بېرىلگەن مۇقەددەس روھ سايىسىدە مەنىۋى پادىشاھلىق، پادىچىلىق ۋە پەيغەمبەرلىك ھوقۇقلىرىغا ئىگە بولىدۇ[169]. پوپلار ئېپىسكوپلارنىڭ مۇئاۋىنلىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن مەسىھ ئامانەت قىلغان ۋەزىپىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش قا تىرىشىدۇ[170]. مۇقەددەس روھنىڭ ئالاھىدە ئىلتىپاتى راھىبلىق سىررىنى ئالغان كىشىنى راھىب، مۇئەللىم ۋە پادىچى سۈپىتىدە پۈتۈنلەي مەسىھ ئىيساغا ئوخشىتىدۇ[171].

## 2. تەرىقەتچىلەردە غەيب ئىلمى

بەزى تەرىقەتچىلەر ۋە دىنىي گۇرۇھلار ئۆزلىرى «ئەۋلىيا» دەپ ئاتىۋالغان بەزى كىشىلەرنىڭ غەيبنى بىلىدىغانلىقىنى دەۋا قىلىشىدۇ. مەسىلەن: سەئىد نۇرسىينىڭ كۆز قارىشىدا ھەزرىتى ئەلى ۋە ئابدۇلقادىر جەيلانىيغا ئوخشاش بەزى ئىنسانلار غەيبنى بىلگەنلىكى ئۈچۈن يۈز يىللار بۇرۇن ئۆزى ھەققىدە بىشارەت بەرگەن. سەئىد نۇرسىي بۇ دەۋاسىنى مۇنداق بىر سوئال- جاۋاب بىلەن ئوتتۇرىغا قويىدۇ:

**سوئال:** ئابدۇلقادىر جەيلانىيغا ئوخشاش بۈيۈك ئەۋلىيالار بەزى زامانلاردا ئۆتمۈشنى ۋە كەلگۈسىنى بۈگۈننى كۆرگەندەك كۆرۈپ بىلگەن تۇرۇقلۇق نېمە ئۈچۈن ئۆتمۈش بىلەن مۇناسىۋەتلىك خەۋەرلەرنى ئاشكارا سۆزلەپ بېرىپ، كەلگۈسى ھەققىدە يېپىق ئىپادىلەر ۋە مەخپىي ئىشارەتلەر بىلەن سۆز قىلىدۇ؟

[169]- كاتولىك چېركاۋى دىن ۋە ئەخلاق ئاساسلىرى، 1558- پاراگراف.
[170]- كاتولىك چېركاۋى دىن ۋە ئەخلاق ئاساسلىرى، 1562- پاراگراف.
[171]- كاتولىك چېركاۋى دىن ۋە ئەخلاق ئاساسلىرى، 1585- پاراگراف.

**جاۋاب:** ئۇلار «غەيبنى ئاللاھتىن باشقىسى بىلمەيدۇ» دېگەن ئايەت بىلەن «ئاللاھ پۈتۈن غەيبنى بىلگۈچىدۇر، ئۇ ئۆزىنىڭ غەيبنى ھېچكىمگە ئاشكارىلىمايدۇ. پەقەت ئۆزى مەمنۇن بولغان پەيغەمبەر بۇنىڭدىن مۇستەسنا»[172]. دېگەن ئايەتتە بەلگىلەنگەن مۇقەددەس چەكلىمە ئالدىدا بەندىچىلىككە يارىشىدىغان بىر گۈزەل ئەخلاق دائىرىسىدىن چەتنەپ كەتمەسلىك ئۈچۈن ئاشكارا بىر نېمە دېمەي، مەخپىي ئىشارەتلەر بىلەن سۆزلەش يولىغا كىرگەن، شۇنداقلا يېپىق سۆز ۋە سىمۋوللۇق ئىپادىلەرنى ئىشلەتكەن. ئۇلار غەيب بىلەن مۇناسىۋەتلىك بۇ ئىلىم ئۆزلىرىنىڭ ئىختىيارى ياكى نىيەتلىرى بىلەن ئەمەس، ئاللاھنىڭ ئۆگىتىشى بىلەن بولغانلىقى بىلىنسۇن دەپ شۇنداق قىلغان. چۈنكى كەلگۈسى ھەققىدىكى غەيب ئىلىملىرى كىشىنىڭ شەخسىي تاللىشى ۋە نىيىتى بىلەن بېرىلمىگەندەك نىيەت بىلەن ئىشقا ئاشۇرۇلۇشىمۇ مەزكۇر چەكلىمىگە ئىتائەتسىزلىك يۈرىكى بېرىپ قويىدۇ[173].

بۇ دەۋا ئۈچ جەھەتتىن خاتادۇر:

### ئا- غەيبنى ھېچكىم بىلمەيدۇ

ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ:

«...**وَمَا كَانَ اللّٰهُ لِيُطْلِعَكُمْ عَلَى الْغَيْبِ**...»

«ئاللاھ سىلەرنى غەيبتىن ھەرگىزمۇ ۋاقىپلاندۇرمايدۇ»- (ئال ئىمران 179/3)

---

[172]- جىن 72/26-27.

[173]- سەئىد نۇرسىي، سىككەئى تەسدىقى غەيبى، سەككىزىنچى لەمئە، 2- جىلد، 2091- بەت.

ئاللاھ تەئالا ئاشكارىلاشنى خالىغان غەيبنى پەيغەمبەرلىرى ئارقىلىق ئاشكارىلايدۇ. بۇنىڭ ئالاھىدە بىر ئۇسۇلى بار. ئاللاھ تەئالا بۇ ئۇسۇلنى بىزگە بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

**«عَالِمُ الْغَيْبِ فَلَا يُظْهِرُ عَلَى غَيْبِهِ أَحَدًا. إِلَّا مَنِ ارْتَضَى مِنْ رَسُولٍ فَإِنَّهُ يَسْلُكُ مِنْ بَيْنِ يَدَيْهِ وَمِنْ خَلْفِهِ رَصَدًا. لِيَعْلَمَ أَنْ قَدْ أَبْلَغُوا رِسَالَاتِ رَبِّهِمْ وَأَحَاطَ بِمَا لَدَيْهِمْ وَأَحْصَى كُلَّ شَيْءٍ عَدَدًا»**

«رەببىم غەيبنى بىلگۈچىدۇر. ئۇ غەيبنى ھېچكىمگە ئاشكارىلىمايدۇ. ئۆزى رازى بولغان ئەلچىسى بۇنىڭدىن مۇستەسنا. شۈبھىسىزكى، ئۇنىڭ ئالدىغا ۋە ئارقىسىغا كۆزەتچىلەر قويىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئەلچى بىلىدۇكى، ئۇلار رەببىنىڭ ئەلچىلىكلىرىنى يەتكۈزدى. ئۆزىمۇ ئۇلار ئېلىپ كەلگەن ۋەھيىنى تولۇق بىلدى ۋە بىر – بىرلەپ چۈشەندى». جىن 26/72–28.

ۋەھيي ئارقىلىق ئاشكارىلىنىپ بولغاندىن كېيىن ئۇ مەلۇماتلار «غەيب» بولۇشتىن چىقىدۇ. پەرىشتىلەرنىڭ كۆزەتچى قىلىنىشى كەلگەن مەلۇماتلارنىڭ ئاللاھ تەرىپىدىن كەلگەنلىكى ھەققىدە پەيغەمبەرنىڭ گۇمانغا چۈشۈپ قالماسلىقى ئۈچۈندۇر. چۈنكى ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ:

**«وَمَا أَرْسَلْنَا مِنْ قَبْلِكَ مِنْ رَسُولٍ وَلَا نَبِيٍّ إِلَّا إِذَا تَمَنَّى أَلْقَى الشَّيْطَانُ فِي أُمْنِيَّتِهِ فَيَنْسَخُ اللَّهُ مَا يُلْقِي الشَّيْطَانُ ثُمَّ يُحْكِمُ اللَّهُ آيَاتِهِ وَاللَّهُ عَلِيمٌ حَكِيمٌ»**

«شەيتان بىز سەندىن ئىلگىرى ئەۋەتكەن ھەر رەسۇل ۋە ھەر نەبىينىڭ قىلغان ئارزۇسىغا ۋەسۋەسە سالدى. لېكىن ئاللاھ شەيتان سالغان ۋەسۋەسىنى بەربات قىلىپ ئۆزىنىڭ ئايەتلىرىنى مۇستەھكەملىدى. ئاللاھ بىلگۈچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر». ھەج 52/22.

بەزى تەپسىرلەردە ئەنئام سۈرىسىنىڭ نازىل بولۇشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان مۇنداق بىر ھەدىس نەقىل قىلىنىدۇ: رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېگەن:

«قۇرئاندىن ئەنئام سۈرىسىدىن باشقا بىر سۈرە ماڭا بىر پۈتۈن ھالەتتە نازىل بولمىدى. شەيتانلار بۇ سۈرە ئۈچۈن جۇغلاشقانچىلىك ھېچبىر سۈرە ئۈچۈن جۇغلاشمىغان ئىدى. بۇ سۈرە ماڭا جىبرائىل بىلەن بىرلىكتە 50 مىڭ پەرىشتە بىلەن ئەۋەتىلدى. ئۇلار بۇنى چۆرىدىۋېلىپ، بىر توي دەبدەبىسى بىلەن ئېلىپ كەلدى»[174].

ئەلچى يېنىغا كەلگۈچىنىڭ پەرىشتە ئىكەنلىكىگە ۋە سۆزلىگەن سۆزىگە شەيتان ۋەسۋەسىسى ئارىلىشىپ قالمىغانلىقىغا ئىشىنىشى لازىم. ئاللاھ تەئالانىڭ ۋەھيي ئەسناسىدا ئەلچىنىڭ ئەتراپىغا پەرىشتىلەرنى تىزىشى مۇشۇ سەۋەبتىندۇر.

سەئىد نۇرسىي پەيغەمبەرلەرگە ۋەھيىنىڭ قانداق كەلگەنلىكىنى بايان قىلىدىغان يۇقىرىدىكى ئايەتنى ئەۋلىيالارنىڭ غەيبنى بىلەلەيدىغانلىقىغا دەلىل قىلىدۇ. بۇ غەلىتە بىر دەۋادۇر.

**ب- ئۆتمۈش غەيبنى ھېچكىم بىلمەيدۇ**

سەئىد نۇرسىي «ئابدۇلقادىر جەيلانىيغا ئوخشاش بۈيۈك ئەۋلىيالار بەزى زامانلاردا ئۆتمۈشنى ۋە كەلگۈسىنى بۈگۈننى كۆرگەندەك كۆرۈپ بىلگەن تۇرۇقلۇق...»[175] دەيدۇ.

[174]- ئەلمالىلى مۇھەممەد ھامدى يازىر، ھەق دىنى قۇرئان دىلى، ئىستانبۇل 1936، 2- توم، 1861 - 1862- بەتلەر.
[175]- سەئىد نۇرسىي، سىككەئى تەسدىقى غەيبى، سەككىزىنچى لەمئە، 2- جىلد، 2091- بەت.

بۇ خىل بىر دەۋانى قانداقمۇ قوبۇل قىلغىلى بولسۇن!؟ ئاللاھ تەئالانىڭ مۇنۇ سۆزى سەئىد نۇرسىينىڭ يۇقىرىدىكى قارىشىنى رەت قىلىدۇ:

**«قُلْ لَا يَعْلَمُ مَنْ فِي السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ الْغَيْبَ إِلَّا اللَّهُ وَمَا يَشْعُرُونَ أَيَّانَ يُبْعَثُونَ»**

«ئى مۇھەممەد! ئېيتقىنكى: ‹غەيبنى ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى كىشىلەردىن ھېچكىم بىلمەيدۇ، غەيبنى پەقەت ئاللاھ بىلىدۇ ›. ئۇلار قاچان تىرىلدۈرۈلىدىغانلىقىنى تۇيمايدۇ»ـ نەمل 65/27.

بۇ ئايەت پەقەت ئىنسانلارنىڭلا ئەمەس، پەرىشتە ۋە جىنلارنىڭمۇ غەيبنى بىلمەيدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

ئاللاھ تەئالا نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن ۋەقەلەرنى بايان قىلغاندىن كېيىن پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا مۇنداق دەيدۇ:

**«تِلْكَ مِنْ أَنْبَاءِ الْغَيْبِ نُوحِيهَا إِلَيْكَ مَا كُنْتَ تَعْلَمُهَا أَنْتَ وَلَا قَوْمُكَ مِنْ قَبْلِ هَذَا فَاصْبِرْ إِنَّ الْعَاقِبَةَ لِلْمُتَّقِينَ»**

«بۇلار غەيب خەۋەرلىرىدىندۇر. بۇلارنى ساڭا بىز ۋەھيى قىلىۋاتىمىز. بۇنىڭدىن ئىلگىرى بۇلارنى سەنمۇ بىلمەيتتىڭ، قەۋمىڭمۇ بىلمەيتتى...»ـ ھۇد 49/11.

بۇ ھەقتە كۆپلىگەن ئايەتلەر بار. تېخىمۇ كۆپ مەلۇمات تەلەپ قىلغۇچىلار مۇنۇ رەقەملىك ئايەتلەرگە قارىسا بولىدۇ: ئال ئىمران 44/3، ئەئراف 101/7، ھۇد 120/11ـ123، يۇسۇف 102/12.

**ج- مۇقەددەس چەكلىمە دەۋاسى**

سەئىد نۇرسىي ئاللاھدىن باشقىسىنىڭ غەيبنى بىلمەيدىغانلىقى مەسىلىسىنى «مۇقەددەس چەكلىمە» دەپ تەرىپلەيدۇ. گويا ئاللاھ تەئالا

«غەيبنى ھېچكىم بىلەلمەيدۇ» دېمەي، «ھېچكىم كەلگۈسى ھەققىدە بىلىدىغان نەرسىلىرى ئاشكارىلىمىسۇن» دېگەندەك. بۇ دەۋا ئىنسانىنى ئاللاھنىڭ ئالدىدا ناھايىتى ئۇسال ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويىدۇ. ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ:

«...وَمَا كَانَ اللَّهُ لِيُطْلِعَكُمْ عَلَى الْغَيْبِ...»

«ئاللاھ سىلەرنى غەيبتىن ھەرگىزمۇ ۋاقىپلاندۇرمايدۇ». (ئال ئىمران 179/3)

سەئىد نۇرسىينىڭ يۇقىرىدىكى دەۋاسىدىن قارىغاندا ئابدۇلقادىر جەيلانىيغا ئوخشاش «بۇيۇك ئەۋلىيا»لارنىڭ غەيبنى بىلىشى «ئۆزلىرىنىڭ ئىختىيارلىرى ۋە نىيەتلىرى بىلەن ئەمەس، بەلكى ئاللاھنىڭ بىلدۈرۈشى بىلەن بولغانمىش(!). ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى خالاپ غەيبنى بىلىشكە ئۇرۇنۇشلىرى ئىتائەتسىزلىك پۇرىقى بېرىپ قويارمىش(!)».

دېمەككى، ئاللاھ ھەم « **غەيبنى ھېچكىم بىلەلمەيدۇ. ئۇنى ھېچكىمگە ئاشكارىلىمايمەن**» دەيدۇ، ھەم بەزى كىشىلەرگە غەيبنى ئاشكارىلايدۇ! ئۇ كىشىلەر بولسا ئۆتمۈش بىلەن مۇناسىۋەتلىك غەيبلەرنى ئاشكارىلاشتا بىر توسالغۇ كۆرمەيدۇ، لېكىن كەلگۈسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك غەيبلەرنى بىلگەنلەر بىلىۋالسۇن دەپ يېپىق ئىشارەتلەر بىلەن ئىپادىلەپ قويىدۇ! بۇنى ئاللاھقا قارشى بىر ئىتائەتسىزلىك پۇرىقى چىقىپ قالمىسۇن دەپ شۇنداق قىلىدۇ!!!...

بۇ ئېتىقادتىن ئاللاھقا سېغىنىش كېرەك.

## ئى- ۋەسلىلەرنىڭ شاپائەت قىلىدىغانلىقى ئېتىقادى

### *1- كاتولىكلارنىڭ شاپائەت چۈشەنچىسى*

كاتولىكلارنىڭ كۆزقارىشىدا شاپائەت ئىيسانىڭ دۇئاسىغا ماسلاشقان تىلەك دۇئاسىدۇر[176]. ئۇلار شاپائەت ئورنىدا «قۇتقۇزۇش» سۆزىنى ئىشلىتىدۇ. ئۇلارغا نىسبەتەن ئىيسا ھازىر ئاتىنىڭ يېنىدا خرىستىئانلارنىڭ ئادۋوكاتلىقىنى قىلماقتىدۇر، ئۇلارنىڭ پايدىسىغا ۋەسىلە بولۇش ئۈچۈن دائىم تىرىكتۇر. ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا داۋاملىق تەييار تۇرىدۇ[177]. ئۇ ئۆزىنى ۋەسىلە قىلىپ ئاللاھقا يېقىنلاشقانلارنى تامامەن قۇتقۇزۇشقا قادىردۇر[178].

«مەريەم ئانا ئادۋوكات ۋە ياردەمچىدۇر. ئۇنىڭ ئانىلىقى تۈگىمىگەن. ئۇ يېڭىلانغان ۋەسىلىلىكى بىلەن ئەبەدىي ئىسمەتلىكلەر ئېلىپ كېلىدىغان سوۋغاتلارنى كاپالەت ئاستىغا ئېلىشنى داۋاملاشتۇرماقتا»[179].

كاتولىكلارنىڭ كۆزقارىشىدا، پوپ ئىنسانلارنىڭ ئاللاھ بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرىدە ئاللاھقا ئاتىغان ھەدىيىلىرىنى ۋە گۇناھلىرى ئۈچۈن قىلغان قۇربانلىقلىرىنى ئاللاھقا سۇنۇش ئۈچۈن تەيىنلەنگەن كىشىدۇر[180]. ئۇ ئۆزىنىڭ شەخسىي ھوقۇقى بىلەن ئىنسانلارغا «ئاتىنىڭ نامىدىن سېنى ئەپۇ قىلدىم، دېيەلەيدۇ»[181].

---

[176] - كاتولىك چېركاۋى دىن ۋە ئەخلاق ئاساسلىرى، 2634- پاراگراف.
[177] - كاتولىك چېركاۋى دىن ۋە ئەخلاق ئاساسلىرى، 519- پاراگراف.
[178] - كاتولىك چېركاۋى دىن ۋە ئەخلاق ئاساسلىرى، 2634- پاراگراف.
[179] - كاتولىك چېركاۋى دىن ۋە ئەخلاق ئاساسلىرى، 969- پاراگراف.
[180] - ئىنجىل («ئىبرانىيلارغا يېزىلغان خەت») 1/5.
[181] - كاتولىك چېركاۋى دىن ۋە ئەخلاق ئاساسلىرى، 878- پاراگراف.

## 2ـ تەرىقەتچىلەردە شاپائەت چۈشەنچىسى

بىز تەتقىق قىلىپ كۆرگەن تەرىقەتچىلەردىمۇ كاتولىكلارنىڭكىگە ئوخشاش بىر شاپائەت چۈشەنچىسى بار. ئۇلار «قۇتقۇزۇش» دېگەن سۆزنىڭ ئورنىغا «شاپائەت» دېگەن سۆزنى ئىشلىتىدۇ. بۇ توغرىدا بىر ئىشان ۋە ئۇنىڭ بىر قىسىم مۇرىدلىرى بىلەن ئوتتۇرىمىزدا بولۇپ ئۆتكەن مۇنازىرىنىڭ مۇناسىۋەتلىك قىسمى مۇنداق:

**مۇرىد:** بىز پىرىمىز نىڭ بىزگە ياردەم قىلىدىغانلىقىغا ئىشىنىمىز. مەسىلەن: بۇگۈنكى كۈندە سوت مەھكىمىسىدە ئادۋوكات تەكلىپ قىلىش مەجبۇرىيىتى يوق. لېكىن ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، ئادۋوكات تەكلىپ قىلغانلار دەۋادا كۆپىنچە ئۇتۇپ چىقىدۇ. پىرىمىزمۇ بىزنىڭ ئادۋوكاتىمىزدۇر.

**بايىندىر:** سىلەر يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا ھەممە نەرسىنى بىلىدىغان ئاللاھنى سوتچى بىلەن ئوخشاش كۆرەمسىلەر؟ ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ:

«يَوْمَ يَفِرُّ الْمَرْءُ مِنْ أَخِيهِ وَأُمِّهِ وَأَبِيهِ وَصَاحِبَتِهِ وَبَنِيهِ لِكُلِّ امْرِئٍ مِنْهُمْ يَوْمَئِذٍ شَأْنٌ يُغْنِيهِ»

«ئۇ كۈنى كىشى ئۆز قېرىندىشىدىن، ئانىسىدىن، ئاتىسىدىن، ئايالىدىن ۋە بالىلىرىدىن قاچىدۇ. ئۇ كۈنى بۇلاردىن ھەر بىرى ئۆز ئەھۋالى بىلەن بولۇپ كېتىدۇ»ـ ئەبەسە 80/34ـ37.

ئەھۋال مۇشۇنداق تۇرسا پىرىڭىز قەيەردىن پۇرسەت تېپىپ سىزنى قۇتقۇزىدۇ؟

ئەنسارلاردىن ئۇممۇلئالا مۇنداق دەيدۇ: مۇھاجىرلار ئۈچۈن چەك تاشلانغاندا بىزگە ئوسمان ئىبنى مەئزۇن چىقتى. ئۇنى ئۆيىمىزگە ئورۇنلاشتۇردۇق. كېيىن ئۇ ئۆلۈمىگە سەۋەپ بولغان كېسەللىككە گىرىپتار بولدى. ۋاپات بولغاندا يۇيۇلدى ۋە ئۆز كىيىمى بىلەن كېپەنلەندى. ئاندىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئىچكىرىگە كىردى. مەن ئۇ ئەسنادا: «ئەبۇسسەئىب![182] ئاللاھ ساڭا رەھىم قىلسۇن. مەن ئاللاھنىڭ ساڭا ھەقىقەتەن ئىنئام قىلغانلىقىغا گۇۋاھچىمەن» دېدىم. شۇنىڭ بىلەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام: «سەن ئاللاھنىڭ ئۇنىڭغا ئىنئام قىلغانلىقىنى قانداق بىلىسەن؟» دېدى. مەن: «ئاتام ساڭا پىدا ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى! ئاللاھ (ئۇنىڭغا ئىنئام قىلمىسا) كىمگە ئىنئام قىلار؟» دېدىم. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «شۇنداق، ئۇنىڭغا قېچىپ قۇتۇلغىلى بولمايدىغان ھەقىقەت كەلدى. ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئۇنىڭ ئۈچۈن داۋاملىق ياخشىلىق تىلەيمەن. لېكىن مەن ئاللاھنىڭ ئەلچىسى تۇرۇقلۇق قانداق قارشى ئېلىنىدىغانلىقىمنى بىلمەيمەن».

ئۇممۇلئالا مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، شۇ كۈندىن بۇيان ھېچكىمنى پاكلىمايمەن»[183].

لېكىن سىز پىرىڭىزنىڭ جەننەتكە كىرىدىغانلىقىدىن قىلچە گۇمانلانمىغىنىڭىزدەك، ئۇنىڭ ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا سىزنى ئاقلايدىغانلىقىنى سۆزلەش جاسارىتىمۇ كۆرسىتىۋاتىسىز.

---

[182] ـ ئوسمان ئىبنى مەزئۇن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ لەقىمى.

[183] ـ بۇخارى، جەنائىز 3.

بىزگە جان تومۇرىمىزدىنمۇ يېقىن بولغان ئاللاھنىڭ ئىبسدىن چىقىپ قالغان (نەئۇزۇ بىللاھ) بىرەر نەرسە بارمىكى، ئادۋوكاتلىقىڭىزنى قىلىدىغان پىرىڭىز ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئۇنى ئەسلىتىپ قويىدۇ؟ ياكى ئاللاھ سوتلاشتا خاتالىشىپ (نەئۇزۇ بىللاھ) قالامدۇكى، ئىشانىڭلار ئۇنىڭغا توسالغۇ بولىدۇ؟ قانچىلىك خاتا يولدا ئىكەنلىكىڭلارنى چۈشىنىۋاتامسىلەر- قانداق؟

**مۇرىد:** سەن مۇپتىلىق ئىدارىسىدا مۇپتى بىلەن كۆرۈشمەكچى بولساڭ[184] مۇپتى بىلەن سېنىڭ ئاراڭغا بىر ئىشىك باقار كىرىشى، بىر كىشى سېنى مۇپتىغا تونۇشتۇرۇشى كېرەك. ئارىغا ھېچكىم كىرمەستىن بىر ئەمەلدار ياكى بىر ۋەزىر بىلەن كىرىپلا بىۋاستە كۆرۈشەلەمسەن؟ ئىشانمۇ بىز بىلەن ئاللاھ ئارىسىدا بىر ۋەسىلە، بىر ۋاستە بولماقتىدۇر.

**بايىندىر:** بىزگە جان تومۇرىمىزدىن يېقىن ئاللاھ ئۈچۈن بۇ سۆزنى قانداقمۇ سۆزلىگىلى بولىدۇ؟

بۇ مۇشرىكلارنىڭ ئېتىقادىدۇر. شېرىك ئاللاھ بىلەن بەندە ئارىسىغا ۋاستە قويۇپ ئاللاھنى ئىككىنچى قاتاردا قويۇشتىن ئىبارەتتۇر. بۇ توغرىدا زۇمەر سۈرىسى دىققىتىمىزنى تارتىدۇ. ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ:

**«أَلَا لِلَّهِ الدِّينُ الْخَالِصُ وَالَّذِينَ اتَّخَذُوا مِن دُونِهِ أَوْلِيَاء مَا نَعْبُدُهُمْ إِلَّا لِيُقَرِّبُونَا إِلَى اللَّهِ زُلْفَى إِنَّ اللَّهَ يَحْكُمُ بَيْنَهُمْ فِي مَا هُمْ فِيهِ يَخْتَلِفُونَ إِنَّ اللَّهَ لَا يَهْدِي مَنْ هُوَ كَاذِبٌ كَفَّارٌ»**

[184]- بۇ مۇنازىرە ئېلىپ بېرىلغان چاغلاردا مەن ئىستانبۇل مۇپتىلىق ئىدارىسىدە ئىشلەۋاتاتتىم.

«بىلگىنكى، خالىس دىن ئاللاھنىڭ دىنىدۇر. ئاللاھدىن غەيرىينى ئۆزلىرىگە ھامىي قىلىۋالغانلار: ‹بىز ئۇلارغا بىزنى ئاللاھقا يېقىنلاشتۇرسۇن، دەپ ئىبادەت قىلىمىز › دەيدۇ. ئاللاھ ئۇلا رنىڭ ئارىسىدا ئۇلار ئىختىلاپ قىلىشقان نەرسە ئۈستىدە ھۆكۈم چىقىرىدۇ. ئاللاھ يالغانچىنى ۋە تۇزكورنى ھىدايەت قىلمايدۇ»ـ زۇمەر 3/39.

ئۆتۈنۈپ قالاي، بۇ خىل ئېتىقادلاردىن ۋاز كېچىڭ. چۈنكى شەيتان ئىنساننى داۋاملىق بۇ خىل ئۇسۇللار بىلەن ئازدۇرىدۇ.

قېنى ماڭا ئېيتىپ بېقىڭچۇ! ياراتقان، رىزىق بەرگەن، چوڭ قىلغان ۋە سىزگە سىزدىنمۇ يېقىن بولغان ئاللاھ سىزنى ياخشى تونۇمدۇ ياكى پىرىڭىزمۇ؟

**مۇرىد:** ئەلۋەتتە ئاللاھ ياخشى تونۇيدۇ.

**يايىندىر:** ئۇنداقتا پىرىڭىز سىزنىڭ نەرىڭىزنى ئاللاھقا تونۇشتۇرىدۇ؟

**مۇرىد:** ھىم،...[185].

ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ:

**«وَيَعْبُدُونَ مِنْ دُونِ اللَّهِ مَا لَا يَضُرُّهُمْ وَلَا يَنْفَعُهُمْ وَيَقُولُونَ هَؤُلَاءِ شُفَعَاؤُنَا عِنْدَ اللَّهِ قُلْ أَتُنَبِّئُونَ اللَّهَ بِمَا لَا يَعْلَمُ فِي السَّمَاوَاتِ وَلَا فِي الْأَرْضِ سُبْحَانَهُ وَتَعَالَى عَمَّا يُشْرِكُونَ»**

«ئۇلار ئاللاھنى قويۇپ ئۆزلىرىگە پايدىمۇ يەتكۈزەلمەيدىغان، زىيانمۇ يەتكۈزەلمەيدىغان نەرسىلەرگە قۇل بولىدۇ ۋە: ‹بۇلار ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا

[185] ـ بۇ مۇنازىرە مەزكۇر ئىشانىڭ يېنىدا ئېلىپ بېرىلغان ۋە ئۇ ئىشان بۇ ئەھۋالنى تەستىقلىغان. بۇ يەردىكى مۇرىد ئۇ تەرىقەتنىڭ مۇنازىرىگە قوشۇلغان چوڭ ئالىملىرىنى ئىپادىلەيدۇ.

بىزنىڭ شاپائەتچىلىمىزدۇر! › دېيىشىدۇ. ئېيتقىنكى: ‹ئاسمانلاردا ۋە زېمىندا ئاللاھ بىلمەي قالغان بىر نەرسە بولۇپ، سىلەر ئاللاھقا ئۇنى ئېيتىپ بېرەمسىلەر؟› ئاللاھ ئۇلار شېرىك قىلغان نەرسىلەردىن پاك ۋە ئۈستۈندۇر»۔ يۇنۇس 10/17۔18.

ئاللاھ كىمگە شاپائەت قىلىش ھوقۇقى بەرسە، پەقەت شۇ كىشىلا ئۆزى خالىغان كىشىگە ئەمەس، ئاللاھ خالىغان كىشىگە شاپائەت قىلالايدۇ. ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ:

**«قُلْ لِلَّهِ الشَّفَاعَةُ جَمِيعًا»**

«ئى مۇھەممەد! ئېيتقىنكى: شاپائەتنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭ ئىلكىدىدۇر»۔ زۇمەر 39/44.

**«يَعْلَمُ مَا بَيْنَ أَيْدِيهِمْ وَمَا خَلْفَهُمْ وَلَا يَشْفَعُونَ إِلَّا لِمَنِ ارْتَضَىٰ وَهُم مِّنْ خَشْيَتِهِ مُشْفِقُونَ. وَمَنْ يَقُلْ مِنْهُمْ إِنِّي إِلَٰهٌ مِنْ دُونِهِ فَذَٰلِكَ نَجْزِيهِ جَهَنَّمَ كَذَٰلِكَ نَجْزِي الظَّالِمِينَ»**

«ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئالدىدىكى نەرسىلەرنى ۋە ئۇلارنىڭ كەينىدىكى نەرسىلەرنى بىلىدۇ. ئۇلار پەقەت ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشكەنلەرگىلا شاپائەت قىلىدۇ. ئۇلار ئاللاھنىڭ ھەيۋىسىدىن قورقۇپ تىترەپ تۇرىدۇ. ئۇلاردىن كىم: ‹مەنمۇ ئاللاھنىڭ يېنىدا بىر ئىلاھمەن › دېسە، بىز ئۇنى جەھەننەم بىلەن جازالايمىز. بىز زالىملارنى ئەنە شۇنداق جازالايمىز»۔ ئەنبىيا 21/28۔29.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ:

**«ئەڭ يېقىن تۇغقانلىرىڭنى ئاگاھلاندۇرغىن»** دېگەن مەنىدىكى ئايەت نازىل بولغاندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئورنىدىن تۇرۇپ مۇنداق بىر نۇتۇق

سۆزلىدى: «ئى قۇرەيش جامائەسى! ئۆزۈڭلارنى قۇتقۇزۇشقا تىرىشىڭلار. مەن ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا سىلەرگە ئەسقىتالمايمەن. ئى ئابدۇمەنناف ئەۋلادى! مەن ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا سىلەرگە ئەسقىتالمايمەن. ئى ئابدۇلمۇتەللىبنىڭ ئوغلى ئابباس![186] مەن ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا سىزگە ئەسقىتالمايمەن. ئى پەيغەمبەرنىڭ هاممىسى سەفىييە! مەن ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا سىزگە ئەسقىتالمايمەن. ئى مۇهەممەدنىڭ قىزى فاتىمە! مەن ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ساڭا ئەسقىتالمايمەن»[187].

[186] ـ ئابباس پەيغەمبىرىمىزنىڭ تاغىسىدۇر.
[187] ـ بۇخارى، ۋەسايا 11.

## ژ- ئۆلۈكتىن ياردەم تىلەش

خرىستىئانلار ئۆلۈپ كەتكەن دىنىي زاتلىرىدىن ياردەم تىلەيدۇ، بۇنى ئەينى شەكىلدە بەزى تەرىقەت ۋە دىنىي گۇرۇھلارمۇ قىلىدۇ. ئۇلارمۇ ئۆلۈپ كەتكەن دىنىي زاتلىرىنىڭ ياردىمىنى ئىلەش، ئۇلارنى ۋەسىلە ۋە شاپائەتچى قىلىش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ مازارلىرىنى زىيارەت قىلىشنى، ئۇلارنىڭ روھىغا ئاتاپ نەزىر-چىراق قىلىشنى دىنىنىڭ بىر پارچىسى دەپ قارايدۇ.

### *1- كاتولىكلارنىڭ ئۆلۈكتىن ياردەم تىلىشى*

پاپا 2- ژىئان پائۇل مەريەم ئەلەيهىسسالامنى ۋەسىلە قىلىپ مۇنداق دۇئا قىلىدۇ:

«ئىنسانغا ئايلانغان سۆزنىڭ [188] ئانىسى ۋە چېركاۋنىڭ ئانىسى بولغان ناھايىتى مۇقەددەس قىز مەريەمگە، چېركاۋ يېڭى بىر خرىستىئانلاشتۇرۇش خىزمىتىگە چاقىرىلىۋاتقان بۇ زاماندا پۈتۈن چېركاۋنىڭ ھەر قايسى سەۋىيىلىرىدە دىن دەرسى خىزمەتلىرىگە **كۈچلۈك ۋەسىلىلىكى بىلەن ياردەم قىلىشى ئۈچۈن** دۇئا قىلىمەن» [189].

ئۆلۈپ كەتكىلى ئەسىرلەر بولغان مەريەمنى ياردەم قىلىشقا چاقىرغان پاپا ئۇنىڭ ئۆزىگە كۈچلۈك ۋەسىلىلىكى بىلەن ياردەم قىلىدىغانلىقىغا ئىشەنگەنلىكىدىن قارىغاندا، ئۇ مەريەمنىڭ ئۆزىنى تونۇيدىغانلىقىغا ۋە چاقىرىقىنى ئاڭلايدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ. بۇ ئەھۋالدا پاپا مەريەمگە بەزى ئىلاھىي سۈپەتلەر ۋە خۇسۇسىيەتلەر بەرگەن بولىدۇ. بۇلار ھايات، ئىلىم، سەمئ، بەسەر، ئىرادە، قۇدرەت ۋە بۇنىڭغا ئوخشايدىغان سۈپەتلەردۇر.

---

[188] - ئىيسا ئەلەيهىسسالامنى دېمەكچى.

[189] - پاپا ئىككىنچى ژىئان پائۇلنىڭ كاتولىك چېكاۋى دىن ۋە ئەخلاق ئاساسلىرى دېگەن كىتابىنىڭ كىرىش سۆزىدىكى دۇئاسى. 22- بەت.

**هايات**ـ تىرىكلىك دېمەكتۇر. كاتولىكلارغا نىسبەتەن ئىپپەتلىك قىز مەريەم يەر يۈزىدىكى هاياتىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، گۇناهنى ۋە ئۆلۈمنى يەڭگەن رەبلەرنىڭ رەببى بولغان ئوغلىغا تېخىمۇ ئوخشاش بولۇش ئۈچۈن روهى ۋە بەدىنى بىلەن ئاسمانغا ئېلىپ چىقىلدى. رەب تەرىپىدىن كائىناتنىڭ خانىشى دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلدى. مەريەم ئانىنىڭ ئاسمانغا چىقىرىلىشى ئوغلىنىڭ تىرىلىشىدىكى تەڭداشسىز ئىشتىراكى ۋە باشقا خرىستىئانلارنىڭ تىرىلىشىنى ئىلگىرى سۈرمەكتە[190].

مەريەم ئانىغا بېرىلدى دەپ دەۋا قىلىنغان «كائىناتنىڭ خانىشى» لىقى ئۇنى قىيامەتكىچە تىرىك دەپ قاراشنى تەقەززا قىلىدۇ. ئۇنىڭ يېڭىدىن تىرىلىش هادىسىسىگە قاتنىشىدىغانلىقى دەۋاسى بولسا ئۇنىڭ قىيامەت ئەسناسىدىمۇ تىرىك قالىدىغانلىقىنى قوبۇل قىلغانلىق بولىدۇ. قىيامەتتىن كېيىن ئۆلۈم بولمايدىغانلىقىغا قارىغاندا كاتولىكلار ئۇنى ئۆلۈمسىز دەپ قوبۇل قىلغان بولىدۇ. ئۆلۈمسىزلىك پەقەت ئاللاهقىلا ئائىت بىر خۇسۇسىيەتتۇر. مەريەمنىمۇ ئۆلۈمسىز دەپ قاراش، ئۇنى ئاللاهقا ئاللاهنىڭ هايات سۈپىتىدە شېرىك دەپ قارىغانلىق بولىدۇ.

**ئىلىم**ـ بىلمەك ۋە چۈشەنمەك دېمەكتۇر. ئىنسانىنىڭ ئىلىم سۈپىتى بار، لېكىن ۋاتىكاندىكى بىر كىشىنىڭ مەريەمنى ۋەسىلە بولۇشقا چاقىرغىنىدىن قارىغاندا، ئۇ كىشى مەريەمنىڭ هەم ئۆزىنى تونۇيدىغانلىقىغا هەمدە تەلەپ قىلغان نەرسىسىنى ئاللاھ بىلگەنگە ئوخشاش بىلىدىغانلىقىغا ئىشەنگەن بولۇشى كېرەك. چۈنكى ۋەسىلە بولۇش ئۈچۈن مۇشۇنداق بىر ئىلىم شەرتتۇر. ئۇنداقتا پاپا مەريەمنى ئاللاهنىڭ چەكسىز ئىلمىنىڭ بىر بۆلۈمگىمۇ شېرىك قىلغان بولىدۇ.

---

[190]ـ كاتولىك چېركاۋى دىن ۋە ئەخلاق ئاساسلىرى، 966ـ پاراگراف.

**سەمىز**ـ ئاڭلاش كۈچىنى كۆرسىتىدۇ. ئاللاھ ئىنسانغا ئاڭلاش كۈچى ئاتا قىلغان. لېكىن بۇ مەلۇم يىراقلىقتىن، مەلۇم دولقۇندىكى ئاۋازلارنى ئاڭلاش بىلەن چەكلىنىدىغان بىر كۈچتۇر. ۋاتىكاندا تۇرۇپ مەريەمگە دۇئا قىلغان كىشى ئۇنى ئاللاھنىڭ ئاڭلاش سۈپىتىگىمۇ شېرىك قىلغان بولىدۇ. چۈنكى بۇ خىل ئاڭلاش، پەقە ئاللاھدىلا بولىدىغان بىر سۈپەتتۇر. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەريەم ئۆلۈپ كەتكەن. ئۆلۈككە بىر نەرسە ئاڭلىتىش بىزنىڭ قولىمىزدىن كەلمەيدۇ. ئاللاھ تەئالا ئەلچىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا خىتاب قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

«**إِنَّكَ لَا تُسْمِعُ الْمَوْتَى**...»

«سەن ئۆلۈكلەرگە ئاڭلىتالمايسەن...»ـ نەمل 80/27.

«... **إِنَّ اللَّهَ يُسْمِعُ مَن يَشَاءُ وَمَا أَنتَ بِمُسْمِعٍ مَّن فِي الْقُبُورِ**»

«تىرىكلەر ۋە ئۆلۈكلەر ئوخشاش بولمايدۇ. ئاللاھ خالىغان كىشىگە ئاڭلىتىدۇ. سەن قەبرىلەردىكى كىشىلەرگە ئاڭلىتالمايسەن»ـ فاتىر 22/35.

مەريەم ئۆلۈپ كەتكەن بولغاچقا ھېچكىم ئۇنىڭغا بىر نەرسە ئاڭلىتالمايدۇ.

بەدىر ئۇرۇشىدا ئۆلتۈرۈلگەن مۇشرىكلار بىر قۇدۇققا كۆمۈلگەندىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇلارنىڭ يېنىغا كېلىپ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ:

«ئى پالانىنىڭ ئوغلى پالانى! ئى پالانىنىڭ ئوغلى پالانى! ئاللاھنىڭ ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ سىلەرگە بەرگەن ۋەدىسىنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى كۆردۈڭلارمۇ؟ چۈنكى مەن ئاللاھنىڭ ماڭا بەرگەن ۋەدىسىنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى كۆردۈم».

بۇ چاغدا ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى! جەسەتلەرگە قانداق گەپ قىلىسەن. ئۇلار روھسىز تۇرسا؟» دېگەن ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق جاۋاب بەردى: «مېنىڭ ئۇلارغا سۆزلىگەنلىرىمنى سىلەر ئۇلاردىن ياخشى ئاڭلىيالمايسىلەر. لېكىن ئۇلار ماڭا ھېچ جاۋاب قايتۇرالمايدۇ»[191].

ئاللاھ تەئالا ئۇ چاغدا پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئاۋازىنى ئۇلارغا ئاڭلاتقان بولۇشى مۇمكىن. نۇرغۇنلىغان ئايەتلەرنىڭ بارلىقىغا قارىماي بۇ بىر خۇسۇسىي ھادىسىگە ئاساسلىنىپ پەرقلىق ھۆكۈم چىقىرىشقا بولمايدۇ. ئۇلار ئاڭلىغان تەقدىردىمۇ جاۋاب بېرەلمەيدۇ.

قىيامەتكە قەدەر ھېچبىر شەكىلدە جاۋاب بېرەلمەيدىغان ئۆلۈكلەردىن ياردەم تىلەش تۆۋەندىكى ئايەتتە تەنقىد قىلىنغان:

**«وَمَنْ أَضَلُّ مِمَّن يَدْعُو مِن دُونِ اللَّهِ مَن لَّا يَسْتَجِيبُ لَهُ إِلَى يَومِ الْقِيَامَةِ وَهُمْ عَن دُعَائِهِمْ غَافِلُونَ»**

[191] ـ مۇسلىم، ئەلجەننەھ ۋە سىفەتى نەئىمىھا، 17ـ بار، ھەدىس نومۇرى: 76 (2873).

«ئاللاھنىڭ دۇنىدىن[192] قىيامەتكىچە دۇئاسىنى ئىجابەت قىلالمايدىغان كىشىلەرگە دۇئا قىلىدىغان ئادەمدىنمۇ ئازغۇن ئادەم بارمۇ؟ ھالبۇكى، ئۇ كىشىلەر بۇلارنىڭ دۇئاسىدىن خەۋەرسىزلەردۇر»۔ ئەھقاق 5/46.

**بەسەر۔** كۆرۈش قابىلىيىتى دېمەكتۇر. بىر ئۆلۈكنى ياردەمگە چاقىرغان كىشى ئۆلۈكنىڭ ئۆزىنى كۆرەلەيدىغانلىقىغا ئىشەنگەن بولۇشى كېرەك. فىزىكىلىق توسالغۇلار بىلەن چەكلەش مۇمكىن بولمايدىغان كۆرۈش پەقەت ئاللاھقىلا خاس بولغانلىقى ئۈچۈن، پاپا مەريەمنى ئاللاھنىڭ كۆرۈش سۈپىتىگىمۇ شېرىك قىلغان بولىدۇ.

**ئىرادە۔** خالىماق ۋە تاللىماق دېگەن مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ. **قۇدرەت**— بىر نەرسىگە كۈچى يېتىش دېگەن بولىدۇ. ئىنساننىڭ ئىرادىسىمۇ قۇدرىتىمۇ

---

[192] دۇن «**دون**» كەلىمىسى توغرۇلۇق «قامۇس تەرجىمىسى» دە مۇنۇ ئىپادىلەر زىكىر قىلىنىدۇ: دۇن «**دون**» فەۋق « **فوق**» نىڭ زىددىدۇر. ئەڭ يۇقىرى مەرتىۋىدىن بېرى، ئۇنىڭدىن تۆۋەنراق دېگەن بولىدۇ. بەزىلەر بۇنى « **دنو**» دىكى ھەرپلەرنىڭ ئورۇن ئالماشتۇرۇشى بىلەن شەكىللەنگەن، دېيىشىدۇ. بۇ كەلىمە غەير «**غير**» مەنىسىدىمۇ كېلىدۇ. ئەڭ يېقىن «**أقرب**» مەنىسىدىمۇ زەرف بولۇپ كېلىدۇ. ئۇنىڭغا بەك يېقىن دېگەن مەنانى ئىپادىلەش ئۈچۈن « **هذا دونه** » دېيىلىدۇ. دۇن كەلىمىسگە «**قبل** (ئىلگىرى)» مەناسىمۇ بېرىلىدۇ. بىر نەرسە يەنە بىرىدىن بىرئاز تۆۋەندە بولسا ھازا دۇنە زاكە «**هذا دون ذاك** » دېيىلىدۇ– (فىرۇز ئابادى، قامۇس تەرجىمىسى. مۇتەرجىم ئاسىم، بەھرىيە مەتبەئەسى 1305). بۇنىڭغا ئاساسەن ئايەتلەردە ئۆتكەن مىندۇنىللاھ «**من دون الله** » دېگەن سۆز ئورنىغا قاراپ ئاللاھنىڭ يېقىنىدىن، ئاللاھدىن تۆۋەنى، ئىنسانلاردىن يۇقىرى، يەنى، ئاللاھ بىلەن ئىنسان ئارىسىدا بىر يەردىن، ئاللاھدىن باشقىسىدىن، دېگەن مەنالارنى ئىپادىلەيدۇ. مۇشرىكلار بىر تەرەپتىن ئاللاھقا، بىر تەرەپتىن ئۆزىگە يېقىن كۆرگەن، ھەم ئاللاھقا ھەم ئىنسانغا ئائىت خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە دەپ ئېتىقاد قىلغان كىشىلىرنى ئاللاھ بىلەن ئۆزىنىڭ ئارىسىغا قويۇپ ئىلاھلاشتۇرىدۇ، ئۇلارنىڭ ۋاستىسى بىلەن ئاللاھقا يېقىنلىششقا تىرىشىدۇ. ئاللاھ ئىنسانغا جان تومۇرىدىنمۇ يېقىن بولغانلىقى ئۈچۈن بۇ ئېتىقاد ئاللاھ بىلەن مۇناسىۋەتنى ئۈزىدۇ ۋە ئىنساننى مۇشرىك قىلىدۇ.

چەكلىك. ئىنسان ئۆلسە ئۇنىڭ ئىرادە ۋە كۈچ-قۇۋۋىتى تۈگەيدۇ. مەريەمنىڭ چاقىرىقنى قوبۇل قىلغانلىقىنى ۋە كېرەكلىك دەرىجىدە ياردەم قىلغانلىقىنى خىيال قىلغان كىشى ئۇنىڭغا بۇ ئىككى سۈپەتنىمۇ بەرگەن بولىدۇ. بۇ مەريەمگە ئادەتتىن تاشقىرى بىر ئىرادە ۋە ئادەتتىن تاشقىرى بىر كۈچ-قۇۋۋەت لايىق كۆرگەنلىك بولىدۇ. بۇ مەنىدە ئىرادە ۋە قۇدرەت ئىگىسى پەقەتلا ئاللاھتۇر. دېمەك، پاپا مەريەمنى ئاللاھنىڭ بۇ ئىككى سۈپىتىگىمۇ شېرىك قىلغان بولىدۇ.

پاپا بىلەن بىرلىكتە مىڭلارچە خرىستىئان ئۆز تىلىدا مەريەمنى ئاللاھ بىلەن ئۆزلىرىنىڭ ئارىسىدا ۋەسىلە بولۇشقا چاقىرغانلىقىغا قارىغاندا، ئۇلارنىڭ مەريەمنىڭ ھەر تىلەك ئىگىسىنى تونۇيدىغانلىقى، تىلىنى بىلىدىغانلىقى، تىلەكلىرىنى ئاڭلاپ چۈشىنىدىغانلىقى، شۇنداقلا ئارىلاشتۇرۇپ قويماي ھەممىسىنى ئايرىم-ئايرىم تەھلىل قىلىدىغانلىقى قاتارلىقلارغىمۇ ئىشىنىشلىرى كېرەك. بۇ بولسا بۈيۈك بىر ئىلىم ۋە قۇدرەت تەلەپ قىلىدىغان ئىشتۇر. بۇ ئىككىسى پەقەت ئاللاھتىلا بار بولغان سۈپەتلەردۇر. دېمەك، ئۇلار مەريەمنى بۇ ھەقتىمۇ ئاللاھقا شېرىك قىلغان بولىدۇ.

ئىنسانلارنىڭ تىلەكلىرىدىن خەۋىرى بولمايدىغان، پەقەت قىيامەت كۈنى تىرىلىدىغان بىر ئۆلۈك بىرگە جان تومۇرىمىزدىنمۇ يېقىن ۋە ھەر نەرسىنى بىلىدىغان ئاللاھقا قارشى قانداقمۇ ۋەسىلە بولالايدۇ؟

مەريەمنىڭ ۋەسىلە بولالىشى ئۈچۈن ئۇنىڭ يۇقىرىدىكى سۈپەتلەرگە ئىگە بولۇشى كېرەك. ئۇ سۈپەتلەر ئاللاھنىڭ ئىسىملىرىدىن تۈرلەنگەن. بۇلار ھەي « **الْحَيُّ**»، ئەلىم « **الْعَلِيمُ**»، سەمىئ « **السَّمِيعُ**»، بەسىر « **الْبَصِيرُ**»،

مۇرىيد «**المريد**» ۋە قادىر «**الْقَادِرُ**» قاتارلىقلار ئىسىملەردىن ئىبارەتتۇر. ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ:

**«وَلِلَّهِ الْأَسْمَاءُ الْحُسْنَى فَادْعُوهُ بِهَا وَذَرُوا الَّذِينَ يُلْحِدُونَ فِي أَسْمَائِهِ سَيُجْزَوْنَ مَا كَانُوا يَعْمَلُونَ»**

«ئەڭ گۈزەل ئىسىملەر ئاللاھنىڭدۇر. سىلەر ئاللاھنى ئۇ ئىسىملەر بىلەن چاقىرىڭلار. ئاللاھنىڭ ئىسىملىرى توغرىسىدا قىڭغىرلىق قىلغانلارنى تەرك ئېتىڭلار. ئۇلار قىلمىشلىرىنىڭ جازاسىنى تارتىدۇ»- ئەئراف 180/7.

خرىستىئانلار مەريەمدە بار دەپ تەسەۋۋۇر قىلغان ھوقۇقلارنى ئاللاھ ئۆزىنىڭ پەيغەمبەرلىرىگىمۇ بەرمىگەن. ئۇ ئاخىرقى پەيغەمبىرىگە مۇنداق دەيدۇ:

**«وَمَا جَعَلْنَاكَ عَلَيْهِمْ حَفِيظاً وَمَا أَنتَ عَلَيْهِم بِوَكِيلٍ»**

«بىز سېنى ئۇلارنىڭ ئۈستىدە بىر كۆزەتچى قىلمىدۇق. سەن ئۇلارنىڭ ئۈستىدە بىر ۋەكىلمۇ ئەمەسسەن»- ئەنئام 107/6.

**«إِنَّمَا أَنتَ نَذِيرٌ وَاللَّهُ عَلَى كُلِّ شَيْءٍ وَكِيلٌ»**

«سەن پەقەتلا بىر ئاگاھلاندۇرغۇچىسەن. ئاللاھ ھەر نەرسىگە ۋەكىلدۇر»- ھۇد 12/11.

### *2- تەرىقەتچىلەر ۋە دىنى گۇرۇھلاردا ئۆلۈكتىن ياردەم تىلەش*

قۇرئاننىڭ كۆپلىگەن ئايىتى ئاللاھدىن باشقىسىدىن ياردەم تىلەشنى مۇشرىكلارنىڭ ئەڭ چوڭ ئالاھدىلىكلىرىدىن ھېسابلايدۇ[193]. ئىنسانلار

---

[193]- نىسا 117/4؛ ئەنئام 40/6، 41، 56، 71، 108؛ ئەئراف 37/7، 194، 195، 197؛ يۇنۇس 38/10، 66، 106؛ ھۇد 101/11؛ رەئد 14/13؛ نەھل 20/16، 86؛ ئىسرا 56/17، 57،67؛ كەھف 14/18؛ مەريەم 48/19؛ ھەج 12/22، 13، 62، 73؛ مۇئمىنۇن 117/23؛

تارىختىن بىرى ئەڭ كۆپ دۇئا ۋە ئىبادەت مەسىلىسىدە خاتالاشقانلىقى ئۈچۈن، پۈتۈن پەيغەمبەرلەر ئاگاھلاندۇرۇشلىرىنى بۇ ئىككى مەسىلە ئۈستىدە مەركەزلەشتۈرگەن. ناماز، روزا، ھەج، زاكات، ھالال ۋە ھاراملار بىلەن مۇناسىۋەتلىك ناھايىتى ئاز ئايەت بار. لېكىن ئاللاھدىن باشقىسىغا ئىبادەت قىلىشنى، قىيىنچىلىقتا يولۇققاندا باشقىلاردىن مەنىۋى ياردەم كۈتۈشنى شېرىك ھېسابلاپ، چەكلەيدىغان ناھايىتى كۆپ ئايەت بار. قۇرئاننىڭ ھەر بېتىدە دېگۈدەك بۇ مەسىلىگە مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەر بار. مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەردىن بىرى مۇنداق:

**«أَمَّن يُجِيبُ الْمُضْطَرَّ إِذَا دَعَاهُ وَيَكْشِفُ السُّوءَ وَيَجْعَلُكُمْ خُلَفَاء الْأَرْضِ أَإِلَهٌ مَّعَ اللَّهِ قَلِيلاً مَّا تَذَكَّرُونَ»**

«بېشىغا ئېغىرچىلىق كەلگەن كىشى دۇئا قىلسا دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىپ ئۇنىڭ بېشىغا كەلگەن ئېغىرچىلىقنى كىم كۆتۈرۈۋېتىدۇ؟ سىلەرنى كىم زېمىننىڭ ئورۇنباسارلىرى قىلىدۇ؟ ئاللاھ بىلەن بىرلىكتە باشقا بىر ئىلاھ بارمۇ؟ بەكمۇ ئاز ئويلىنىسىلەر!»- نەمل 62/27.

ئىنسانلار قۇرئاندىكى مۇشۇنداق ئوچۇق ئايەتلەرگە ۋە سەھىھ ھەدىسلەرگە زىت ھەدىسلەر توقۇپ چىققان ۋە ئۇ ئايەت-ھەدىسلەرنى ئۆزلىرىنىڭ خاھىشىغا ماس ھالدا ئىزاھلىغان. تۆۋەندە بۇ توغرىدا قىسقىچە توختىلىمىز:

---

فۇرقان 68/25؛ شۇئەرا 213/26؛ قەسەس 64/28، 88؛ ئەنكەبۇت 42/29؛ لۇقمان 30/31؛ سەبەئ 22/34؛ فاتىر 13/35، 14، 40؛ سافقات 125/37؛ زۇمەر 38/39؛ مۇئمىن 20/40، 66؛ فۇسسىلەت 48/41؛ زۇخرۇف 86/43؛ ئەھقاف 4/46، 5؛ جىن 18/72. 26 سۈرىدە توپلام 50 ئايەت.

### ئا- توقۇلما ھەدىس

ئۆلۈكتىن ياردەم تىلەش ھەققىدە مۇنداق بىر ھەدىس ئويدۇرۇپ چىقىرىلغان: «ئىشلىرىڭلاردا نېمە قىلىشنى بىلەلمەي قالساڭلار، قەبرىلەردىكىلەردىن ياردەم تىلەڭلار»[194].

بۇ سۆز ئەجلۇنىينىڭ «كەشفۇل خەپا» ناملىق كىتابىدا ئۆتىدۇ. ئەجلۇنىي بۇ سۆزنى ئىبنى كامال پاشانىڭ «ئەل ئەربەئىين» ناملىق كىتابىدىن نەقىل قىلغانلىقىنى ئېيتىدۇ. ئىبنى كامال بولسا بۇ سۆزنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شۇنداق دېگەن، دەيدۇ، لېكىن ھېچقانداق مەنبە كۆرسەتمەيدۇ[195].

ئۇ بۇنىڭ بىلەنلا توختاپ قالماي، سۆزنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن بىر تالاي پەلسەپىۋي ئىزاھلارنى بېرىشكە تىرىشىدۇ. بىر قىسىم تەرىقەتچىلەر بۇ سۆزدىن ئىلھام ئېلىپ «بىر ئەۋلىيا ئۆلگەندىن كېيىن روھى قىنىدىن چىققان قىلىچتەك بولىدۇ» دەيدۇ[196].

---

[194] - ماھمۇد ئۇستا ئوسمان ئوغلۇ (ماھمۇد ئەشان) باشچىلىقىدىكى بىر گۇرۇپپا تەرىپىدىن يېزىلغان روھۇلفۇرقان تەپسىرى، ئىستانبۇل 1992- يىل نەشرى، 2- توم 82- بەت.

[195] - ئىبنى كامال پاشا، ئەلئەربەئۇن، 5- توم 360- بەت، سۈلەيمانىيە كۈتۈپخانىسى، ئەسئەد ئەپەندى 1694. ئىبنى كامال ياۋۇز سۇلتان سەلىمنىڭ مەشھۇر شەيخۇلئىسلامىدۇر. 1469- يىلى توكاتتا تۇغۇلغان، 1534- يىلى ئىستانبۇلدا ۋاپات بولغان. پەيغەمبىرىمىز بىلەن ئۇنىڭ ئارىسىدا 900 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت تۇرۇقلۇق، ھېچبىر مەنبە كۆرسەتمەستىن، مەزمۇنى قۇرئانغا تامامەن زىت بولغان بىر سۆزنى ھەدىس دەپ ئالدىمىزغا قويۇشىنى قوبۇل قىلىش مۇمكىن ئەمەس. ئىبنى كامال ئۇ كىتابىدا مەنبە كۆرسىتىشىنىڭ ئورنىغا بۇ سۆزنىڭ ھەدىس ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن ھېچبىر دىنى ئاساسى بولمىغان پەلسەپىۋى ئىزاھلارنى بېرىشكە تىرىشقان.

[196] - روھۇلفۇرقان، 2- توم 67- بەت.

ئەجلۇنىي خەلق ئىچىدە «ھەدىس» دەپ ئاتىلىپ كەلگەن سۆزلەرنى يۇقىرىدا ئىسمى تىلغا ئېلىنغان كىتابىدا جەملىگەن ۋە ئۇلارنىڭ ئىچىدىن سەھىھلىرى بىلەن غەيرىي سەھىھلىرىنى ئايرىپ چىقىشقا تىرىشقان. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ كىتابتا نۇرغۇنلىغان توقۇلما ھەدىس بار. كىتابنىڭ باش قىسمىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ «كىم مەن سۆزلىمىگەن بىر نەرسىنى مېنىڭ نامىمدىن نەقىل قىلسا، جەھەننەمدە ئولتۇرىدىغان يېرىگە تەييارلانسۇن» دېگەن سۆزى يېزىلغان[197].

**ب- بۇرمىلانغان ئايەتلەر**

قۇرئاندا ھەم ئىبادەت ھەمدە دۇئا كەلىمىلىرى ئۆتىدۇ. ئىبادەت قۇللۇق قىلىش، دۇئا بولسا چاقىرىش ۋە ياردەم تىلەش دېگەن مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ. قۇرئان كەرىمنىڭ تەرجىمە ۋە تەپسىرلىرىنىڭ زور كۆپچىلىكىدە «دۇئا» دېگەن كەلىمىگە «ئىبادەت» دېگەن كەلىمىنىڭ مەنىسى بېرىلىپ «دۇئا» دېگەن كەلىمىنىڭ ئەسلى مەنىسى يوقاپ كېتىشكە يول ئېچىلغان. ئىبادەت دۇئانىڭ قوبۇل قىلىنىشىنىڭ ئالدىنقى شەرتى بولغانلىقى ئۈچۈن بۇ ئىككى كەلىمە ئوتتۇرىسىدا يېقىن بىر مۇناسىۋەت بار.

شۇنىڭ ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «دۇئا ئىبادەتنىڭ يىلىكى»[198] دېگەن ئىدى. لېكىن تەرجىمىدە «دۇئا» كەلىمىسىگە «ئىبادەت» كەلىمىسىنىڭ مەنىسى بېرىلسە بىر كىشىنى ئادەتتىن تاشقىرى يوللار بىلەن ياردەمگە چاقىرىشنىڭ ئىبادەت بولىدىغانلىقىدىن ئىبارەت مەنا يوقاپ كېتىدۇ. بۇ بىر بۇرمىلاش بولىدۇ. بۇنىڭغا ئەھقاف سۈرىسىنىڭ 4-، 5- ۋە 6- ئايەتلىرىنىڭ تەرجىمىلىرىنى مىسال قىلىپ ئۆتىمىز.

---

[197]- ئىسمائىل ئىبنى مۇھەممەد ئەل ئەجلۇنىي، كەشفۇلخەفا، بېيرۇت 1988- يىل نەشرى، 1- جىلد، 8- بەت.

[198]- تىرمىزى، دۇئا 1، 3371- نومۇرلۇق ھەدىس.

ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ:

**«قُلْ أَرَأَيْتُمْ مَا تَدْعُونَ مِنْ دُونِ اللَّهِ أَرُونِي مَاذَا خَلَقُوا مِنَ الْأَرْضِ أَمْ لَهُمْ شِرْكٌ فِي السَّمَاوَاتِ ائْتُونِي بِكِتَابٍ مِنْ قَبْلِ هَذَا أَوْ أَثَارَةٍ مِنْ عِلْمٍ إِنْ كُنْتُمْ صَادِقِينَ. وَمَنْ أَضَلُّ مِمَّنْ يَدْعُو مِنْ دُونِ اللَّهِ مَنْ لَا يَسْتَجِيبُ لَهُ إِلَى يَوْمِ الْقِيَامَةِ وَهُمْ عَنْ دُعَائِهِمْ غَافِلُونَ. وَإِذَا حُشِرَ النَّاسُ كَانُوا لَهُمْ أَعْدَاءً وَكَانُوا بِعِبَادَتِهِمْ كَافِرِينَ»**

«ئى مۇھەممەد! مۇشرىكلارغا ئېيتقىنكى: ‹سىلەر ئاللاھنى قويۇپ دۇئا قىلىۋاتقان كىشىلىرىڭلار[199] توغرۇلۇق ئويلۇنۇپ باقتىڭلارمۇ؟ ماڭا كۆرسىتىپ بېقىڭلار قېنى، ئۇلار زېمىندىن نېمە ياراتتى؟ ياكى ئۇلارنىڭ ئاسمانلاردا بىر

199ـ بۇ يەردە «كىشىلەر» دەپ تەرجىمە قىلىنغان كەلىمە مۇناسىۋەت ئالماشلىرىدىن بىرى بولغان «ما» بولۇپ، ما ئەرەبچىدە ئەقىللىقلەرنى ئىپادىلەشكىمۇ، ئەقىلسىزلەرنى ئىپادىلەشكىمۇ ئىشلىتىلىدۇ. لېكىن بۇ ما بۇ ئايەتتە ئۆزىدىن كېيىن كەلگەن خەلەقۇ («**خَلَقُوا**») ۋە لەھۇم («**لَهُمْ**») دىكى ئالماشلارنىڭ دالالەت قىلىشى بىلەن ئۆزىنىڭ ئىككى مەنىسىدىن بىرى بولغان ئەقىللىقلەرنىلا ئىپادىلەيدۇ. چۈنكى بۇ ئىككى ئالماش ئەرەبچىدە ئەقىللىقلەرنى ئىپادىلەش ئۈچۈنلا ئىشلىتىلىدۇ، شۇنداقلا بۇ يەردە ئۇ « **ما**» نىڭ مەنىسىنى كۆرسىتىدۇ. شۇڭا بىز بۇ « **ما**» نى «نەرسىلەر» دەپ تەرجىمە قىلماستىن «كىشىلەر» دەپ تەرجىمە قىلدۇق.

شېرىكچىلىكى بارمۇ؟ ماڭا بۇنىڭدىن ئىلگىرى نازىل قىلىنغان بىر كىتاب ياكى ئىلگىرىكىلەردىن قالغان بىر ئىلىم كەلتۈرۈڭلار. ئەگەر راستچىل بولساڭلار›.

ئاللاھنى قويۇپ قىيامەت كۈنىگىچە دۇئاسىنى ئىجابەت قىلالمايدىغان كىشىلەرگە دۇئا قىلىدىغان ئادەمدىنمۇ ئازغۇن ئادەم بارمۇ؟ ھالبۇكى، ئۇ كىشىلەر بۇلارنىڭ دۇئاسىدىن خەۋەرسىزلەردۇر.

ئىنسانلار ھەشىر قىلىنغان چاغدا، ئۇ كىشىلەر بۇلارغا دۈشمەن بولىدۇ ۋە ئۆزلىرىنىڭ بۇلار تەرىپىدىن ئىبادەت قىلىنغانلىقىنى ئىنكار قىلىدۇ »ـ ئەھقاف 46/4ـ6.

كۆپلىگەن تەرجىمە ۋە تەپسىرلەردە بۇ ئايەتلەر تۆۋەندىكىدەك تەرجىمە قىلىنغان: «ئېيتقىنكى: ‹ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ، ئاللاھنى قويۇپ چوقۇنغان نەرسىلىرىڭلار يەر يۈزىدە نېمىنى ياراتتى، ماڭا كۆرسىتىپ بېرىڭلار قېنى. ياكى ئۇلارنىڭ ئاسمانلارغا ئورتاقچىلىقى بارمۇ؟ ئەگەر توغرا سۆزلىگۈچىلەر بولساڭلار بۇنىڭدىن ئىلگىرى (سىلەرگە چۈشۈرۈلگەن) بىر كىتاب ياكى ئىلىم قالدۇقى بولسا، ئۇنى ماڭا كەلتۈرۈڭلار›

ئاللاھنى قويۇپ قىيامەت كۈنىگە قەدەر ئۆزىگە جاۋاب بېرەلمەيدىغان نەرسىلەرگە چوقۇنغانلاردىن گۇمراھ كىم بولۇشى مۇمكىن؟ (ھالبۇكى) ئۇلار بۇلارنىڭ چوقۇنۇشلىرىدىن خەۋەرسىزدۇر.

ئىنسانلار بىر ئارىغا توپلانغان چاغدا، (مۇشرىكلار) ئۇلارغا (چوقۇنغان نەرسىلىرىگە) دۈشمەن بولىدۇ ۋە ئۇلارغا قۇللۇق قىلىنغانلىقلىرىنى ئىنكار قىلىدۇ»ـ (ئەھقاف 46/4ـ6)[200].

---

200ـ بۇ تەرجىمە خەيرەتتىن قارامان، ئەلى ئۆزەك، ئىبراھىم كافى دۆنمەز، مۇستافا چاغرىجى، سەدرەتتىن گۈمۈش ۋە ئەلى تۇرغۇت قاتارلىق ئۆلىمالار ھەيئىتى تەرىپىدىن قىلىنغان «قۇرئان كەرىم ۋە

«دۇئا» غا «ئىبادەت» مەنىسى بەرگەنلەر ئىككىنچى باسقۇچتا باشقا بۇرمىلاشلارنى قىلىشقا موھتاج بولغان. شۇنىڭ بىلەن خاتالىق خاتالىقنى سۆرەپ نەتىجىدە يۇقىرىدىكى ئۈچ ئايەتنىڭ تەرجىمىسىدىكى خاتالىقنىڭ سانى بەشكە چىققان. بۇ خاتالىقلار تۆۋەندىكىچە:

## 1) «دۇئا» غا «ئىبادەت» مەنىسىنى بېرىش

**دۇئا** دېگەن سۆز چاقىرىش مەنىسىدە مەسدەر (سۆز تومۇرى) بولۇپ، كېيىن ئۇنى كىچىكتىن چوڭغا، تۆۋەندىن يۇقىرىغا سۇنۇلغان تىلەك ۋە ئېھتىياج مەنىسىدە ئىشلىتىش ئادەت بولغان. دۇئا دېگەن سۆز ئىسىم بولۇپمۇ

---

ئاچىقلامالى مەئالى» ناملىق قۇرئان كەرىم تۈركچە تەرجىمىسىدىن ئېلىندى. قۇرئان كەرىمنىڭ بۇ تۈركچە تەرجىمىسى تۈركىيە ديانەت ۋەخپى تەرىپىدىن بېسىلغان، شۇنداقلا ئەرەبىستاند ا بېسىلىپ تۈرك ھاجىلارغا تارقىتىلىۋاتقان بىر تۈركچە تەرجىمە قۇرئاندۇر. يۇقىرىدىكى ئايەتلەرنىڭ مۇھەممەد سالىھ قىلغان تەرجىمىسى مۇنداق:

«(ئى مۇھەممەد! مۇشرىكلارغا) ئېيتقىنكى، ‹ سىلەر ئاللاھنى قويۇپ چوقۇنۇۋاتقان بۇتلىرىڭلارنىڭ (ئەھۋالىنى) ئېيتىپ بېرىڭلار، ئۇلار زېمىننىڭ قايسى قىسمىنى ياراتقانلىقىنى ماڭا كۆرسىتىڭلار، ياكى ئاسمانلارنى يارىتىشتا ئۇلارنىڭ ئاللاھ بىلەن ئورتاقچىلىقى بارمۇ؟ بۇ (قۇرئان) دىن ئىلگىرى (سىلەرگە نازىل قىلىنغان) كىتاب ياكى (ئىلگىرىكىلەردىن) قالغان ئىلىم بولسا ماڭا ئېلىپ كېلىڭلار، ئەگەر سىلەر راستچىل بولساڭلار ›.

ئاللاھنى قويۇپ قىيامەتكىچە دۇئانى ئىجابەت قىلىشقا قادىر بولالمايدىغان بۇتلارغا چوقۇنىدىغان ئادەمدىنمۇ گۇمراھ ئادەم بارمۇ؟ بۇتلار ئۇلارنىڭ دۇئاسىدىن غاپىلدۇر . (قىيامەت كۈنى) ئىنسانلار (ھېساب بېرىش ئۈچۈن) توپلانغان چاغدا، بۇتلار ئۇلارغا (يەنى بۇتپەرەسلەرگە) دۈشمەن بولىدۇ، ئۇلار تەرىپىدىن ئىبادەت قىلىنغانلىقىنى ئىنكار قىلىدۇ»ـ مۇھەممەت سالىھ، «قۇرئان كەرىم ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى».

ئىشلىتىلگەن، شۇنىڭ ئۈچۈن ئادەتتە «دۇئا ئاڭلىدىم، دۇئا ئوقۇدۇم» دېيىلىدۇ[201].

**ئىبادەت** بولسا تائەت مەنىسىدە كېلىدۇ. تائەت بويۇن ئەگمەك دېمەكتۇر، تولاراق بۇيرۇققا بويسۇنماق ۋە ئەگەشمەك مەنىسىدە ئىشلىتىلىدۇ 202. بۇ تىلىمىزدا «قۇللۇق» دېيىلىدۇ. ئىبادەت ئىسلامىي ئىستىلاھدا ئاللاھنىڭ ئەمرىنى بەجا كەلتۈرۈش ئۈچۈن سەممىي نىيەت بىلەن ناماز ئوقۇش ۋە روزا تۇتۇشقا ئوخشاش ئىشلارغا بېرىلگەن ئىسىمدۇر.

دۇئا بىلەن ئىبادەت ئوتتۇرىسىدا مۇستەھكەم بىر مۇناسىۋەت بار. ئىبادەتنىڭ ئەسلى غايىسى دۇئادۇر. يەنى ئىنسان ئاللاھقا ئىبادەت قىلىش ئارقىلىق، ئۆزىنىڭ بەزى ئارزۇلىرىغا يەتمەكچى بولىدۇ. ئاللاھ تەئالا بولسا، دۇئالىرىمىزنىڭ قوبۇل قىلىنىشى ئۈچۈن بىزنى ھەم ناماز ئوقۇشقا ھەمدە سەۋرچان بولۇشقا ئەمر قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

«يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا اسْتَعِينُوا بِالصَّبْرِ وَالصَّلَاةِ إِنَّ اللَّهَ مَعَ الصَّابِرِينَ»

«ئى مۇئمىنلار! سەۋر قىلىش ۋە ناماز ئوقۇش ئارقىلىق ياردەم تىلەڭلار. شۈبھىسىزكى، ئاللاھ سەۋر قىلغۇچىلار بىلەن بىللىدۇر»- بەقەرە 153/2.

[201] - ئەلمالىلى مۇھەممەد ھەمدى يازىر، ھەق دىنى قۇرئان دىلى، 1- جىلد، 662- بەت، (نەقەرە 186- ئايەتنىڭ تەپسىرى) ئىستانبۇل 1935.

[202] - ئىبنى مەنزۇر، لىسانۇل ئەرەب، بېيرۇت 1990/1410. ئىتائەت تەۋئ « **طوع**» سۆز تومۇرىدىندۇر. تەۋئ بويۇن ئەگمەك دېمەكتۇر. ئۇنىڭ قارىمۇقارشىسى كەرىھ كۆرمەك ۋە ياقتۇرماسلىقتۇر. بۇ ئىككى كەلىمە ئۆتكەن بىر ئايەتنىڭ مەنىسى مۇنداق: «ئاللاھ ئاندىن تۇمان ھالىتىدىكى ئاسمانغا يۆنەلدى، ئۇنىڭغا ۋە زېمىنغا: ‹ ئىختىيارىي ياكى ئىختىيارسىز كېلىڭلار › دېدى. ئۇ ئىككىسى: ‹ ئىختىيارىي كەلدۇق › دېدى.- (فۇسسىلەت 11/41). تائەتمۇ ئوخشاش تومۇردىن بولۇپ، بويۇن ئەگمەك دېگەن بولىدۇ ۋە كۆپىنچە ‹ بۇيرۇققا بويسۇنماق › مەنىسىدە ئىشلىتىلىدۇ. (راغىب ئەلئىسفەھانى، مۇفرەداتى ئەلفازىل قۇرئان 529- بەت، **ط و ع** ماددىسى).

مۇناسىۋەتلىك باشقا بىر ئايەت مۇنداق:

«وَإِذَا سَأَلَكَ عِبَادِي عَنِّي فَإِنِّي قَرِيبٌ أُجِيبُ دَعْوَةَ الدَّاعِ إِذَا دَعَانِ فَلْيَسْتَجِيبُوا لِي وَلْيُؤْمِنُوا بِي لَعَلَّهُمْ يَرْشُدُونَ»

«بەندىلىرىم سەندىن مەن توغرۇلۇق سورىسا، مەن ناھايىتى يېقىن. مەن ماڭا دۇئا قىلغۇچىنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىمەن. ئۇنداقتا ئۇلارمۇ مېنىڭ دەۋىتىمنى قوبۇل قىلسۇن ۋە ماڭا ئىشەنسۇن. شۇنداق قىلسا كامالەتكە يېتەلەيدۇ»-بەقەرە 186/2.

كىشى ئاللاھدىن بىر نەرسە تەلەپ قىلغان چېغىدا ئۇنىڭغا تېخىمۇ ياخشى بەندە بولۇش غەيرىتى ئىچىگە كىرىدۇ. بۇ سەۋەپتىن ئىبادەت پوستقا، دۇئا جەۋھەرگە ئوخشايدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام «دۇئا ئىبادەتتۇر»[203]، «دۇئا ئىبادەتنىڭ جەۋھىرىدۇر»[204] دېگەن. چۈنكى ئىنساننىڭ ئەسلى مەقسىدى ئاللاھقا تەلەپلىرىنى قوبۇل قىلدۇرۇشتۇر. «دۇئا»نىڭ ئورنىغا «ئىبادەت» كەلىمىسىنى ئىشلەتكەندە بۇ مۇناسىۋەتلەر پۈتۈنلەي يوقاپ كېتىدۇ. ئۇ چاغدا ئىنسانلار ۋەسىلىلەردىن مەدەت كۈتۈشكە باشلايدۇ.

تىلەكلىرىنى بىر ئەۋلىيا ياكى بىر روھانىي ۋەسىلىسى بىلەن ئاللاھقا سۇنغان كىشى ئالدى بىلەن ۋەسىلە بولغۇچىنى رازى قىلىشقا تىرىشىدۇ. ئۇنىڭغا ئاتاپ ھەدىيىلەر ۋە نەزىر-چىراقلارنى تەقدىم قىلىدۇ. مەنىۋىي ھۇزۇرىدا ھۆرمەت بىلەن ئېگىلىپ تازىم قىلىدۇ. بۇنىڭ ئۇنىڭغا قۇللۇق، يەنى

[203]- تىرمىزى، دۇئا 1، 3372- نومۇرلۇق ھەدىس.
[204]- تىرمىزى، دۇئا 1، 3371- نومۇرلۇق ھەدىس.

6ـ ئايىتىدە مۇنداق ئىبادەت قىلغانلىق بولىدىغانلىقى ئەھقاف سۈرىسىنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلغان:

«وَإِذَا حُشِرَ النَّاسُ كَانُوا لَهُمْ أَعْدَاءً وَكَانُوا بِعِبَادَتِهِمْ كَافِرِينَ»

«ئىنسانلار ھەشىر قىلىنغان چاغدا، ئۇ كىشىلەر بۇلارغا دۈشمەن بولىدۇ ۋە ئۆزلىرىنىڭ بۇلار تەرىپىدىن ئىبادەت قىلىنغانلىقىنى ئىنكار قىلىدۇ»ـ ئەھقاف 6/46.

تۆۋەندىكى ئايەت بولسا، ئۇ ئىشنىڭ شېرىك بولىدىغانلىقىغا ھۆكۈم قىلماقتا:

«قُلْ إِنَّمَا أَدْعُو رَبِّي وَلَا أُشْرِكُ بِهِ أَحَداً»

«ئى مۇھەممەد! ئېيتقىنكى: مەن پەقەت رەببىمگىلا دۇئا قىلىمەن، ئۇنىڭغا ھېچكىمنى شېرىك قىلمايمەن»ـ جىن 20/72.

يىغىپ ئېيتقاندا «دۇئا» غا «ئىبادەت» مەنىسىنى بېرىش بەزى ئايەتلەرنى قۇرئاندىن چىقىرىۋەتكەنلىككە ئوخشاش ئىشتۇر. مەسىلەن: بۇ خاتا مەنا يۇقىرىدىكى ئۈچ ئايەتنى بۇتقا چوقۇنغۇچىلارغا خاس ھالەتكە كەلتۈرۈپ قويىدى. ئاللاھ تەئالانىڭ ئىبادەت ۋە دۇئا كەلىمىلىرىنى قۇرئان كەرىمدە پەرقلىق يەرلەردە ئىشلەتكەنلىكىدىن قارىغاندا قۇرئاننىڭ تەرجىمە ۋە تەپسىرىنى قىلماقچى بولغانلارنىڭ بۇ پەرقلەرگە ئالاھىدە دىققەت قىلىشى لازىم.

## 2) «من» كەلىمىسىگە «ما» مەنىسىنى بېرىش

ئەرەپچىدە «من» كىشى ياكى كىشىلەر دېگەن بولىدۇ ۋە ئەقىللىق بارلىقلار ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ[205]. «ما» بولسا نەرسە ياكى نەرسىلەر دېگەن

---

[205] ـ جۈملە ئىچىدە ئەقىللىق بارلىق بىلەن باشقا بارلىقلارمۇ ئۆتسە مەن **«من»** كەلىمىسى ئەقىللىق بولمىغان بارلىقلار ئۈچۈنمۇ ئىشلىتىلىدۇ. بۇنىڭغا مۇنۇ ئايەت مىسال بولىدۇ:

بولىدۇ. ئەھقاف سۈرىسىنىڭ 5ـ ئايىتىدە ئۈچ قېتىم مەن «من» كەلىمىسى ئۆتىدۇ. «دۇئا» غا «ئىبادەت» مەنىسىنى بەرگەنلەر ئۇلاردىن ئىككىسىگە «مەن (كىشى)»، ئۈچىنچىسىگە «ما (نەرسە)» مەنىسىنى بېرىشكە مەجبۇر بولۇپ ئايەتنىڭ مەنىسى پۈتۈنلەي ئۆزگەرتىپ مۇنداق تەرجىمە قىلىشقان: « **ئاللاھنى قويۇپ قىيامەت كۈنىگە قەدەر ئۆزىگە جاۋاب بېرەلمەيدىغان نەرسىلەرگە چوقۇنغان ئادەمدىنمۇ گۇمراھ ئادەم بارمۇ؟**».

بۇ تەرجىمىگە قارىغاندا ياردەمگە چاقىرىلغانلار بۇتلار بولۇپ، بىر ئەۋلىيانىڭ روھىنى ياردەمگە چاقىرغان كىشى ئايەتنىڭ دائىرىسىگە كىرمەيدۇ. لېكىن ئايەتتە ئۆتكەن مەن « **من**» سۆزىنى بۇرمىلىماستىن لۇغەت مەنىسى بويىچە تەرجىمە قىلغان ۋاقتىمىزدا مۇنۇ مەنە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ: « **ئاللاھنى قويۇپ قىيامەت كۈنىگە قەدەر ئۆزىگە جاۋاب بېرەلمەيدىغان كىشىلەرنى ياردەمگە چاقىرغان ئادەمدىنمۇ گۇمراھ ئادەم بارمۇ؟**» بۇ توغرا مەنا ئەۋلىيادىن ۋە روھدىن مەدەت تىلەشنىڭ يوللىرىنى ئېتىدۇ.

## 3) ھۇم «هم» ئالمىشىغا ھىيە «هي» مەنىسىنى بېرىش

«بۇلار» دەپ تەرجىمە قىلىنغان ھۇم « **هم**» كۆپلۈك ئالمىشى بولۇپ، ئەرەپچىدە ئەقىللىق ئەركەك جىنس تۈرىنى كۆرسىتىدۇ. لېكىن مەن « **من**» كەلىمىسىنى «نەرسىلەر» دەپ تەرجىمە قىلغانلار ھۇم « **هم**» ئالمىشىغا «ما»

---

**«وَاللَّهُ خَلَقَ كُلَّ دَابَّةٍ مِنْ مَاءٍ فَمِنْهُمْ مَنْ يَمْشِي عَلَى بَطْنِهِ وَمِنْهُمْ مَنْ يَمْشِي عَلَى رِجْلَيْنِ وَمِنْهُمْ مَنْ يَمْشِي عَلَى أَرْبَعٍ يَخْلُقُ اللَّهُ مَا يَشَاءُ إِنَّ اللَّهَ عَلَى كُلِّ شَيْءٍ قَدِيرٌ »**

«ئاللاھ پۈتكۈل جانلىقلارنى سۇدىن ياراتتى. ئۇلاردىن بەزى كىشىلەر قورسىقى بىلەن ماڭىدۇ، ئۇلاردىن بەزى كىشىلەر ئىككى پۇتى بىلەن ماڭىدۇ، ئۇلاردىن بەزى كىشىلەر تۆت پۇتى بىلەن ماڭىدۇ...»ـ (نۇر 45/24). بۇ ئايەتتە «بەزى كىشىلەر» دەپ تەرجىمە قىلىنغان كەلىمە مەن « **من**» دۇر. ئىككى پۇت بىلەن ماڭىدىغان ئىنسانلار باشقا جانلىقلارنىڭ ئىچىدە بولغانلىقى ئۈچۈن باشقا جانلىقلارغىمۇ مەن «**من**» دېيىلگەن.

كەلىمىسىنىڭ مەنىسىنى كۆرسىتىدىغان ھىيە « ھي» ئالمىشىنىڭ مەنىسىنى بېرىشكەن. بۇ چوڭ بىر خاتالىقتۇر.

**4) تولۇق مۇزەككەر كۆپلۈككە بىرلىك مۇئەننەسنىڭ مەنىسىنى بېرىش**

«خەۋەرسىزلەردۇر» دەپ تەرجىمە قىلىنغان غافىلۇن «غَافِلُونَ» كەلىمىسى جەمئى مۇزەككەر سالىم (تولۇق مۇزەككەر كۆپلۈك) بولۇپ، ئەقىللىق ئەركەك جىنس تۈرىنى كۆرسىتىدۇ. مەن « مىن» كەلىمىسىنى «نەرسىلەر» دەپ تەرجىمە قىلىش بۇ مەنىنىمۇ يوقىتىۋەتكەن. تېخىمۇ ئوچۇق ئېيتقاندا ئايەتتىكى غافىلۇن كەلىمىسىگە غافىلەتۇن دېگەن كەلىمىنىڭ مەنىسى بېرىلگەن. بۇمۇ ناھايىتى چوڭ بىر خاتالىقتۇر.

5) 6- ئايەتكە دىققەت قىلماسلىق

مەن « مىن» نىڭ «نەرسىلەر» دەپ تەرجىمە قىلىنىشى 5- ئايەت بىلەن 6- ئايەتنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ئۈزۈپ قويغان. بۇ مۇناسىۋەتنىڭ ئۈزۈلمەسلىكىنىڭ بىرلا يولى مەن «مىن» كەلىمىسىنى ئۆز مەنىسى بويىچە «كىشىلەر» دەپ تەرجىمە قىلىنىشىدۇر. مەزكۇر ئايەت مۇنداق:

«وَإِذَا حُشِرَ النَّاسُ كَانُوا لَهُمْ أَعْدَاءً وَكَانُوا بِعِبَادَتِهِمْ كَافِرِينَ»

«ئىنسانلار ھەشىر قىلىنغان چاغدا، ئۇ كىشىلەر بۇلارغا دۈشمەن بولىدۇ ۋە ئۆزلىرىنىڭ بۇلار تەرىپىدىن ئىبادەت قىلىنغانلىقىنى ئىنكار قىلىدۇ »- ئەھقاف 6/46.

بۇتلار ئاخىرەتتە جانلىنىپ ئىنسانلار بىلەن بىر يەرگە جەم بولمايدىغانلىقى ئۈچۈن ئايەتتە زىكىر قىلىنغانلار ھېسابقا تارتىلىدىغان ئەقىللىق بارلىقلاردۇر. بۇلار بولسا روھلىرىدىن ياردەم تەلەپ قىلىنغان «ئۇلۇغلار» دۇر.

ئايەتلەرنىڭ تەرجىمىلىرىدىكى بۇ خاتالىقلار مازار زىيارىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك مۇنۇ ئېتىقادقا يول ئاچىدۇ: «ئاللاھ بۇ سۆيۈملۈك بەندىلىرىگە بەزى ھوقۇقلار، ئىمكانىيەتلەر ۋە ئالاھىدىلىكلەر ئىنئام قىلغان. بۇلار شاپائەتچىلىرىمىزدۇر. بىز گۇناھكار بولغانلىقىمىز ئۈچۈن بىۋاستە ھالدا ئاللاھتىن تەلەپ قىلىشقا يۈزىمىز يوق. بەلكى بۇلارنىڭ سايىسىدە ئاللاھ تىلەكلىرىمىزنى قوبۇل قىلىپ قالسا ئەجەپ ئەمەس»[206].

ئەنە شۇنداق خاتالىقلار سەۋەبىدىن ئۆلۈپ كەتكەن دىنى زاتلارنى ئاللاھنىڭ يېقىن دوستى دەپ ھېسابلاش، ئۇلارغا خىيالىي ھوقۇقلار ئويدۇرۇپ ئاللاھقا ئۇلارنىڭ ۋەسىلە بولۇشى بىلەن يېتىشكە ئۇرۇنۇش ئىسلام دۇنياسىنىڭ ئەڭ ئاساسلىق كېسەللىكى بولۇپ قالغان. ئەھقاف سۈرىسىنىڭ 5– ئايىتى توغرا تەرجىمە قىلىنسا بۇ يول تامامەن ئېتىلىدۇ. ئۇ ئايەتنىڭ توغرا تەجىمىسى مۇنداق بولىدۇ:

**«ئاللاھنى قويۇپ قىيامەت كۈنىگىچە دۇئاسىنى ئىجابەت قىلالمايدىغان كىشىلەرگە دۇئا قىلىدىغان ئادەمدىنمۇ ئازغۇن ئادەم بارمۇ؟ ھالبۇكى، ئۇ كىشىلەر بۇلارنىڭ دۇئاسىدىن خەۋەرسىزلەردۇر»**

بۇ تەنقىدلەر يۇقىرىدىكى ئۈچ ئايەتنىڭ تەرجىمىسىگە ئاساسلىنىپ ئېلىپ بېرىلدى. «دۇئا» سۆز تومۇرىدىن تۈرلەنگەن كەلىملەر بار بولغان نۇرغۇنلىغان ئايەتنىڭ تەرجىمىلىرىدىمۇ بۇنداق خاتالىقلار كۆرۈلمەكتە. ئىشىنىڭ ئەجەبلىنەرلىك تەرىپى شۇكى، پۈتۈن تەرجىمە ۋە تەپسىرلەردە ئوخشاش

---

[206] ـ خەيرەتتىن قارامان، «رامىزاندا مازار ـ ماشايىخ زىيارەتلىرى»، يېڭى شەپەق گېزىتى، 2000ـ يىلى، 12ـ ئاينىڭ 10ـ كۈنىدىكى سانى.

خاتالىقنىڭ تەكرارلىنىدۇ. بۇ بولسا ئاللاھ ئەسلا كەچۈرمەيدىغان شېرىك گۇناھىنى مۇسۇلمانلارنىڭ ئاسانلا قىلىشىغا يول ئاچقان.

قۇرئاننى تەرجىمە ۋە تەپسىر قىلغۇچىلار بۇ خاتالىقنى بىلىپ تۇرۇپ ئۆتكۈزگەن، دېگىلى بولمايدۇ. لېكىن ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ئاللاھنىڭ نېمە دېگەنلىكىگە قاراشنىڭ ئورنىغا بۇرۇنقى ئالىملارنىڭ بۇ ئايەتلەرنى قانداق چۈشەنگەنلىكىگە قارايدۇ. بۇ بولسا زامانىمىزدا مەيدانغا كەلگەن بىر خاتانى تېخىمۇ قاتماللاشتۇرىدۇ.

### ج- ئۆلۈكتىن ياردەم تىلەيدىغانلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك مىساللار

#### 1) نۇرچىلار

نۇرچىلار مۇنۇ شېئىرنى ئابدۇلقادىر جەيلانىينىڭ سەككىز ئەسىر ئىلگىرى سەئىد نۇرسىيغا ئاتاپ يازغانلىقىنى دەۋا قىلىدۇ:

«بىزگە ئېسىل، تېۋىنغىن ھەر قورقۇنچ ھەر كۈلپەتتە،

قۇتقۇزىمەن ھەر زامان ھەر نەرسىدە ھىممەتتە.

مۇرىدىمنى ساقلايمەن قورققان ھەر نەرسىسىدىن،

مۇھاپىزەت قىلىمەن ھەر يامانلىق، پىتنىدىن.

مۇرىدىم بولسۇن مەيلى مەشرىقتە يا مەغرىبتە

قۇتقۇزىمەن مەن ئۇنى بولسا قايسى شەھەردە»[207].

---

[207]- بۇ شېئىر سەئىد نۇرسىنىڭ «سىككەئى تەسدىقى غەيبى» ناملىق كىتابىدىن نەقىل قىلىندى.- رىسالەئى نۇر كۈللىياتى، ئىستانبۇل 1995، 2- توم، 2083- بەت. بۇ شېئىرنىڭ ئەرەبچىسى مۇنداق:

بۇ دەۋانى سەئىد نۇرسىنىڭ 23 شاگىرتى ئوتتۇرىغا قويىدۇ[208].

ئۇلار بۇنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن جەفر [209] دەپ ئاتىلىدىغان خىيالىي نەرسىلەرگە ئاساسلىنىدۇ ۋە يۇقىرىدىكى شېئىردا ئابدۇلقادىر جەيلانىينىڭ مۇنۇ مەنىنى سىر تۇتقانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويۇشىدۇ: «مۇرىدىم سەئىد كۇردىي روسىيەدە ئەسىر ۋاقتىدا بىدئەتچىلەرنىڭ قولى ئارقىلىق ئاسىيانىڭ شەرقىي شىمالىدىن ئاسىيانىڭ غەربىگە سۈرگۈن قىلىنغان ۋە سىبىرىيە تەرەپلىرىدىن قېچىپ، كۆپلىگەن رايونلارنى ئايلىنىشقا مەجبۇر بولۇپ قالغان ئەسنادا ئاللاھنىڭ رۇخستى بىلەن ئۇنىڭغا ياردەم قىلىمەن ۋە دەردىگە دەرمان بولىمەن».

ئۇلار بۇ ياردەمنىڭ قانداق شەكىلدە ئەمەلىيلەشكەنلىكىنى مۇنداق بايان قىلىشىدۇ: «شۇنداق، ھەرزىتى غەۋس ئۆزى ‹مۇرىدىم› دەپ ئاتىغان سەئىد، ئاسىيانىڭ شەرقىي شىمالىدا ناھايىتى ئېغىر قىيىنچىلىقلار ئىچىدە ئەسىر بولۇپ ياشىغان ئۈچ يىل جەريانىدا داۋاملىق قوغدالدى. ئۇ ئۈچ-تۆت ئايلىق يولنى قاچقان ھالدا بېسىپ ئۆتتى، نۇرغۇنلىغان شەھەرلەرنى ئايلاندى، لېكىن ئۇ غەۋسنىڭ ئېيتقىنىدەك ھەمىشە قوغدالدى.

---

**توسل بنا في كل هولٍ وشدةٍ = أغيثك في الأشياء طرا بهمتي**

**أنا لمريدي حافظٌ ما يخافه = وأحرسه من كل شر وفتنة**

**مريدي إذا ما كان شرقا ومغربا = أغثه إذا ما صار في أي بلدة**

[208] - ئۇلارنىڭ ئىسىملىرى مۇنداق: سۈلەيمان، سەبرىي، زەكائىي، ئاسىم، رەئفەت، ئەلىي، ئەھمەد خۇسرەۋ، مۇستافا ئەپەندى، رۈشتۈ، لۈتفۈ، شاملىق تەۋفىق، ئەھمەد غالىب،زۈھتۈ، بەكىر بەگ، لۈتفىي، مۇستافا، مۇستافا، مەسئۇد، مۇستافا چاۋۇش، ھافىز ئەھمەد، ھاجى ھافىز، مەھمەد ئەپەندى، ئەلىي رىزا.

[209] - جەفر ئەسلى ئەرەبچە سۆز بولۇپ مەنىسى مۆلچەر، قىياس، بېشارەت، پال، رەم دېگەنلەردىن ئىبارەت. بۇ ماۋزۇ كېيىنكى بۆلۈملەردە كېلىدۇ.

ئۇستازىمىز دەيدۇكى: مەن سەككىز-توققۇز ياش چاغلىرىمدا ناھىيىمىزدىكى ۋە ئەتراپتىكى ئاھالىلەرنىڭ ھەممىسى نەقشىبەندىي تەرىقىتىگە باغلىق ئىدى ۋە بۇ يەردە غەۋسى ھىزان نامى بىلەن شۆھرەت قازانغان بىر زاتتىن مەدەت تىلەيتتى. مەن بولسام بارلىق ئۇرۇق-تۇغقانلىرىم ۋە ئاھالىنىڭ ئەكسىچە «يا غەۋسى ج ەيلانىي!» دە يتتىم. كىچىك بالا بولغانلىقىم ئۈچۈن ياگاقچىلىك ئاددىي بىر نەرسەم يوقاپ كەتسە «يا پىر! سەن ئۈچۈن پاتىھە ئوقۇيمەن. سەن مېنىڭ يوقاپ كەتكەن شۇ نەرسەمنى تاپقۇزۇپ بەر» دەيتتىم. ھەيران قالارلىق ئىش، لېكىن قەسەم قىلىپ ئېيتىمەنكى، مۇشۇنداق شەكىلدە ھەزرىتى پىر ھىممىتى ۋە دۇئاسى بىلەن ماگا مىڭ قېتىم ياردەم قولىنى ئۇزاتتى»[210].

بۇ ئېتىقادنىڭ قۇرئانغا زىت ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدىغان ئايەتلەر ئىلگىرى ئوقۇلغان ئىدى. بۇ يەردە مەزكۇر ئايەتلەردىن بىرىنى نەقىل قىلىپ ئۆتىمىز. ئايەت مۇنداق:

**«أَمَّن يُجِيبُ الْمُضْطَرَّ إِذَا دَعَاهُ وَيَكْشِفُ السُّوءَ وَيَجْعَلُكُمْ خُلَفَاء الْأَرْضِ أَإِلَهٌ مَّعَ اللَّهِ قَلِيلاً مَّا تَذَكَّرُونَ»**

---

[210]- سەئىد نۇرسى سىككەئى تەسدىقى غەيبى، 8- لەمئە، رسالەئى نۇر كۇللىياتى، 2- توم، 2083- بەت.

«بېشىغا ئېغىرچىلىق كەلگەن كىشى دۇئا قىلسا دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىپ ئۇنىڭ بېشىغا كەلگەن ئېغىرچىلىقنى كىم كۆتۈرۈۋېتىدۇ؟ سىلەرنى كىم زېمىننىڭ ئورۇنباسارلىرى قىلىدۇ؟ ئاللاھ بىلەن بىرلىكتە باشقا بىر ئىلاھ بارمۇ؟ بەكمۇ ئاز ئويلىنىسىلەر!»- نەمل 62/27.

كۈچ يەتمىگەن ئىشلاردا ئاللاھدىن غەيرىيدىن ياردەم ئالغىلى بولسا، كىم ئاللاھقا سىغىنىدۇ؟ ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ:

**«قُلِ ادْعُوا الَّذِينَ زَعَمْتُم مِّن دُونِهِ فَلاَ يَمْلِكُونَ كَشْفَ الضُّرِّ عَنكُمْ وَلاَ تَحْوِيلاً. أُولَئِكَ الَّذِينَ يَدْعُونَ يَبْتَغُونَ إِلَى رَبِّهِمُ الْوَسِيلَةَ أَيُّهُمْ أَقْرَبُ وَيَرْجُونَ رَحْمَتَهُ وَيَخَافُونَ عَذَابَهُ إِنَّ عَذَابَ رَبِّكَ كَانَ مَحْذُوراً»**

«مۇشرىكلارغا ئېيتقىنكى: ‹سىلەر ئاللاھنى قويۇپ چوقۇنۇۋاتقان مەبۇدلىرىڭلارنى ياردەمگە چاقىرىپ بېقىڭلار، ئۇلار بېشىڭلاردىكى بالانى دەپئىمۇ قىلالمايدۇ، باشقا بىرىگە يۆتكەپمۇ ئاتالمايدۇ›.

ئۇ مۇشرىكلارنىڭ ئاللاھنى قويۇپ دۇئا قىلىۋاتقان كىشىلىرى رەببىگە تېخىمۇ يېقىنلىشىشقا تىرىشىدۇ، رەببىنىڭ رەھمىتىنى ئۈمىد قىلىپ ئازابىدىن قورقىدۇ. چۈنكى رەببىڭنىڭ ئازابى ساقلىنىشقا تېگىشلىك بىر ئازابتۇر»- ئىسرا 57ـ56/17.

**«وَاللَّهُ يَعْلَمُ مَا تُسِرُّونَ وَمَا تُعْلِنُونَ. وَالَّذِينَ يَدْعُونَ مِنْ دُونِ اللَّهِ لَا يَخْلُقُونَ شَيْئًا وَهُمْ يُخْلَقُونَ. أَمْوَاتٌ غَيْرُ أَحْيَاءٍ وَمَا يَشْعُرُونَ أَيَّانَ يُبْعَثُونَ»**

«ئاللاھ سىلەرنىڭ ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن قىلغان پۈتكۈل ئىشلىرىڭلارنى بىلىدۇ. مۇشرىكلار ئاللاھنى قويۇپ دۇئا قىلغان كىشىلەر ھېچنېمە يارىتالمايدۇ. ئەكسىچە ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى يارىتىلغان كىشىلەردۇر. ئۇلار ئۆلۈكلەردۇر، تىرىكلەر

ئەمەستۇر، قاچان قايتا تىرىلدۈرۈلىدىغانلىقىنىمۇ ئۇقمايدۇ»ـ نەھل 19/16ـ 21.

«وَلَئِنْ سَأَلْتَهُمْ مَنْ خَلَقَ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضَ لَيَقُولُنَّ اللَّهُ قُلْ أَفَرَأَيْتُمْ مَا تَدْعُونَ مِنْ دُونِ اللَّهِ إِنْ أَرَادَنِيَ اللَّهُ بِضُرٍّ هَلْ هُنَّ كَاشِفَاتُ ضُرِّهِ أَوْ أَرَادَنِي بِرَحْمَةٍ هَلْ هُنَّ مُمْسِكَاتُ رَحْمَتِهِ قُلْ حَسْبِيَ اللَّهُ عَلَيْهِ يَتَوَكَّلُ الْمُتَوَكِّلُونَ»

«ئى مۇھەممەد! ئەگەر ئۇلاردىن ‹ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى كىم ياراتتى؟› دەپ سورىساڭ، ئۇلار ئەلۋەتتە ‹ئاللاھ› دەيدۇ. ئېيتقىنكى: ‹ئاللاھنى قويۇپ دۇئا قىلىۋاتقان نەرسىلىرىڭلار توغرىسىدا ئويلىنىپ باقتىڭلارمۇ؟ ئەگەر ئاللاھ ماڭا بىر زىيان يەتكۈزۈشنى ئىرادە قىلسا، ئۇ نەرسىلەر ئاللاھنىڭ زىيىنىنى دەپئى قىلالامدۇ؟ ياكى ئاللاھ ماڭا بىر رەھمەت ئاتا قىلىشنى ئىرادە قىلسا، ئۇ نەرسىلەر ئاللاھنىڭ رەھمىتىنى تۇسۇۋالالامدۇ؟ ›. ئېيتقىنكى: ‹ماڭا ئاللاھ يېتەرلىكتۇر. تايانغۇچىلار ئۇنىڭغىلا تايانسۇن›»ـ زۇمەر 38/39.

## 2) فەتھۇللا گۈلەن

پەيغەمبىرىمىزنىڭ تاغىسى ھەمزە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇھۇد ئۇرۇشىدا ئاللاھ يولىدا ئۆلتۈرۈلگەن ۋە شۇ يەرنىڭ ئۆزىگە دەپنە قىلىنغان. ئۇ ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا بىز چۈشىنەلمەيدىغان بىر ھايات بىلەن ياشىماقتىدۇر. فەتھۇللا گۈلەن ئۇنى نۇرغۇن قېتىم ياردەمگە چاقىرغانلىقىنى ۋە ئۆزىگە ساناپ تۈگەتكىلى بولمايدىغان دەرىجىدە كۆپ ياردەم قىلغانلىقىنى دەۋا قىلىدۇ. ئۇنىڭ بۇ دەۋالىرىدىن بىرى مۇنداق:

«ئەنقەرەدىن ئىستانبۇلغا كېلىۋاتاتتۇق... قاراتال ئەتراپىغا يېتىپ كەلگەن ۋاقتىمىزدا سىم-سىم يامغۇر يېغىشقا باشلىدى. ئۇ يەر لەردە بىر ئويمان بار ئىكەن، بىز ئۇ يەرگە يېقىنلاشقان ۋاقتىمىزدا يامغۇر شىددەت بىلەن يېغىشقا باشلىدى. بىز پەسكە چۈشكەن ۋاقتىمىزدا بولسا، ماشىنا موتۇرىغا سۇ كىرىپ

كېتىپ توختاپ قالدى. بىر –ئىككى مىنۇت ئىچىدە سۇ  ئۇلغىيىپ ماشىنىنى ئېقىتىشقا باشلىدى. سۇ بارغانسېرى ئۇلغىيىپ بىر ئاپەت ھالىتىگە ئايلانماقتا ئىدى. بۇ شۇ دەرىجىدە بولدىكى، سۇ قىسقا بىر مۇددەتتىن كېيىن چوڭ–چوڭ يۈك ماشىنىلىرىنىمۇ كۆتۈرۈپ ئوت-سولغا ئىرغاڭلىتىشقا باشلىدى.

ماشىنىنىڭ دېرىزىسىنى بىرئاز ئاچقان ئىدىم، ماشىنا ئىچىگە كىرگەن سۇ ئۆچىلىمىزنى ھۆل قىلىۋەتتى. مەن دەرھال دېرىزىنى تاقىۋەتتىم. قولىمىزدىن بىر ئىش كەلمەيتتى. چوڭ –چوڭ ئاپتوبۇس ۋە يۈك ماشىنىلىرىمۇ سۇنىڭ ئۈستىدە خۇددى سامانغا ئوخشاپ قالغان ئىدى. ھەتتا بەزىلىرى ئوڭ ۋە سول تەرەپلىرىمىزدىن ئۆتۈۋېتىپ ‹ئۆتكەن يىلى بۇ يەردە نۇرغۇنلىغان كىچىك ماشىنا ئېقىپ كەتكەن ئىدى › دېيىشىپ كەيپىمىزنى ئۇچۇرۇشتى... ئەگەر ماشىنا يول بويىدىكى تۆمۈرلەرگە سوقۇلۇپ پارچىلىنىپ كەتسە...؟ ئامانەت... ئەقلىمدىن ئۆزلۈكسىز ھالدا بۇخىل پىكىرلەر ئۆتۈشكە باشلىدى.

قارىسام ناھايىتى چوڭ بىر تاختا بىز تەرەپكە ئېقىپ كېلىۋاتىدۇ. كۆڭلۈمگە شۇ تاختا بىز بىلەن يول بويىدىكى تۆمۈرلەر ئوتتۇرىسىدا توختىسا، ھېچ بولمىغاندا ماشىنا يول بويىدىكى ئۇ تۆمۈرلەرگە سوقۇلماس دېگەن خىياللار كەلدى ۋە ئۇ ئەسنادا ھەمراھلىرىمغا   ‹دۇئا قىلىڭلار› دېدىم. مەن بولسام  ‹يا سەييىدىنا ھەمزە! يا سەييىدىنا ھەمزە!  › دەپ ئۇ ئۇلۇغ روھنى بىزگە ياردەم قىلىشقا ئەۋەتسۇن دەپ جانابى ھەققە دۇئا قىلدىم. ئۇدۇل بىزنىڭ ئۈستىمىزگە كېلىۋاتقان تاختا يېنىمىزدىن ئۆتۈپ كۆزدىن غايىپ بولدى... ۋە ئاجايىپ بىر ئىش، سەلنىڭ ئېقىشى بىردىنلا ئۆزگەردى، تېزلىكىمۇ تۆۋەنلىدى... بۇ ھادىسىنىڭ گۇۋاھچىلىرى بار. بۇ ئۆزگىرىشنى ۋە تۇيۇقسىز سەلنىڭ تېزلىكىنىڭ تۆۋەنلىشىشىنى فىزىكىلىق بىر قائىدە بىلەن ئىزاھلاش مۇمكىن ئەمەس.

جانابى ھەقنىڭ ئۇ مۇقەددەس ۋە ئۇلۇغ روھنى ۋەزىپىگە تەيىنلەپ بىزگە ياردەم قىلىشقا ئەۋەتكەنلىكىگە ھېچبىرىمىزنىڭ گۇمانى قالمىدى...[211]

ئۇ كىشى ھەم «يا سەييىدەنا ھەمزە! يا سەييىدەنا ھەمزە!» يەنى «خوجىمىز ھەمزە! خوجىمىز ھەمزە! مەدەت!» دەيدۇ ھەمدە «ئۇ ئۇلۇغ روھنى بىزگە ياردەم قىلىشقا ئەۋەتسۇن دەپ جانابى ھەققە دۇئا قىلدىم» دەيدۇ.

بۇنىڭ قەيىرى ئاللاھقا دۇئا؟ ئۇ سۆزىنىڭ داۋامىدا يەنە مۇنداق دەيدۇ:

«ئەھلى تەھقىق (تەتقىقاتچىلار)، شەخسلەردىن مەدەت تىلەشنى ساقلىنىشقا تېگىشلىك ئىشلاردىن دەپ قارايدۇ. مېنىڭ قانائىتىمچە ھەر قانداق مەسىلىدە بولغاندەك بۇ مەسىلىدىمۇ ئۆلچەمنى ياخشى بېكىتىش، ئىفرات (ھەددىدىن ئاشۇرۇۋېتىش) ۋە تەفرىت (سەل قاراش) تىن ساقلىنىش لازىم. بىزگە نىسبەتەن بۈيۈك ۋە مۇقەددەس روھلاردىن مەدەت تىلەشكە بولىدۇ. پەقەت قەلبىنىڭ ئىستىربىلكىسى داۋاملىق جانابى ھەقنى كۆرسىتىپ تۇرۇشى كېرەك. يەنى بۇ ئۇلۇغلارغا تەسەررۇپ نامىدىن ۋەسىلە ۋە ۋاستىلىكتىن باشقا بىر پاي بېرىشكە بولمايدۇ.

ئەسلىدە ئۇلارنى ۋەسىلە ۋە ۋاستە بولۇشقا بەلگىلەيدىغىنى يەنىلا جانابى ھەقتۇر. ئۇ خالىمىسا ھېچكىمنىڭ ھېچبىر مەسىلىدە ياردەم قىلىشى ۋە بىر ئىش قىلىشى مۇمكىن ئەمەس. لېكىن ھەق تەجەللى قىلسا ھەر ئىشنى

---

211 - فەتھۇللا گۈلەن، كىچىك دۇنيايىم- 2، زامان گېزىتى 1996- يىلى 11- ئاينىڭ 28- كۈنى. فەتھۇللا گۈلەننىڭ بۇ سۆزى مۇنۇ تور ئادرېسىدىمۇ بار:
http://arsiv.zaman.com.tr/1996/11/28/kose/hocaefendi/index.html

ئاسان قىلىدۇ، يارىتىدۇ، سەۋەبلىرىنى كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە ئاتا قىلىدۇ... مۇقەددەس ۋە ئۇلۇغ روھلار جەسەت قەپىسىدىن قۇتۇلغاندا خۇددى بىر پەرىشتە ھالىتىگە كېلىدۇ... يەنە كېلىپ بۇلاردىن جانلىرىنى ئۇلۇغ، يۈكسەك بىر غايە ۋە دەۋاغا ئاتىغانلار ئۆزلىرى بىلەن ئوخشاش پىكىردىكى كىشىلەرگە ئاللاھنىڭ رۇخستى بىلەن داۋاملىق ياردەم بېرىدۇ، ئۇلارغا ئارقا تېرەك بولىدۇ ۋە ئۇلارنى قوغدايدۇ. لېكىن يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكىنىمدەك پىكىر بىرلىكى شەرتتۇر».

ئىيسانى ئاللاھ دەيدىغان كاتولىكلارمۇ ئوخشاش ئىپادىلەرنى ئىشلىتىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئىيسا ئۆزى خالىغانچە بىر ئىش قىلالمايدۇ. ئۇ ھەر نەرسىنى ئۆزىنى ئەۋەتكەن ئاتىدىن ئالىدۇ[212]. ھازىر ئۇ ئاتىنىڭ يېنىدا خرىستىئانلارنىڭ ئادۋۇكاتلىقىنى قىلماقتا. ئۇ ئۇلارنىڭ پايدىسىغا ۋەسىلە بولۇش ئۈچۈن دائىم تىرىكتۇر، ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا داۋاملىق ھازىر تۇرماقتىدۇر» [213]. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

**«يُولِجُ اللَّيْلَ فِي النَّهَارِ وَيُولِجُ النَّهَارَ فِي اللَّيْلِ وَسَخَّرَ الشَّمْسَ وَالْقَمَرَ كُلٌّ يَجْرِي لِأَجَلٍ مُسَمًّى ذَلِكُمُ اللَّهُ رَبُّكُمْ لَهُ الْمُلْكُ وَالَّذِينَ تَدْعُونَ مِنْ دُونِهِ مَا يَمْلِكُونَ مِنْ قِطْمِيرٍ . إِنْ تَدْعُوهُمْ لَا يَسْمَعُوا دُعَاءَكُمْ وَلَوْ سَمِعُوا مَا اسْتَجَابُوا لَكُمْ وَيَوْمَ الْقِيَامَةِ يَكْفُرُونَ بِشِرْكِكُمْ وَلَا يُنَبِّئُكَ مِثْلُ خَبِيرٍ»**

«ئاللاھ كېچىنى كۈندۈزگە قوشۇپ كۈندۈزنى ئۇزارتىدۇ، كۈندۈزنى كېچىگە قوشۇپ كېچىنى ئۇزارتىدۇ. ئاللاھ كۈننى ۋە ئاينى بويسۇندۇرغان. ئۇلارنىڭ ھەر بىرى بەلگىلەنگەن بىر مۇددەتكە قەدەر ئۆز ئوربىتىسىدا ھەرىكەت قىلىدۇ. ئەنە شۇ ئاللاھتۇر، سىلەرنىڭ رەببىڭلاردۇر، ھەر نەرسىنىڭ

[212]- كاتولىك چېركاۋى دىن ۋە ئەخلاق ئاساسلىرى، 859- پاراگراف.

[213]- كاتولىك چېركاۋى دىن ۋە ئەخلاق ئاساسلىرى، 519- پاراگراف.

ئىگىسىدۇر. سىلەرنىڭ ئاللاھنى قويۇپ دۇئا قىلىۋاتقان زاتلىرىڭلار قىلچىلىك نەرسىگىمۇ ئىگە ئەمەس.

ئۇلارغا دۇئا قىلساڭلار دۇئايىڭلارنى ئاڭلىمايدۇ، ئاڭلىغان تەقدىردىمۇ ئىجابەت قىلالمايدۇ. ئۇلار قىيامەت كۈنى سىلەرنىڭ ئۇلارنى ئاللاھقا شېرىك قىلغانلىقىڭلارنى رەت قىلىدۇ. ھېچكىم ساڭا ھەر نەرسىدىن خەۋەردار زاتتەك خەۋەر بېرەلمەيدۇ»ـ فاتىر 35/13ـ14.

**«قُلْ مَنْ يُنَجِّيكُمْ مِنْ ظُلُمَاتِ الْبَرِّ وَالْبَحْرِ تَدْعُونَهُ تَضَرُّعًا وَخُفْيَةً لَئِنْ أَنْجَانَا مِنْ هَذِهِ لَنَكُونَنَّ مِنَ الشَّاكِرِينَ. قُلِ اللَّهُ يُنَجِّيكُمْ مِنْهَا وَمِنْ كُلِّ كَرْبٍ ثُمَّ أَنْتُمْ تُشْرِكُونَ»**

«ئېيتقىنكى: ‹سىلەرنى قۇرۇقلۇقنىڭ ۋە دېڭىزنىڭ قاراڭغۇلۇقلىرىدىن كىم قۇتقۇزىدۇ؟ ئەگەر ئاللاھ بىزنى بۇنىڭدىن قۇتقۇزسا چوقۇم شۈكۈر قىلغۇچىلاردىن بولىمىز، دەپ ئاللاھقا ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن دۇئا قىلىسىلەر ›. ئېيتقىنكى: ‹سىلەرنى پەقەت ئاللاھ ئۇلاردىن ۋە بارلىق قىيىنچىلىقلاردىن قۇتقۇزىدۇ، ئاندىن سىلەر ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرىسىلەر ›»ـ ئەنئام 6/63ـ64.

**«فَإِذَا رَكِبُوا فِي الْفُلْكِ دَعَوُا اللَّهَ مُخْلِصِينَ لَهُ الدِّينَ فَلَمَّا نَجَّاهُمْ إِلَى الْبَرِّ إِذَا هُمْ يُشْرِكُونَ»**

«ئۇلار كېمىگە چىققان چاغلىرىدا، ئاللاھقا چىن يۈرەكتىن دۇئا قىلىدۇ. لېكىن ئاللاھ ئۇلارنى قۇتقۇزۇپ قۇرۇقلۇققا چىقىرىپ قويسا دەرھال شېرىك كەلتۈرىدۇ»ـ ئەنكەبۇت 29/65.

ھەمزىگە ئوخشاش شېھىتلارنىڭ ئۆلمىگەنلىكىنى ئىسپاتلىماقچى بولغانلار مۇنۇ ئايەتنى دەلىل قىلىشىدۇ:

**«وَلَا تَقُولُوا لِمَنْ يُقْتَلُ فِي سَبِيلِ اللَّهِ أَمْوَاتٌ بَلْ أَحْيَاءٌ وَلَكِنْ لَا تَشْعُرُونَ»**

«ئاللاھنىڭ يولىدا ئۆلتۈرۈلگەنلەرنى ئۆلۈكلەر دېمەڭلار، بەلكى ئۇلار ‹تىرىكلەردۇر. لېكىن سىلەر ھېس قىلالمايسىلەر»ـ بەقەرە 154/2.

ئاللاھ «سىلەر ھېس قىلالمايسىلەر» دېگەنلىكىگە قارىغاندا بىزنىڭ بۇ ھەقتە بىر نەرسە دېيىشىمىز توغرا ئەمەس. ئۇلاردىكى تىرىكلىك ئىنسانلار بىلەلەيدىغان بىر تىرىكلىك بولغان بولسا ئىدى، ئالدى بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى بىلگەن ۋە تاغىسى ھەمزىنىڭ ۋاپاتىغا ئۇنچىۋالا قايغۇرۇپ كەتمىگەن بولاتتى. ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەمزە ۋاپات بولغاندىكى روھىي ھالىتىنى رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «بىز ئۇنىڭ ھەمزىگە يىغلىغانچىلىك باشقا بىر ئىشقا يىغلىغانلىقىنى كۆرمىدۇق. ئۇنى قىبلە تەرەپكە قارىتىپ ياتقۇزدى، ئۇنىڭ باش تەرىپىگە كېلىپ توختىدى ۋە ئۆكسۈپ يىغلاپ كەتتى»[214].

ماۋزۇ بىلەن مۇناسىۋەتلىك باشقا ئايەتلەر تۆۋەندىكىچە:

**«وَلَا تَحْسَبَنَّ الَّذِينَ قُتِلُوا فِي سَبِيلِ اللَّهِ أَمْوَاتًا بَلْ أَحْيَاءٌ عِنْدَ رَبِّهِمْ يُرْزَقُونَ. فَرِحِينَ بِمَا آتَاهُمُ اللَّهُ مِنْ فَضْلِهِ وَيَسْتَبْشِرُونَ بِالَّذِينَ لَمْ يَلْحَقُوا بِهِمْ مِنْ خَلْفِهِمْ أَلَّا خَوْفٌ عَلَيْهِمْ وَلَا هُمْ يَحْزَنُونَ. يَسْتَبْشِرُونَ بِنِعْمَةٍ مِنَ اللَّهِ وَفَضْلٍ وَأَنَّ اللَّهَ لَا يُضِيعُ أَجْرَ الْمُؤْمِنِينَ»**

«ئاللاھ يولىدا ئۆلتۈرۈلگەنلەرنى ‹ئۆلۈكلەر› دەپ ئويلىما! بەلكى ئۇلار رەببىنىڭ دەرگاھىدا تىرىكلەردۇر، بېرىلگەن رىزىقتىن بەھرىمەن بولماقتىدۇر،

---

[214]ـ سەفىيۇررەھمان ئەلمۇبارەكفورى، ئەررەھىقۇلمەختۇم، بېيرۇت 1988/1408، 255 ـ 256ـ بەت.

ئاللاھ ئاتا قىلغان نېمەتلەر بىلەن خۇرسەن بولماقتىدۇر، ئارقىلىرىدىن يېتىشمىگەن مۇجاھىدلارغا: ‹سىلەرگە قورقۇنچمۇ يوقتۇر، غەم-قايغۇمۇ يوقتۇر › دەپ خۇش خەۋەر بېرىشنى ئارزۇ قىلىدۇ.

ئۇلار يەنە ئۇ مۇجاھىدلارغا ئاللاھنىڭ ئاللاھنىڭ نېمىتى، پەزلى ۋە ئاللاھنىڭ مۇئمىنلەرنىڭ ئەجرىنى زايە قىلىۋەتمەيدىغانلىقى بىلەن خۇش خەۋەر بېرىشنى ئارزۇ قىلىدۇ»- ئال ئىمران 169/3-171.

بىز مەزكۇر ئايەتنىڭ ئاخىرىدىكى « **لېكىن سىلەر ھېس قىلالمايسىلەر**» دېگەن ھۆكۈمنىڭ يوق ئىكەنلىكىنى ۋە ياخشى مۇئمىنلارنىڭ ئۇلارنىڭ تىرىكلىكىنى بىلگەنلىكىنى پەرەز قىلايلى. بۇ ئەھۋالدا بىلىنىدىغان نەرسە ئۇ شېھىتلەرنىڭ نېمەتلەر ئىچىدە ياشاۋاتقانلىقىدۇر، خالاس. بۇ ئۇلارنىڭ ئىنسانلارغا ياردەم قىلىشىغا دەلىل بولالمايدۇ. ئۇلاردىن ياردەم تىلىگەنلەرنىڭ ئەھۋالى مۇنۇ ئايەتتە بايان قىلىنغاندىن ئەھۋالدىن باشقىسى ئەمەس:

**«وَمَنْ أَضَلُّ مِمَّن يَدْعُو مِن دُونِ اللَّهِ مَن لَّا يَسْتَجِيبُ لَهُ إِلَى يَوْمِ الْقِيَامَةِ وَهُمْ عَن دُعَائِهِمْ غَافِلُونَ »**

«ئاللاھنى قويۇپ قىيامەتكىچە دۇئاسىنى ئىجابەت قىلالمايدىغان كىشىلەرگە دۇئا قىلىدىغان ئادەمدىنمۇ ئازغۇن ئادەم بارمۇ؟ ھالبۇكى، ئۇ كىشىلەر بۇلارنىڭ دۇئاسىدىن خەۋەرسىزلەردۇر»- ئەھقاف 5/46.

مەككە مۇشرىكلىرىمۇ ئۆزلىرى تەگرىلىرىدە بار دەپ قارىغان كۈچنى ئۇلارغا ئاللاھنىڭ بەرگەنلىكىگە ئىشىنەتتى. ئۇلار كەبىنى تاۋاپ قىلىۋېتىپ مۇنداق دەيتتى:

**«لَبَّيْكَ لاَ شَرِيْكَ لَكَ إِلاَّ شَرِيْكٌ هُوَ لَكَ تَمْلِكُهُ وَ مَا مَلَكَ»**

«لەببەيك لا شەرىيكە لەك ئىللا شەرىكەن هۇۋە لەك تەملىكۇهۇ ۋە ما مەلەك»

«خوش، مەن ئەمرىڭنى بەجا كەلتۈرۈشكە هازىرمەن ئى ئاللاھ! سېنىڭ هېچ شېرىكىڭ يوق، پەقەتلا بىر شېرىكىڭ بار، ئۇ ۋە ئۇ ئىگە بولغان هەممە نەرسە سېنىڭ ئىلكىڭدە ئى ئاللاھ!»

بۇ ئۇلارنىڭ دەلىلسىز بىر دەۋاسى ئىدى. بۇنى بىزگە نەقىل قىلغان ئىبنى ئاببىاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ئۇلار «لەببەيك لا شەرىيكە لەك ـ خوش، مەن ئەمرىڭنى بەجا كەلتۈرۈشكە هازىرمەن ئى ئاللاھ! سېنىڭ هېچ شېرىكىڭ يوق» دېگەن ۋاقىتلىرىدا مۇهەممەد ئەلەيهىسسالام: «ئىسىت سىلەرگە! بۇ يەردە توختىتىڭلار، بۇ يەردە توختىتىڭلار» دەيتتى[215].

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

**«قُلْ مَنْ يَرْزُقُكُمْ مِنَ السَّمَاءِ وَالْأَرْضِ أَمَّنْ يَمْلِكُ السَّمْعَ وَالْأَبْصَارَ وَمَنْ يُخْرِجُ الْحَيَّ مِنَ الْمَيِّتِ وَيُخْرِجُ الْمَيِّتَ مِنَ الْحَيِّ وَمَنْ يُدَبِّرُ الْأَمْرَ فَسَيَقُولُونَ اللَّهُ فَقُلْ أَفَلَا تَتَّقُونَ. فَذَلِكُمُ اللَّهُ رَبُّكُمُ الْحَقُّ فَمَاذَا بَعْدَ الْحَقِّ إِلَّا الضَّلَالُ فَأَنَّى تُصْرَفُونَ»**

«ئى مۇهەممەد! ئېيتقىنكى: ‹سىلەرگە ئاسماندىن، زېمىندىن رىزىق بېرىۋاتقان كىمدۇر؟ سىلەرنىڭ ئاڭلاش ۋە كۆرۈش قابىلىيىتىڭلارنى باشقۇرۇۋاتقان كىمدۇر؟ تىرىكنى ئۆلۈكتىن چىقىرىۋاتقان، ئۆلۈكنى تىرىكتىن

---

[215] ـ مۇسلىم، هەج 22، هەدىس نومۇرى 1185.

چىقىرىۋاتقان كىمدۇر؟ پۈتۈن ئىشلارنى ئىدارە قىلىۋاتقان كىمدۇر؟ › ئۇلار چوقۇم ‹ئاللاھتۇر› دەيدۇ. ئېيتقىنكى: ‹ئۇنداقتا قورقمامسىلەر؟

ئەنە شۇ ئاللاھتۇر. سىلەرنىڭ ھەقىقىي رەببىڭلاردۇر. ھەقتىن كېيىن ئازغۇنلۇقتىن باشقا نېمە بار؟ سىلەر قانداقمۇ بۇرۇلۇپ كېتىدىغانسىلەر؟›»ـ يۇنۇس 10/31ـ32.

بىزنى مەركىزىي ھۆكۈمەت تەرىپىدىن بەلگىلىگەن كىشىلەر باشقۇرىدۇ. مەسىلەن: ۋالىي دۆلەت ۋە ھۆكۈمەتكە ۋەكىللىك قىلىدۇ. بەزىلەر ئۆزلىرى ئاللاھقا يېقىن كۆرگەن بەزى كىشىلەرنى ئاللاھ بەلگىلەپ ھوقۇق بەرگەن كىشىلەر دەپ قارايدۇ. قولىدا خىزمەتكە تەيىنلەنگەن بەلگىسى بولمىغان كىشىنى ۋالىي ھېسابلاش مەركىزىي ھۆكۈمەتكە قارشى قانداق ئىسيانكارلىق ھېسابلانسا، ئاللاھ بەرگەن بىر بەلگە ئاساسلانماستىن بەزى كىشىلەرنى ئاللاھقا ئائىت خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە دەپ قاراشمۇ ئاللاھقا قارشى شۇنداق ئىسيانكارلىق ھېسابلىنىدۇ.

ھەمزىنى، ئابدۇلقادىر جەيلانىينى ياكى باشقا بىرىنى ياردەم قىلىشقا چاقىرغانلار بىلەن زامان-زامان ئوتتۇرىمىزدا تۆۋەندىكىدەك مۇنازىرىلەر بولۇپ تۇرىدۇ. بىر قېتىملىق مۇنازىرىمىز مۇنداق:

**مەن**ـ ئۇلار سىلەرنى تونۇمدۇ؟ دېدىم،

**ئۇ**ـ ئاللاھ تونۇتالامدۇ؟ دېدى.

**مەن**ـ ئۇلار سۆزلىرىڭلارنى ئاڭلىيالامدۇ؟ دېدىم،

**ئۇ**ـ ئاللاھ ئاڭلىتالامدۇ؟ دېدى.

**مەن**ـ ئۇلار تىلىكىڭلارنى بىلەمدۇ؟ دېدىم

**ئۇ**ـ ئاللاھ ئۆگىتەلمەمدۇ؟ دېدى.

**مەن**- خوش، ئۇلار ئۆلمىگەنمۇ؟ دېدىم،

**ئۇ**- ئۇلار ئۆلمەيدۇ دېسەم، يۇقىرىدا سەن ئوقۇغان ئايەتكە ئاساسەن بۇنىڭ بىر پايدىسى يوق، دېدى.

**مەن ئېيتتىم**- دېمەك، ئاللاھ تائالا ئالدى بىلەن ئۇلارنى تىرىلدۈرىدۇ، ئاندىن كېيىن سىلەرنى ئۇنىڭغا تونۇشتۇرىدۇ، ئاۋازىڭلارنى ئىشتتۈرىدۇ، تىلىڭلارنى ئۆگىتىدۇ ۋە سۆزۈڭلارنى چۈشىنىشلىرىنى تەمىن قىلىدۇ. ئاخىرىدا سىلەرنىڭ مەنپەئەتىڭلار ئۈچۈن ۋەسىلە بولۇشىغا، ئۆزىنىڭ ئالدىدا سىلەرنى ئاقلىشىغا يول قويىدۇ. سىلەرچە ئۇن مىڭلارچە كىشى ئوخشاش بىرلا ۋاقىتتا ئۇ كاتتا زاتلارغا ئىلتىجا قىلماقتا ۋە ئۇلاردىن ياردەم تىلىمەكتە. بۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ دەردىنى بىر بىرلەپ ئاڭلىشى ۋە رەتلەپ چىقىشى لازىم. بۇنداق ئىشنىڭ بولۇشى پەقەت خىيال دۇنياسىدىلا مۇمكىن!

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

**«إِنَّ الَّذِينَ تَدْعُونَ مِنْ دُونِ اللَّهِ عِبَادٌ أَمْثَالُكُمْ فَادْعُوهُمْ فَلْيَسْتَجِيبُوا لَكُمْ إِنْ كُنْتُمْ صَادِقِينَ. أَلَهُمْ أَرْجُلٌ يَمْشُونَ بِهَا أَمْ لَهُمْ أَيْدٍ يَبْطِشُونَ بِهَا أَمْ لَهُمْ أَعْيُنٌ يُبْصِرُونَ بِهَا أَمْ لَهُمْ آذَانٌ يَسْمَعُونَ بِهَا قُلِ ادْعُوا شُرَكَاءَكُمْ ثُمَّ كِيدُونِ فَلَا تُنْظِرُونِ. إِنَّ وَلِيِّيَ اللَّهُ الَّذِي نَزَّلَ الْكِتَابَ وَهُوَ يَتَوَلَّى الصَّالِحِينَ. وَالَّذِينَ تَدْعُونَ مِنْ دُونِهِ لَا يَسْتَطِيعُونَ نَصْرَكُمْ وَلَا أَنْفُسَهُمْ يَنْصُرُونَ»**

«شۈبھىسىزكى، سىلەر ئاللاھ بىلەن ئۆزۈڭلارنىڭ ئارىسىغا قويۇپ دۇئا قىلىۋاتقان كىشىلەر سىلەرگە ئوخشاش بەندىلەردۇر. ئەگەر راستچىل بولساڭلار ئۇلارنى چاقىرىپ بېقىڭلار، سىلەرگە جاۋاب قايتۇرۇپ باقسۇن.

ئۇلارنىڭ ماڭىدىغان پۇتلىرى بارمۇ؟ ياكى ئۇلارنىڭ تۇتىدىغان قوللىرى بارمۇ؟ ياكى ئۇلارنىڭ كۆرىدىغان كۆزلىرى بارمۇ؟ ياكى ئۇلارنىڭ ئىشىتىدىغان

قۇلاقلىرى بارمۇ؟ ئېيتقىنكى: ‹شېرىكلىرىڭلارنى چاقىرىڭلار، ئاندىن كېيىن ماڭا سۇيىقەست قىلىڭلار، ماڭا پۇرسەت بەرمەڭلار›.

شۈبھىسىزكى، مېنىڭ ئىگەم بۇ كىتابنى نازىل قىلغان ئاللاھدۇر. ئۇ ياخشىلارنى دوست تۇتىدۇ.

سىلەر ئۇنىڭ بىلەن ئۆزۈڭلارنىڭ ئارىسىغا قويۇپ دۇئا قىلىۋاتقان كىشىلەر سىلەرگە ياردەم بېرىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئۆزلىرىگىمۇ ياردەم بېرەلمەيدۇ»ـ ئەئراف 7/194ـ197.

### 3) ماھمۇت غوجا[216]

بۇ زات بىلەن ئوتتۇرىمىزدا مۇنداق بىر مۇنازىرە بولۇپ ئۆتكەن ئىدى:

**ماھمۇت غوجا:** سەن نېمە دېسەڭ دەۋەر، بىز ئەۋلىيالارنىڭ ۋە بۈيۈك ماشايىخلارنىڭ روھلىرىنىڭ ئاللاھ بىلەن بەندىلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا ۋەسىلە بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىمىز. ئۇلارنىڭ روھلىرىدىن مەدەت تىلەيمىز ياردەم سورايمىز.

**بايىندىر:** خوش، ئۇنداقتا «**وَإِيَّاكَ نَسْتَعِينُ** (ئى ئاللاھ! بىز پەقەت سەندىنلا ياردەم تىلەيمىز)» دېگەن ئايەت نەدە قالدى؟ بۇ ئايەتنى ھەر كۈنى نامازدا ئەڭ ئاز بولغاندا قىرىق قېتىم ئوقۇيمىز. بۇنىڭ سەۋەبى نېمىدۇ؟

ئاللاھ تەئالا يەنە بىر ئايەتتە مۇنداق دەيدۇ:

---

[216]ـ ماھمۇت غوجا ئىستانبۇلنىڭ فاتىھ رايونىدىكى ئىسمائىل ئاغا جامەسىنىڭ دەم ئېلىشقا چىققان ئىمامى بولۇپ، ئەسلى ئىسىم فامىلىسى ماھمۇت ئۇستا ئوسمان ئوغلۇدۇر. ماھمۇت ئەپەندى دەپ بىلىنىدۇ. بۇ زات بىلەن ۋە يېنىدىكى بىر قىسىم تەرەپدارلىرى بىلەن ئېلىپ بارغان مۇنازىرىمىزنىڭ ھەممىسى «قۇرئان نۇرى ئاستىدا تەرىقەتچىلىككە نەزەر» ناملىق كىتابىمىزدا مەۋجۇتتۇر.

«**وَلَقَدْ خَلَقْنَا الْإِنسَانَ وَنَعْلَمُ مَا تُوَسْوِسُ بِهِ نَفْسُهُ وَنَحْنُ أَقْرَبُ إِلَيْهِ مِنْ حَبْلِ الْوَرِيدِ**»

«شۈبھىسىزكى، ئىنساننى بىز ياراتتۇق، بىز ئۇنىڭ كۆڭلىگە كەلگەننى بىلىمىز، بىز ئۇنىڭغا جان تومۇرىدىنمۇ يېقىنمىز»- قاف 16/50.

ئاللاھ بىزگە جان تومۇرىمىزدىنمۇ يېقىن تۇرسا، ئەۋلىيالارنىڭ ۋە ماشايىخلارنىڭ روھلىرى قەيەردە بوشلۇق تېپىپ ئارىغا كىرىدۇ؟

**ماھمۇت غوجا:** ئابدۇلقادىر جەيلانىي ھەزرەتلىرى بىر شېئىرىدا مۇنداق دەيدۇ:

«مۇرىدىم بولسۇن مەيلى مەشرىقتە يا مەغرىبتە

قۇتقۇزىمەن مەن ئۇنى بولسا قايسى شەھەردە»[217].

**باييندىر:** بۇ كۆپلىگەن ئايەتكە ئوچۇقتىن-ئوچۇق خىلاپتۇر. ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ:

«**أَمَّن يُجِيبُ الْمُضْطَرَّ إِذَا دَعَاهُ وَيَكْشِفُ السُّوءَ وَيَجْعَلُكُمْ خُلَفَاء الْأَرْضِ أَإِلَهٌ مَّعَ اللَّهِ قَلِيلاً مَّا تَذَكَّرُونَ**»

«بېشىغا ئېغىرچىلىق كەلگەن كىشى دۇئا قىلسا دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىپ ئۇنىڭ بېشىغا كەلگەن ئېغىرچىلىقنى كىم كۆتۈرۈۋېتىدۇ؟ سىلەرنى كىم زېمىننىڭ ئورۇنباسارلىرى قىلىدۇ؟ ئاللاھ بىلەن بىرلىكتە باشقا بىر ئىلاھ بارمۇ؟ بەكمۇ ئاز ئويلىنىسىلەر!»- نەمل 62/27.

---

[217]- بۇ شېئىر سەئىد نۇرسىنىڭ «سىككەئى تەسدىقى غەيبى» ناملىق كىتابىدىن نەقىل قىلىندى.- رىسالەئى نۇر كۇللىياتى، ئىستانبۇل 1995، 2- توم، 2083- بەت.

**ماھمۇت غوجا:** سەن ئابدۇلقادىر جەيلانىغا ئىشەنمەمسەن؟ ئەگەر ئۇنىڭغا ئىشەنمىسەڭ سەن بىلەن قىلىشىدىغان گېپىمىز يوق.

**بايىندىر:** ئابدۇلقادىر جەيلانىغا ئىشىنىش ئىمانىنىڭ شەرتلىرىدىن ئەمەس. بىز ئۇنىڭدىن ئەمەس، ئاللاھنىڭ كىتابىدىن جاۋابكارلىققا تارتىلىمىز.

بۇ مىساللار ئۆزىنى مۇسۇلمان دەپ يۈرۈيدىغان ئىنسانلارنىڭ ئىسلام دىنى بىلەن قانچىلىك دەرىجىدە زىت بىر ھاياتتا ياشاۋاتقانلىقىنى نامايەن قىلماقتا.

## ك ـ جامائەت شەكىللەندۈرۈش ۋە نۇر جامائىتى

دىنى زات دەپ تونۇلغان بىر كىشى ئادەتتىن تاشقىرى سۆيەتلەر بىلەن سۆيەتلەنسە، ئىنسانلارنى ئۇنىڭ ئەتراپىدا جۇغلاش ئاسان بولىدۇ. جۇغلانغانلارنىڭ ئارىسىدا ئۇنىڭ ئاللاھقا يېقىن ئىكەنلىكىنى تەكىتلەپ ئۇلار ئۇنىڭ ۋەسىلە ۋە شاپائەتچى بولىدىغانلىقىغا ئىشەندۈرىلىدۇ. ئاندىن ئۇنىڭ ئاللاھنىڭ ئىلھام قىلىشى بىلەن يازغانلىقى دەۋا قىلىنىدىغان كىتابلار ئوتتۇرىغا چىقىرىلىدۇ. مۇشۇنداق ئۇسۇل بىلەن ئايرىم نامى، ئايرىم رەھبىرى ۋە ئۆزلىرىگە خاس كىتابلىرى بار بىر جامائەت شەكىللىنىدۇ. ئاندىن ئاستا-ئاستا ئىنسانلارنى مەپتۇن قىلىدىغان تاتلىق سۆزلەر سۆزلىنىشكە باشلىنىدۇ. ئاخىرىدا بۇ جامائەتكە كىرمىگەنلەرنىڭ نىجاتلىققا ئېرىشەلمەيدىغانلىقى دەۋا قىلىنىدۇ.

كاتولىك چېركاۋى مانا مۇشۇنداق شەكىللەنگەن بىر خرىستىيان جامائەتتۇر. چېركاۋ بىلەن جامە ۋە مەسجىدلەر بىر-بىرىگە ھەرگىزمۇ ئوخشىمايدۇ. جامە ۋە مەسجىدلەر ئىبادەت ئورنىدۇر. لېكىن چېركاۋ جانلىق بىر بارلىق، ئىيسانىڭ سىرلىق بەدىنى ۋە تۆۋەندىن يۇقىرىغا بىر-بىرىگە باغلىق زەنجىرسىمان ئورگانلاردىن تەركىپ تاپقان بىر جەمئىيەت دەپ قارىلىدۇ.[218] ئۇلارنىڭ كۆز قارىشىدا چېركاۋ يېگانىدۇر، مۇقەددەستۇر ۋە كاتولىكتۇر.[219] چېركاۋنىڭ يالغۇز بىرلا رەببى ۋە بىرلا ئىمامى بار. يالغۇز بىرلا چۆمۈلدۈرۈشتىن تۇغۇلىدۇ. يېگانە بىر ئۈمىد بىلەن يېگانە بىر روھ تەرىپىدىن جان ئاتا قىلىنغان يېگانە بىر بەدەندۇر.[220]

[218] ـ كاتولىك چېركاۋى دىن ۋە ئەخلاق ئاساسلىرى، 779ـ پاراگراف.
[219] ـ كاتولىك چېركاۋى دىن ۋە ئەخلاق ئاساسلىرى، 846ـ پاراگراف.
[220] ـ كاتولىك چېركاۋى دىن ۋە ئەخلاق ئاساسلىرى، 866ـ پاراگراف.

كاتولىك چېركاۋى پۈتۈن ئىنسانىيەتنى ئىسا مەسىھنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ئۇنىڭ روھىنىڭ بىرلىكىدە، ئۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان ياخشىلىقلار بىلەن بىرلىكتە بىر يەردە جۇغلاشقا تىرىشماقتا[221].

كاتولىكلارنىڭ دىنىي ئەنئەنە دەيدىغان ئۆزگىچە كىتابلىرى بار. ئۇلار بۇ كىتابلارنىڭ مۇقەددەس روھنىڭ جانلىق پائالىيىتى نەتىجىسىدە يەنى ۋەھيي ئارقىلىق شەكىللەنگەنلىكىگە ئىشىنىدۇ. ئۇلار ئۇ كىتابلارغا تەۋرات ۋە ئىنجىل بىلەن ئوخشاش مەنبەدىن كەلگەن دەپ ئىشەنگەنلىكلىرى ئۈچۈن بۇ كىتابلارنى تەۋرات ۋە ئىنجىل بىلەن ئوخشاش دەپ قارايدۇ[222].

كاتولىكلار «كاتولىك چېركاۋىغا كىرمىگەن ئىنسان نىجاتلىققا ئېرىشەلمەيدۇ»[223] دەپ ئېتىقاد قىلىدۇ.

نۇرچىلارمۇ مۇشۇنداق پىكىر ئاساسىدا مەيدانغا كەلگەن بىر جامائەتتۇر. ئالدى بىلەن سەئىد نۇرسىيغا ئادەتتىن تاشقىرى خۇسۇسىيەتلەر ئويدۇرۇپ چىقىلىپ، ئۇنىڭ مۇجەددىد، مەھدى، كۈتۈلگەن ئىسا ۋە غەۋسلئەزەم ئىكەنلىكى، فەردىيەت (بىرلىك) ماقامىدا ئىكەنلىكى، «ھەقىقەتى مۇھەممەدىيە» نىڭ ئۇنىڭدا تەجەللىي قىلغانلىقى (كۆرۈنگەنلىكى) ۋە نۇرچىلارغا شاپائەت قىلىدىغانلىقى دەۋا قىلىنغان. ئاندىن رىسالەئى نۇرلار مۇقەددەسلەشتۈرۈلگەن. ئاخىرىدا نىجاتلىقنىڭ پەقەتلا نۇر جامائىتىگە ئەزا بولۇشتا ئىكەنلىكى ئوتتۇرىغا قويۇلغان. شۇنىڭ بىلەن پەرقلىق بىر ئىسمى، مۇستەقىل بىر كىتابى ۋە ئايرىم بىر يولباشچىسى بولغان يېڭى بىر جامائەت ئوتتۇرىغا چىققان. ئەمدى بۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋەتلىك دەۋالار ئۈستىدە توختىلىمىز:

---

[221]ـ كاتولىك چېركاۋى دىن ۋە ئەخلاق ئاساسلىرى، 831ـ پاراگراف.
[222]ـ كاتولىك چېركاۋى دىن ۋە ئەخلاق ئاساسلىرى، 7782ـ پاراگراف.
[223]ـ كاتولىك چېركاۋى دىن ۋە ئەخلاق ئاساسلىرى، 846ـ پاراگراف.

## 1 ـ سەئىد نۇرسىي ھەققىدە ئويدۇرۇپ چىقىرىلغان ئالاھىدىلىكلەر

نۇرغۇنلىغان تەرىقەتلەردە بولغان «نۇرى مۇھەممەدىي» ۋە «ھەقىقەتى مۇھەممەدىيە» ئېتىقادى نۇرچىلاردىمۇ بار. سەئىد نۇرسىي ئۆزىنىڭ ھەقىقەتى مۇھەممەدىيەگە ۋەكىلىك قىلىدىغانلىقىنى ۋاستىلىك ھالدا ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئۇنىڭ پىكرىچە رىسالەئى نۇرلارنىڭ ئاساسى مەنبەسى نۇرى مۇھەممەدىيدۇر. ئۆزى بولسا، ئۇ رىسالىلەرنىڭ مەنىۋى كىشىلىكىدۇر[224]. بۇنىڭ مەنىسى ـ نۇرى مۇھەممەدىيىگە، يەنى ھەقىقەتى مۇھەممەدىيەگە مەن ۋەكىللىك قىلىمەن، دېگەن بولىدۇ. رىسالەئى نۇرلاردا سەئىد نۇرسىينىڭ بۇ خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدىغان ئىپادىلەر بار.

### ئا ـ فەردىيەت (بىرلىك) ماقامىدا بولغانلىقى دەۋاسى

ئاللاھ بىلەن ھەقىقەتى مۇھەممەدىيە بىر ھەقىقەتنىڭ ئالدى ۋە ئارقا يۈزلىرى ھېسابلانغانلىقى ئۈچۈن ھەقىقەتى مۇھەممەدىيەگە ۋەكىللىك قىلغان كىشى «فەردىيەت (بىرلىك)» ماقامىدا دەپ قوبۇل قىلىنىدۇ. سەئىد نۇرسىي ئۆزىنىڭ «فەردىيەت (بىرلىك)» ماقامىدا ئىكەنلىكىنى شۇ سۆزلىرى بىلەن بايان قىلماقتا:

«ئاشكارىلاش خىيالىمدىنمۇ كەچمىگەن بىر سىرنى ئاشكارىلاشقا مەجبۇر بولۇپ قالدىم. مەسىلە مۇنداق:

رىسالەئى نۇرنىڭ مەنىۋى كىشىلىكى (يەنى مەن سەئىد نۇرسىي) ۋە ئۇنىڭ ئۆزىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان خۇسۇسىي شاگىرتلىرىنىڭ مەنىۋىي

---

[224]ـ ئەمىرداغ لاھىقەسى، (1) مەكتۇپ نومۇرى: 71، رىسالەئى نۇر كۈللىياتى 2ـ جىلد، 1725ـ بەت.

كىشىلىكلىرى فەردىيەت يەنى بىرلىك ماقامى بىلەن شەرەپلەنگەنلىكى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئۈستىدە بىر رايوننىڭ قۇتبىنىڭمۇ، زامانىنىڭ كۆپ قىسمىنى ھىجازدا ئۆتكۈزگەن قۇتبى ئەزەمنىڭمۇ (چوڭ قۇتۇبنىڭ) ھېچقانداق ھوقۇقى يوقتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنىڭ قۇتبى ئەزەمنىڭمۇ بۇيرۇقى ئاستىغا كىرىش مەجبۇرىيىتى يوق. ئۇلار ھەر دەۋردە بار بولغان ئىككى ئىمامغا ئوخشاش ئۇنى تونۇشقا مەجبۇر بولمايدۇ. مەن ئىلگىرى رىسالەئى نۇرنىڭ مەنىۋى كىشىلىكىنى (يەنى مەن سەئىد نۇرسىينى) ئۇ ئىماملاردىن بىرى دەپ قارايتتىم. ھازىر چۈشەندىمكى، رىسالەئى نۇرنىڭ مەنىۋى كىشىلىكى (يەنى مەن سەئىد نۇرسي) غەۋسلىئەزەم، ھەم قۇتۇب ھەم غەۋس ھەمدە «فەردىيەت ( بىرلىك)» ماقامىدا بولغانلىقى ئۈچۈن، ئاخىر زاماندا ئۇنىڭ شاگىرتلىرى باغلىق بولغان رىسالەئى نۇر، ئۇ «فەردىيەت (يەككە- يېگانىلىك)» ماقامى بىلەن شەرەپلەندۈرۈلگەن. مەخپىي تۇتۇشقا لايىق بۇ چوڭ سىرغا ئاساسەن، مەككە مۇكەررەمەدە ھېچ كۈتۈلمىگەن بىر ھادىسە يۈز بەرسىمۇ رىسالەئى نۇرغا قارشى قۇتبى ئەزەمدىن بىر ئېتىراز كەلسە، رىسالەئى نۇر شاگىرتلىرى تەۋرەپ كەتمەسلىكى، ئۇ مۇبارەك قۇتبى ئەزەمنىڭ ئېتىرازىنى بىر ئىلتىپات ۋە سالام دەپ قارىشى، ئۇنىڭ ئېتىبارىنى قازىنىش ئۈچۈن ئېتىراز مەركەزلەشكەن نۇقتىلارنى كاتتا ئۇستازلىرىغا سۆزلەپ بېرىشلىرى ۋە ئۇلارنىڭ قوللىرىغا سۆيۈشلىرى لازىم»[225].

تەرىقەتچىلەرنىڭ قارىشىدا قۇتۇب- ئەڭ چوڭ ئەۋلىيادۇر. ئۇ ئاللاھقا يەتكەن كىشىلەرنىڭ بېشى ۋە ئاللاھنىڭ رۇخستى بىلەن كائىناتتا تەسەررۇپ ئىگىسىدۇر. يەنى كائىناتنى باشقۇرۇشتا ھوقۇق ئىگىسىدۇر.

---

[225]- كاستامونۇ لاھىقىسى مەكتۇپ نومۇرى: 121، رىسالەئى نۇر كۈللىياتى 2- جىلد، 1644- بەت.

قۇتۇپتىن كېيىن كېلىدىغان ئىككى كىشى «ئىمامەيىن (ئىككى ئىمام)» دېيىلىدۇ. بۇلارنىڭ بىرى «ئىمامى يەمىن (ئوڭ تەرەپتىكى ئىمام)»، يەنە بىرى «ئىمامى يەسار (سول تەرەپتىكى ئىمام)» دېيىلىدۇ. ئىمامى يەمىن قۇتۇپنىڭ ھۆكۈملىرىگە، ئىمامى يەسار بولسا ئۇنىڭ ماھىيىتىگە مەزھەردۇر226. قۇتۇپ ئۆلسە ئۇنىڭ ئورنىغا ئىمامى يەسار ئۆتىدۇ. ئۈچلەر قۇتۇپ بىلەن ئىككى ئىمامدىن تەركىپ تاپىدۇ[227]. يۇقىرىدا كۆرۈپ ئۆتكىنىمىزدەك، سەئىد نۇرسي ئىلگىرى ئۆزىنى بۇ ئىماملاردىن بىرى دەپ ئويلايدىكەنمىش.

بىردىن كۆپ قۇتۇب بار دەپ قارالغانلىقى ئۈچۈن قۇتۇبلارنىڭ رەئىسى «قۇتبۇلئەقتاب (قۇتۇبلارنىڭ قۇتۇبى)» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ ئۆزىگە سېغىنغانلارغا مەدەت (ياردەم) قىلغۇچى دېگەن مەنىدە غەۋس ياكى غەۋسىلئەزەم دەپمۇ ئاتىلىدۇ. سەئىد نۇرسيمۇ ئۆزىنى غەۋسىلئەزەم دەپ ئاتىغان.

بۇ ئېتىقادنىڭ ئىگىلىرىگە نىسبەتەن قۇتۇب ھەقىقەتى مۇھەممەدىيە تەجەللى قىلغان كىشىدۇر. ھەسەن فەۋزىينىڭ سەئىد نۇرسيغا ئاتاپ يازغان ۋە سەئىد نۇرسي «ناھايىتى پارلاق قەسىدە» دەپ ماختىغان شېئىرىدا بۇ ئىپادىلەر ئىشلىتىلگەن. ئۇ ئىپادىلەر تۆۋەندىكىچە:

«چۈنكى سەن بۇ ئەسىردە رەھمەتەن لىلئالەمىيننىڭ جىلۋىسى،

چۈنكى سەن ئەمدى شەپىئۇل مۇزنەبىيننىڭ ۋارىسى،

ئەغىسنا يا غىياسەل مۇستەغىسىنىڭ دۇئاسى،

---

226ـ يەنى ئىمامى يەمىن قۇتۇپنىڭ ھۆكۈملىرىنىڭ، ئىمامى يەسار ماھىيىتىنىڭ كۆرۈنىدىغان يېرىدۇر.

[227]ـ ھەسەن كامىل يىلماز، ئالتىن ئۇلۇق مەجمۇئەسى، 1995ـ يىلى 12ـ ئاي.

ئەي شوئلەئى رەھمەتى ئالەم رىسالەتۇننۇر[228].

شېئىرنىڭ يەشمىسى مۇنداق:

«چۈنكى سەن بۇ ئەسىردە ئالەمەلەرگە رەھمەت بولغان مۇھەممەدنىڭ كۆرۈنۈشىسەن.

چۈنكى سەن ھازىر گۇناھكارلارغا شاپائەت قىلىدىغان مۇھەممەدنىڭ ۋارىسىسەن،

گۇناھكارلارنىڭ سېنى چاقىرىشى مۇنداق بولىدۇ: «ياردەم قىل بىزگە، ئى مەدەت تىلىگۈچىلەرنىڭ مەدەتكارى!

ئى ئالەمگە رەھمەت مۇھەممەدنىڭ يالقۇنى، نۇر ئەلچىسى!»».

بۇ ماقامنىڭ قۇتبۇلئىرشاد ۋە قۇتبۇلۋۇجۇد دېيىلىدىغان ئىككى تۈرى بار. ئۇلارغا نىسبەتەن قۇتبۇل ئىرشاد پەيغەمبەرلىك ماقامنىڭ ئىچكى يۈزىگە، قۇتبۇلۋۇجۇد بولسا، ھەقىقەتى مۇھەممەدىيەنىڭ ئىچكى يۈزىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ[229]. قۇتبۇل ئىرشاد ھەققىدە ئىمام رەببانىينىڭ سۆزلىرىنى ئىلگىرى سۆزلەپ ئۆتكەنىدۇق. قۇتبۇلۋۇجۇد ھەر دەۋردە پەقەت بىر دانە بولىدۇ، دەپ قوبۇل قىلىنىدۇ. سەئىد نۇرسي ئۆزىنىڭ بۇ ماقامدا ئىكەنلىكىنى دەۋا قىلىدۇ. ئۆزى بۇ ماقامدا بولغانلىقى ئۈچۈن رىسالەئى نۇر شاگىرتلىرىنىمۇ يېنىغا ئالغان بولىدۇ.

ئىككى ئىمامدىن كېيىن يەر يۈزىنىڭ تۆت تەرىپىنى باشقۇرۇۋاتقانلىقى دەۋا قىلىنغان ئەۋتادى ئەربەئە (تۆت تۈۋرۈك)، ئۇلارنىڭ تۆۋىنىدە يەتتە

[228] ـ سىككەئى تەسدىقى غەيبى، رىسالەئى نۇر كۇللىياتى، 2ـ جىلد، 2102ـ بەت.

[229] ـ ھەسەن كامىل يىلماز، «رىجالۇلغەيىب» ئالتىن ئولۇق مەجمۇئەسى، 1995ـ يىلى 12ـ ئاي.

ئەقلىمنى باشقۇرۇۋاتىدۇ، دەپ ئېتىقاد قىلىنغان يەتتىلەرنىڭ (ئابدال، ئاخيار)، خەلققە ياردەم بېرىدۇ، دەپ قارالغان قىرىقلار [230]نىڭ (نۇجەبا) ۋە ئىنسانلارنى كۆزىتىپ كونترول قىلىپ تۇرىدىغانلىقى دەۋا قىلىنغان ئۈچ يۈزلەرنىڭ (نۇقەبا) بارلىقى ئېتىقاد قىلىنىدۇ. سەئىد نۇرسىيغا نىسبەتەن يەر يۈزىنى باشقۇرۇۋاتقانلارنىڭ بېشى بولغان قۇتبى ئەزەمنىڭ ماقامى رىسالەئى نۇر شاگىرتلىرىنىڭ ماقامىدىن خېلىلا تۆۋەن تۇرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار قۇتبى ئەزەمنىڭ ئەمرى ئاستىغا كىرىشكە مەجبۇر ئەمەس. چۈنكى ئۇ رىسالەئى نۇرنى چۈشىنەلمەسلىكى مۇمكىن. بۇنداق بىرىنىڭ رىسالەئى نۇرغا ئېتىراز بىلدۈرۈشى نورمال ئەھۋال. رىسالەئى نۇر شاگىرتلىرى بۇ سەۋەبتىن تەۋرەپ كەتمەسلىكى، ئۇ مۇبارەك قۇتبى ئەزەمنىڭ ئېتىرازىنى بىر ئىلتىپات ۋە سالام دەپ قارىشى، ئېتىبارىنى قازىنىش ئۈچۈن ئېتىراز بىلدۈرگەن نۇقتىلارنى كاتتا ئۇستازلارغا ئىزھار قىلىشى ۋە قوللىرىنى سۆيۈشى لازىم.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

**«وَمِنَ النَّاسِ مَنْ يَتَّخِذُ مِنْ دُونِ اللَّهِ أَنْدَادًا يُحِبُّونَهُمْ كَحُبِّ اللَّهِ وَالَّذِينَ آمَنُوا أَشَدُّ حُبًّا لِلَّهِ وَلَوْ يَرَى الَّذِينَ ظَلَمُوا إِذْ يَرَوْنَ الْعَذَابَ أَنَّ الْقُوَّةَ لِلَّهِ جَمِيعًا وَأَنَّ اللَّهَ شَدِيدُ الْعَذَابِ. إِذْ تَبَرَّأَ الَّذِينَ اتُّبِعُوا مِنَ الَّذِينَ اتَّبَعُوا وَرَأَوُا الْعَذَابَ وَتَقَطَّعَتْ بِهِمُ الْأَسْبَابُ. وَقَالَ الَّذِينَ اتَّبَعُوا لَوْ أَنَّ لَنَا كَرَّةً فَنَتَبَرَّأَ مِنْهُمْ كَمَا تَبَرَّءُوا مِنَّا كَذَلِكَ يُرِيهِمُ اللَّهُ أَعْمَالَهُمْ حَسَرَاتٍ عَلَيْهِمْ وَمَا هُمْ بِخَارِجِينَ مِنَ النَّارِ»**

«ئىنسانلارنىڭ ئارىسىدا شۇنداق كىشىلەرمۇ باركى، ئۇلار بەزى كىشىلەرنى ئاللاھ بىلەن ئوخشاش تۇتىدۇ، ئۇلارنى ئاللاھنى ياخشى كۆرگەندەك ياخشى كۆرىدۇ. مۇئمىنلار بولسا ئاللاھنى بەك ياخشى كۆرىدۇ. ئۇ زالىملار ھازىر

[230] ـ ئۇيغۇرلارنىڭ ئارىسىدا بۇلار «چىلتەنلىرىم» دەپ ئاتىلىدۇ.

پۈتۈن كۈچ-قۇۋۋەتنىڭ ئاللاھقا مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى ۋە ئاللاھنىڭ ئازابىنىڭ قاتتىق ئىكەنلىكىنى ئۆزلىرى ئۇ ئازابنى كۆرىدىغان كۈندە بىلگەندەك بىر بىلگەن بولسا كاشكى.

ئۇ كۈنى يېتەكچىلەر ئەگەشكۈچىلىرىدىن ئادا-جۇدا بولىدۇ، ئازابنى كۆرىدۇ ۋە ئارىلىرىدىكى پۈتكۈل مۇناسىۋەت ئۈزۈلىدۇ،

شۇنىڭ بىلەن ئەگەشكۈچىلەر مۇنداق دەيدۇ: ‹قولىمىزغا بىر پۇرسەت كەلسە، ئۇلار بىزدىن ئادا-جۇدا بولغاندەك بىزمۇ ئۇلاردىن ئادا-جۇدا بولساق ئىدۇق كاشكى!›. ئاللاھ ئۇلارغا پۈتۈن قىلمىشلىرىنى ئەنە شۇنداق ھەسرەتلەر قىلىپ كۆرسىتىدۇ. ئۇلارنىڭ دوزاختىن چىقىشى مۇمكىن ئەمەس»- بەقەرە 165/2-167.

**ب- بەدىئۇززامان بولغانلىقى دەۋاسى**

بەدىئ دېگەن سۆزنىڭ لۇغەتتە ئىككى تۈرلۈك مەنىسى بار: بىرى ئۆرنەكى ۋە ئوخششى يوق نەرسىنى ياراتقۇچى. بۇ پەقەت ئاللاھتىلا بولىدىغان بىر ئالاھىدىلىك بولۇپ، ئايەتتە «**بَدِيعُ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ** (ئاللاھ ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ بەدىئىدۇر)» دېيىلىدۇ. يەنى ئاللاھ تائالا ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ئۆرنەكى ۋە ئوخششى يوق ھالەتتە ياراتقۇچى زاتتۇر.

بەدىئنىڭ ئىككىنچى مەنىسى ئۆرنەكى ۋە ئوخششى بولمىغان بارلىق دېگەن بولىدۇ[231]. بۇنىڭدىن قارىغاندا بەدىئۇززامان بۇ دەۋرنىڭ ئۆرنەكى ۋە ئوخششى يوق، تەڭداشسىز كىشىسى، دېگەن بولىدۇ. بۇنداق خۇسۇسىيەت پەقەتلا ئىنسانى كامىل ۋە ھەقىقەتى مۇھەممەدىيە دېگەن ئۇقۇملارغا ماس

---

[231]- شەمسەددىن سامىي، قامۇسى تۈركىي، ئىستانبۇل 1317 تارىخلىق نۇسخىسىدىن ئوفسېت نەشرى، ئىستانبۇل 1999.

كېلىدۇ. سەئىد نۇرسىي «بەك پارلاق قەسىدە» دەپ ماختىغان بىر شېئىردا ھەسەن فەيزىي ئۇنى مۇنداق چۈشەندۈرىدۇ:

«ئەسلى ئاۋۋىلىسەن بالىنىڭ، شېكەرنىڭ،

دەرياسىسەن ھەممە ئىلىمنىڭ، ھۈنەرنىڭ،

كەلمىدى جاھانغا بۇنداق ئەسەر ئوخشىشىڭ،

ئى مىرئاتى رەھمەتى ئالەم رىسالەتۇننۇر!»[232].

بۇ يەردىكى «رىسالەتۇننۇر» نۇر ئەلچىسى دېمەكتۇر. رىسالەت-ئەلچىلىك دېگەن بولىدۇ. مەسدەرگە ئىسمى فائىل مەنىسىنى بەرگىلى بولغانلىقى ئۈچۈن ئەلچى دېگەن مەنىنىمۇ بىلدۈرىدۇ. رىسالىنىڭ نۇرغۇن يەرلىرىدە رىسالەئى نۇر دېگەن سۆز بىلەن سەئىد نۇرسىينىڭ مەنىۋىي كىشىلىكى مەقسەت قىلىنغان بولغاچقا، ئۇنىڭ «رىسالەتۇننۇر» نى «نۇر ئەلچىسى» دېگەن مەنىدە ئىشلەتكەنلىكى ئېنىقتۇر.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا «بەدىئۇززامان» دېگەن لەقەم ئۇنىڭغا بەك كىچىك يېشىدا ئادەتتىن تاشقىرى ئالاھىدىلىكلەرگە ۋە ئوكيان چوڭقۇرلۇقىدا كاتتا ئىلىمگە ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرگەن ئالىملار تەرىپىدىن بېرىلگەن[233].

**ج- ئالەملەرگە رەھمەت بولغانلىقى دەۋاسى**

ئاللاھ تائالا پەيغەمبىرىمىزگە مۇنداق دەيدۇ:

---

[232]- سىككەئى تەسدىقى غەيبى، رىسالەئى نۇر كۇللىياتى، 2- جىلد، 2102- بەت.
[233]- تارىخچەئى ھايات، دەسلەپكى ھايات، رىسالەئى نۇر كۇللىياتى، 2- جىلد، 2129- بەت.

«وَمَا أَرْسَلْنَاكَ إِلَّا رَحْمَةً لِلْعَٰلَمِينَ»

«بىز سېنى ئالەملەرگە رەھمەت قىلىپ ئەۋەتتۇق»ـ ئەنبىيا 107/21.

ھەسەن فەيزىي بۇ ئايەتنىڭ سەئىد نۇرسىيغا ئىشارەت قىلىدىغانلىقىنى ئالغا سۈرۈپ بىر شېئىر يازغان. بۇ شېئىرنى كۆرگەن سەئىد نۇرسىي مۇنداق دېگەن: «...رىسالەئى نۇر ئۇ ئومۇمىي رەھمەتنىڭ بىر جىلۋىسى ۋە بىر نەمۇنىسى بولغانلىقى ئۈچۈن ھەقىقەتى مۇھەممەدىيەنىڭ بەزى سۈپەتلىرى مەجازىي مەنىدە جۈزئىي بىر ۋارىسىغا بېرىلىشى مۇمكىن دەپ، بۇ پارلاق قەسىدىگە قول تەگكۈزمىدىم. پەقەت ھەقىقەتى مۇھەممەدىيە بىلەن ئۇنىڭ ئەينىكى ئوتتۇرىسىدىكى پەرقكە ئىشارەت قىلىش ئۈچۈن بەزى سۆزلەر ئىلاۋە قىلىندى»[234].

ئۇ شېئىر بەك ئۇزۇن بولغانلىقى ئۈچۈن بىز ئۇنىڭ بەزى بۆلۈملىرىنى نەقىل قىلىش بىلەن كۇپايىلىنىمىز:

«ھۇزۇر ئالماقتا سەن بىلەن بۈگۈن جاھان ئەھلى،
ئى بۇ ئەسىردە ئالەمگە رەھمەت نۇر ئەلچىسى!
بۇ خەستە كۆڭۈللەر چوقتىن[235] پەرىشان،
ئەگەر بولسا سەندە لوقماندىن نىشان،
شىپالىق بەخش ئەت، كەل ئى ئالاھنىڭ سۆيۈملۈكى!

[234]ـ سىككەئى تەسدىقى غەيبى، رىسالەئى نۇر كۇللىياتى، 2ـ جىلد، 2101ـ 2102ـ بەت.
[235]ـ بۇ تۈركچە كەلىمە بولۇپ مەنىسى ئىلگىرىدىن تارتىپ، دېگەن بولىدۇ.

ئى «ئالەمگە رەھمەت» نىڭ جىلۋىسى، نۇر ئەلچىسى!
پەخرى ئالەم[236] ئەرشتىن بۇ يەرگە ئىندى[237]،
ئەۋلىيالار شاھى[238] كېلىپ دۇلدۇلغا مىندى،
زۇلپىقار بۇندىن ئېتىبارەن نۇر دېيىلدى،
ئى بۇ زاماندا ئالەمگە رەھمەت نۇر ئەلچىسى!
يولىمىز بۇ نۇرنىڭ بۇ نۇرلۇق يولى،
بولدۇق بىز ھەممىمىز ئۇ نۇرنىڭ قۇلى،
نۇر يولۇچىسىنىڭ ھەم خۇشتۇر كۆڭلى،
ئى «ئالەمگە رەھمەت» نىڭ نەمۇنىسى، نۇر ئەلچىسى!
بۇ ئالەمدە ماددا ئەمەس، جەۋھەر سەن،
ھەر زەررىدىن قاراپ تۇرغان پۈتۈن بىر كۆزسەن،
كائىناتنى ھەيران قىلغان، پۈتۈن بىر يۈزسەن،
ئى «ئالەمگە رەھمەت» نىڭ مىسالى، نۇر ئەلچىسى!

## د ـ قىيىن ئەھۋالدا قالغانلارغا ياردەم قىلغانلىقى دەۋاسى

ھەسەن فەيزىينىڭ يۇقىرىدا بىز بەزى پارچىلىرىنى نەقىل كەلتۈرگەن ئۇ شېئىرىنىڭ بۇ ماۋزۇ بىلەن مۇناسىۋەتلىك قىسمى مۇنداق:

«گۇناھىمىز بىلەن گۈلخان كەبى بىر ئوت بىز،

236 ـ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى دېمەكچى.
237 ـ چۈشتى.
238 ـ ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى دېمەكچى.

ھەمدە دەرد قولىدىن ھەر كۈن زار-زار بىز،

كەچۈرگىن بىزنى مادامكى ساڭا يار بىز،

ئى «ئالەمگە رەھمەت» نىڭ نۇرى، نۇر ئەلچىسى!

ئاسمانلار قويۇۋەتتى بالا، يەر ھەم بەردى بالا،

قاپلىدى ئەتراپنى بىر ئېچىنىشلىق ھالەت ۋاۋەيلا![239]

رەھىم قىلغىن ئالەمگە ئى نۇرى مەۋلا[240]،

ئى «ئالەمگە رەھمەت» نىڭ جىلۋىسى، نۇر ئەلچىسى!

قورشالدى ئوت بىلەن بۇ كاتتا دۇنيا،

جەھەننەم مىسالى قايىنىدى دەريا،

كەل، مەدەت ئەيلە ئى شاھى ئەۋلىيا!

ئى بۇ زاماندا «ئالەمگە رەھمەت»، نۇر ئەلچىسى»[241].

**ئې- قۇرئاننى ۋە ئاللاھنىڭ ئىسىملىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقى دەۋاسى**

سەئىد نۇرسىي ھەسەن فەيزىنىڭ مەزكۇر شېئىرى ھەققىدە مۇنۇ سۆزلەرنى سۆزلىگەن: «رىسالەئى نۇرنىڭ خۇسۇسىي شاگىرتلىرىدىن ۋە كونا ئوقۇتقۇچىلىرىدىن ھەسەن فەيزىي غايەت سەممىي بىر قانائەت، كۆچلۈك بىر ئىشەنچ، چوڭقۇر بىر ئىلىم، پارلاق بىر ئىمان بىلەن، شۇنداقلا سىككەئى تەسدىقى غەيبىتىن [242] ئالغان ئىلھام بىلەن رىسالەئى نۇرنىڭ ماھىيىتىنى

---

[239]- ۋاي، ۋاي!

[240]- ئاللاھنىڭ نۇرى.

[241]- سىككەئى تەسدىقى غەيبى، رىسالەئى نۇر كۇللىياتى، 2- جىلد، 2102- بەت.

[242] - سىككەئى تەسدىقى غەيبى، سەئىد نۇرسىينىڭ كىتابلىرىدىن بىرىنىڭ ئىسمى بولۇپ، رىسالەئى نۇرنىڭ بىر پارچىسى ھېسابلىنىدۇ.

تەرىپلەش، ئۇ نۇرنىڭ مەنبەسى ۋە ئاساسى بولغان نۇرى مۇھەممەدىينى، ھەقىقەتى قۇرئاننى ۋە سىررى ئىماننى تەرىپلەش ئۈچۈن بۇ قەسىدىنى يازغان»[243].

بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان «نۇرى مۇھەممەدىي، ھەقىقەتى قۇرئان ۋە سىررى ئىمان» دېگەن سۆزلەر مۇھىم. ئۇ ئۆزىنى رىسالەئى نۇرنىڭ ھەقىقىي ۋە مەنىۋى شەخسىيىتى دەپ ھېسابلاش بىلەن مەزكۇر خىسلەتلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆزىدە بار دەپ قارىماقتا. بۇ ھەقىقەتى مۇھەممەدىيە ئېتىقادىغا تولۇق ماس كېلىدۇ. چۈنكى ھەقىقەتى مۇھەممەدىيەنىڭ بارلىق پەيغەمبەرلەر، ئەۋلىيالار لەدۇننىي ۋە باتىنىي ئىلىملەرنى ئالغان مەنبە ئىكەنلىكى، ھەقتىن كەلگەن پەيزنىڭ ئىنسانلارغا يېتىپ كېلىشىدە بىر ۋاستە ئىكەنلىكى دەۋا قىلىنىدۇ[244].

شۇنىڭ ئۈچۈن سەئىد نۇرسىي ۋە رىسالەئى نۇرلار قۇرئاننىڭ ھەقىقتى، يەنى قۇرئاننىڭ ئەسلىسى ھېسابلىنىدۇ، شۇنداقلا ئىماننىڭ سىرى دەپ قوبۇل قىلىنىدۇ. ھەسەن فەيزىي تۆۋەندىكى مىسرالاردا تېخىمۇ ئېنىق ئوتتۇرىغا قويىدۇ:

«دەرتلەرگە دەرمان سەن، مەھبۇبى جانسەن![245]،

ھەم جامىئۇلئەسما ۋەلقۇرئانسەن[246]،

---

[243]- ئەمىرداغ لاھىقەسى، (1) مەكتۇپ نومۇرى: 71، رىسالەئى نۇر كۇللىياتى 2- جىلد، 1725- بەت.

[244]- مەھمەت دەمىرچى، «ھەقىقەتى مۇھەممەدىيە»، دىيانەت ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيەسى، 15- جىلد، 179-180.

[245] - كۆڭۈلنىڭ سۆيۈملۈكى.

[246]- ئاللاھنىڭ ئىسىملىرىنى ۋە قۇرئاننى ئۆز ئىچىدە جەملىگۈچىسەن.

هەمدە هەق نۇردىن بىزگە ئىھسان سەن،

ئى بىزگە رەھمەتى ئالەم نۇر ئەلچىسى![247]

## ف- ھەر دەۋردە پەرقلىق كىملىك بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىدىغانلىقى دەۋاسى

ھەقىقەتى مۇھەممەدىيە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تارىخىي شەخسىيىتى ئەمەستۇر، يەنى ھەقىقەتى مۇھەممەدىيە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆز ۋاقتىدا ياشاپ ئۆلۈپ كەتكەن جىسمانىي كىملىكى ئەمەستۇر. بۇنىڭغا ئىشەنگۈچىلەرگە نىسبەتەن ئۇ ھەقىقەت، ھەر دەۋردە ئوخشاش بولمىغان ئىسىم ۋە سۈرەتلەردە پەيغەمبەر ياكى ئەۋلىيا بولۇپ ئوتتۇرىغا چىقىدۇ[248]. سەئىد نۇرسىي ئۆزىنىڭ شۇنداق بولغانلىقىغا ئىشىنىدۇ. ئۇنىڭ بۇ ھەقتىكى سۆزلىرى مۇنداق:

«مەن بۇ دەۋردە سەكسەن سەئىدنىڭ جەۋھىرى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقتىم. ئۇ سەكسەن سەئىد زەنجىرسىمان شەخسىي قىيامەتلەر ۋە زەنجىرسىمان تەناسۇخلار بىلەن يەنى روھنىڭ كۆچۈشلىرى بىلەن دولقۇنلىنىپ مېنى بۇ دەۋرگە ئاتقان.

سىلەر كۆرۈۋاتقان بۇ سەئىد، يەتمىش توققۇزى ئۆلۈك ۋە بىرى گەپ قىلىدىغان جانلىقنىڭ يىغىندىسىدۇر. ئەگەر زامانىنىڭ سۈيى توختاپ تۇرسا ۋە پەرقلىق بەدەنلەردە ئوتتۇرىغا چىققان سەئىدلەر بىر-بىرلىرىنى كۆرسە، ئۇلار مۇھىم پەرقلىرى تۈپەيلىدىن بىر-بىرلىرىنى تونۇمايدۇ. مەن ئۇ بەدەنلەرنىڭ

---

[247]- بۇ شېئىرنىڭ داۋامىنى كۆرۈش ئۈچۈن قاراڭ: سىككەئى تەسدىقى غەيبى، رىسالەئى نۇر كۈللىياتى، 2- جىلد، 2102-2103- بەت.

[248]- ھەسەن كامىل يىلماز، ئىنسانى كامىل، ئالتىن ئولۇق مەجمۇئەسى 1996- يىلى 7- ئاي، 125- سان، 31- بەت.

ئۈستىدە يۇملاندىم، ياخشىلىقلار ۋە لەززەتلەر تارقىلىپ كەتتى. دەرت-قىيىنچىلىق ۋە غەم-قايغۇلار يىغىلىپ قالدى. ئۇ قونالغۇلارنىڭ ھەر بىرىدە مەن مەن ئىدىم. ئۆلگىنىمدىن كېيىن كېلىدىغان قونالغۇلاردىمۇ يەنە مەن مەن بولىمەن. بۇ قونالغۇدا يېڭى بەدەندىكى ھۆجەيرىلەر يىلدا ئىككى قېتىم قانداق يېڭىلانسا، مەنمۇ ئەنە شۇنداق شەكىلدە كىيىم ئالماشتۇرىمەن. يىرتىلغان سەئىدنى تاشلىۋېتىپ، يېڭى سەئىدنى كىيىمەن»[249].

يۇقىرىدىكى سەپسەتىلەرنىڭ بېشىدا ئۆتكەن «««مەن بۇ دەۋردە سەكسەن سەئىدنىڭ جەۋھىرى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقتىم» دېگەن سۆز مۇھىمدۇر. چۈنكى تەۋراتقا كۆرە ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن ياقۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىغىچىلىك 2413 يىل ئۆتكەن. يۇسۇف ئەلەيھىسسالام 110 يېشىدا، مۇسا ئەلەيھىسسالام 120 يېشىدا ۋاپات بولغان[250].

ياقۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىدىن ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇغۇلۇشىغىچە جەمئىي 1600 (مىڭ ئالتە يۈز) يىل ئۆتكەنلىكىنى ھېسابقا ئالساق، تەخمىنەن 4 (تۆت) مىڭ يىل بولىدۇ. سەئىد نۇرسىي 1960- يىلى ئۆلگەن. تەۋراتقا كۆرە تۇنجى ئىنسان ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن باشلاپ سەئىد نۇرسىينىڭ ئۆلۈمىگىچىلىك 5960 يىل ئۆتكەن بولىدۇ. بۇنى 80 (سەكسەن) گە بۆلىدىغان بولساق، ئۇ كىرگەنلىكىنى داۋا قىلغان ھەر بىر بەدەننىڭ ئۆمرى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 75 (يەتمىش بەش) يىلغا توغرا كېلىدۇ. بۇ سەۋەبتىن يۇقىرىدىكى سۆز ناھايىتى ئىنچىكە بىر ھېساب بىلەن سۆزلەنگەن سۆزدۇر.

---

249- سىككەئى تەسدىقى غەيبى، رىسالەئى نۇر كۇللىياتى، 2- جىلد، 2340- بەت.

250- تەۋرات، يارىتىلىش 646- باب.

بۇ بىر تەناسۇخ (روھنىڭ كۆچۈشى) چۈشەنچىسىدۇر. سەئىد نۇرسىي ئۆزىنىڭ داۋاملىق ئەڭ يۇقىرىدا ئىكەنلىكىنى ۋە قىيامەتكىچىلىك شۇنداق قالىدىغانلىقىنى ئالغا سۈرىدۇ. يەنى دۇنياغا كېلىپ كەتكەن بۈيۈك پەيغەمبەرلەر، ھەر دەۋردە ئوتتۇرىغا چىققان مۇرشىد، مۇجەددىد، مەھدى ۋە كېلىشى كۈتۈلۈۋاتقان ئىيسا ئۇدۇر. رىسالەئى نۇرنىڭ ماۋزۇ بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىپادىلىرى مۇنداق:

«ئۇ نۇر تۆپەيلى بىلىق ساقلىدى يۇنۇسنى،

ئۇ نۇر بىلەن لۇت يوق ئەتتى قەۋمىنى،

نۇرغۇن ئەۋلىيا ئۇ نۇر بىلەن قىلدى قانائەت،

كۆپ پەس كىشى ئۇ نۇر بىلەن تاپتى كارامەت،

پارلىدى ئۇ نۇردىن كەلگەن رىسالەئى نۇر ئاسمان ئېچىلىپ دەرھال،

مېھرىبان ياراتقۇچى خەلقىنى مۇشۇنداق قىلدى خۇشال.

ئۇ يېڭى چىققان قۇياش ئۆلكىگە چاچسىلا نۇرلەر،

دائىما شاد بولىدۇ، زوق ئالىدۇ سۇنۇق كۆڭۈللەر.

ئى پەيغەمبەرلىك نۇرىدىن كەلگەن قۇرئان دەللى!

ئى ئاللاھنىڭ سىررىدىن چىققان ئىمان دەللى!

سەندىن بىزگە مەتلۇپ، يەنە سەندىن بىزگە مەۋئۇد.

سايەڭدە بۇگۈن ھەر كىم بولماقتا روھلۇق ۋە خوشنۇد،

ھەرئان كۆتەتتى سېنى بۇ دۇنيا ھەم چۈشىدە كۆرەتتى،

ھەق ئۆزىنى كۆرسەتتى، بۇگۈن ئۇ چۈش پۈتتى.

مىڭ ئۈچ يۈز يىلدىن بېرى تۇپراقتا ئايلاندى نەچچە مىليار،
مۇئمىن ۋە مۇۋەھھىد سېنى كۈتتى دائىم ئى يار.
ھەممىسى سەن ئۈچۈن سۆزلەيتتى كالام،
ھەممىسى ھەر دائىم ساڭا قىلاتتى سالام.
ئەزەلدىن مەن بۇنى ھەم يادلىدىم ۋەللاھى،
ئۇ ئەڭ ئاخىرقى چوڭ مۇجەددىد رىسائىلىننۇردۇر ۋەللاھى،
مېنى ئەپۇ قىل ئى ئەپۇسى كاتتا، ئېھسانى كاتتا رىسالەئىننۇر!
بىر دەممۇ ھەم ئەتمە مېنى سەندىن ئەي رەببىمىز مەھجۇر[251].
نۇر ھەققى، ھەق ھەققى، دوست ھەققى ئى نۇر!
نۇرۇڭ بىلەن، سىررىڭ بىلەن بۇگۈن قىل بىزنى مەسرۇر» [252]. ـ
ئاجىز بىچارە تالىپىڭىز ھەسەن فەيزىي

**گ ـ ئەڭ بۈيۈك مۇرشىد ۋە مۇجەددىد بولغانلىقى دەۋاسى**

نۇرچىلار سەئىد نۇرسىينى مۇنداق تەرىپلەيدۇ:

«بەدىئۇززامان سەئىد نۇرسىي ھىجرىيە 14 ـ ئەسىر ۋە مىلادىي 20 ـ ئەسىرنىڭ مۇنارىنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ، زاماندىشلىرى بولغان مۇسۇلمانلارغا ۋە ئىنسانلارغا ۋاقىراۋاتىدۇ، شۇنداقلا بۇ ئەسىرنىڭ ئارقىسىدا تىزىلغان ۋە

---

[251] ـ مەھجۇر تەرك ئېتىلگۈچى دېگەن بولىدۇ. بۇ سۆزلەر سەئىد نۇرسىينىڭ ئىيسا ئەلەيھىسسالامغا ئوخشاش ئىلاھلاشتۇرۇلغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

[252] ـ ئەمىرداغ لاھىقەسى، (1) مەكتۇپ نومۇرى: 72، رىسالەئى نۇر كۈللىياتى 2 ـ جىلد، 1725 ـ بەت.

كەلگۈسىنىڭ ئۆچىرەتلەردە سەپكە تىزىلىپ تۇرغان كەلگۈسى ئەۋلاتلارغا ئەڭ بۈيۈك مۇرشىد ۋە ئەڭ بۈيۈك مۇجەددىد سۈپىتى بىلەن گەپ قىلىۋاتىدۇ»[253].

## ھـ مەھدى ئىكەنلىكى دەۋاسى

رىسالەئى نۇرنىڭ بەزى مۇھىم شاگىرتلىرى سەئىد نۇرسىيدىن مۇنۇ سوئالنى قايتا ـ قايتا سوراپ تۇرۇۋالىدۇ:

«بىز سىزنى ئاخىر زاماندا پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئائىلىسىدىن دۇنياغا كېلىدىغان ئۇ بۈيۈك مۇرشىد دەپ ئويلايمىز. لېكىن سىز بىزنىڭ بۇ پىكرىمىزنى قەتئىي قوبۇل قىلغىلى ئۇنىمايۋاتىسىز ۋە ئۆزىڭىزنى تارتىۋاتىسىز. بۇ بىر زىتلىقتۇر. بۇ زىتلىقنى ھەل قىلىشىڭىزنى سورايمىز.

سەئىد نۇرسي بۇ سوئالغا مۇنداق جاۋاپ بېرىدۇ:

«ئاخىر زاماندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئائىلىسىدىن دۇنياغا كېلىدىغان مەھدى ۋەكىللىك قىلىدىغان مۇقەددەس جامائەتنىڭ مەنىۋي كىشىلىكىنىڭ ئۈچ تۈرلۈك ۋەزىپىسى بار.

ئۇ ۋەزىپىلەر : ئىماننى قۇتقۇزماق، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ خەلىپىسى ئۇنۋانى بىلەن ئىسلامنىڭ شۇئارلىرىنى جانلاندۇرماق، زاماننىڭ ئۆزگىرىشلىرى بىلەن نۇرغۇنلىغان قۇرئان ھۆكۈملىرى ۋە شەرىئەت قانۇنلىرى قىسمەن ئۆزگەرتىشكە دۇچار بولغانلىقى ئۈچۈن بۇ كاتتا ۋەزىپىنى ئورۇنداشقا تىرىشماق.

نۇر شاگىرتلىرى بىرىنچى ۋەزىپىنى رىسالەئى نۇردا تولۇق كۆرگەنلىكلىرى ئۈچۈن، ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى ۋەزىپىلەر بۇنىڭغا نىسبەتەن ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى دەرىجىدە بولغانلىقىدىن، رىسالەئى نۇرنىڭ مەنىۋي

---

[253]ـ تارىخچەئى ھايات، بارلا ھاياتى، 2144ـ بەت.

كىشىلىكىنى (يەنى مەن سەئىد نۇرسىينى) ھەقلىق رەۋىشتە بىر تولۇق مەھدى دەپ قارايدۇ... ھەتتا ئەۋلىيالارنىڭ بەزىسى، غەيب بىلەن مۇناسىۋەتلىك كارامەتلىرىدە رىسالەئى نۇر (نۇر ئەلچىسى سەئىد نۇرسىينىڭ) ئۇ ئاخىر زاماننىڭ ھىدايەت قىلغۇچىسىنىڭ دەل ئۆزى بولغانلىقىنى تەتقىقات ۋە ئىزاھات بىلەن چۈشەنگىلى بولىدۇ، دەپ قارايدۇ.

ئىككى نۇقتىدا مۇجمەللىك بولغانلىقى ئۈچۈن ئىزاھلاشقا ئېھتىياج بار:

بىرىنچىسى:...پەيغەمبەرنىڭ خەلىپىسى بولۇش ۋە ئىسلام بىرلىكى؛ خەلقكە، سىياسەتچىلەرگە ۋە خۇسۇسەن بۇ دەۋردىكى پىكىرلەرگە قارىغاندا، بىرىنچى ۋەزىپىدىن مىڭ ھەسسە كەڭ دائىرىلىك كۆرۈنىدۇ. گەرچە ھەر ئەسىردە ھىدايەت قىلغۇچى بىر مەھدى ۋە مۇجەددىد كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ھەر بىرى ئۈچ ۋەزىپىدىن بىرىنى بىر جەھەتتىن ئادا قىلغانلىقى ئۈچۈن **ئاخىر زاماننىڭ بۈيۈك مەھدىيىسى** دېگەن ئۇنۋانىنى ئالالمىغان.

ئىككىنچىسى: ئاخىر زاماننىڭ مەزكۇر كاتتا كىشىسىنىڭ پەيغەمبەر ئائىلىسىدىن بولۇشىدۇر. ئەسلىدە مەن ھەزرىتى ئەلىنىڭ مەنىۋى ئەۋلادى ھۆكمىدىدۇرمەن. ئۇنىڭدىن ھەقىقەت دەرسىنى ئالدىم. مۇھەممەد (ئەلەيھىسسالام) نىڭ ئائىلىسى بىر مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ھەقىقىي نۇر شاگىرتلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقتىن مەنمۇ ئۆزۈمنى ئۇ ئائىلىدىن بىرى دەپ ھېسابلىسام بولىدۇ»[254].

---

[254]- شۇئالار، 14- شۇئا، رىسالەئى نۇ كۇللىياتى، 2- جىلد، 1064- بەت.

«قىرىق كۈندە بىر نان يەپ، باشقا كۈنلەردە بىر نىمە يېمىگەن مەشھۇر ئەۋلىيا ئوسمان خالدىي بىلەن ئىسپارتا [255]نىڭ تونۇلغان ئالىملىرىدىن توپال شۈكرۈ بىر ھەقىقەتنى ئوچۇق-ئاشكارا كۆرگەن ۋە خەۋەر بەرگەن. ئۇ ھەقىقەت شۇدۇر:

«ئۈممەت ئاخىر زاماندا دۇنياغا كېلىدۇ دەپ ئېتىقاد قىلغان كىشىنىڭ ئۈچ ۋەزىپىسىدىن ئەڭ مۇھىمى ۋە ئەڭ بۈيۈكى ھەقىقىي ئىماننى يايماق ۋە ئىمان ئەھلىنى ئازغۇنلۇقتىن قۇتقۇزماق بولغانلىقتىن، ئۇلار بۇ ۋەزىپىنى تامامى بىلەن رىسالەئى نۇردا كۆرگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەزرىتى ئەلى، ئابدۇلقادىر جەيلانىي ۋە ئوسمان خالدىيغا ئوخشاش زاتلار كېلىدىغان زاتنىڭ ماقامىنى رىسالەئى نۇرنىڭ مەنىۋىي كىشىلىكىدە (يەنى مەن سەئىد نۇرسىيدا) كۆزلىرى بىلەن كۆرگەندەك ئىشارەت قىلغان... بۇ ھەقىقەت ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇكى، كېلىدىغان ئۇ مۇبارەك زات رىسالەئى نۇرنى ئۆزىنىڭ پروگراممىسى سۈپىتىدە تەدبىقلايدۇ» [256].

## ئى- كۈتۈلۈۋاتقان ئىيسا بولغانلىقى دەۋاسى

رىسالەئى نۇرغا كۆرە ئاخىر زاماندا كېلىدۇ دەپ كۈتۈلۈۋاتقان ئىيسا سەئىد نۇرسىيدۇر. چۈنكى ئىيسانى ساقلاۋاتقانلار ئۇنىڭ دەججالنى ئۆلتۈرىدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ [257]. سەئىد نۇرسىي ناھايىتى پارلاق قەسىدە دەپ ماختىغان شېئىرىدا بۇ مەسىلە ھەققىدە مۇنداق پىكىر بايان قىلىنغان.

مۇناسىۋەتلىك مىسرالار مۇنداق:

«ھەر يانغىننى سېنىڭ نۇرۇڭ ئۆچۈرۈر،

---

[255] - تۈركىيەنىڭ بىر ۋىلايىتى.

[256] - سىككەئى تەسدىقى غەيبى، رىسالەئى نۇر كۇللىياتى، 2- جىلد، 2061- بەت. www.bediuzzaman.net www.risale-inur.com.tr

[257] - كاستامونۇ لاھىقىسى، 27- مەكتۇپ، رىسالەئى نۇر كۇللىياتى، 2- جىلد، 1601- بەت.

هەر يەرنى گۇلستانغا سىنىڭ نۇرۇڭ دۆندۈرۈر[258]،

دەججالنىمۇ بىر كۈنى سىنىڭ نۇرۇڭ ئۆلتۈرۈر،

ئى «ئالەمگە رەھمەت» نىڭ نۇرى، نۇر ئەلچىسى![259]

**ژ- قۇتقۇزغۇچى ئىكەنلىكى دەۋاسى**

نۇرچىلار سەئىد نۇرسىينىڭ بۇ دۇنيادا ئۆزلىرىنى قۇتقۇزىدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ. سەئىد نۇرسىي «بەك پارلاق قەسىدە» دەپ ماختىغان شېئىردا بۇ مەسىلە بىلەن مۇناسىۋەتلىك مۇنداق مىسرالار بار:

«شىپا تاپسۇن شۇئان بىرئاز يارىمىز،

راۋاج تاپسۇن ئۆتمەيدىغان پۇلىمىز،

چاچ نۇرۇڭنى ئاق بوپكەتسۇن قارىمىز،

ئى «ئالەمگە رەھمەت» نىڭ نۇرى، نۇر ئەلچىسى!

ئاشىقلارنىڭ ئەرشكە چىققان پەريادى،

يىغلىتىدۇ ئۇ پاك روھلۇق ئەجدادنى،

ئاللاھ ئۈچۈن قىلغىن بىزگە مەددەتنى،

ئەي مۇھتاجلارغا رەھمەتى ئالەم، نۇر ئەلچىسى!

ئاسمانلار قويۇۋەتتى بالا، يەر ھەم بەردى بالا،

قاپلىدى ئەتراپنى بىر ئېچىنىشلىق ھالەت ۋاۋەيلا![260]

[258]- ئايلاندۇرىدۇ.

[259]- سىككەئى تەسدىقى غەيبى، رىسالەئى نۇر كۇللىياتى، 2- جىلد، 2102- بەت

[260]- ۋاي، ۋاي!

رەھىم قىلغىن ئالەمگە ئى نۇرى مەۋلا[261]،

ئى «ئالەمگە رەھمەت» نىڭ جىلۋىسى، نۇر ئەلچىسى!

بىر تەرەپتە سەل، بىر تەرەپتە قان ئاقىدۇ،

بۇ بالا ئوتى ئالەمنى كۆيدۈرىدۇ،

يىغلىغان بۇ ئىنسان ھەمىشە ساڭا قارايدۇ،

ئى «ئالەمگە رەھمەت» نىڭ نەمۇنىسى نۇر ئەلچىسى!

قورشالدى ئوت بىلەن بۇ كاتتا دۇنيا،

جەھەننەم مىسالى قاينىدى دەريا،

كەل، مەدەت ئەيلە ئى شاھى ئەۋلىيا!

ئى بۇ زاماندا «ئالەمگە رەھمەت»، نۇر ئەلچىسى»[262].

«كەل، مەدەت ئەيلە ئى شاھى ئەۋلىيا!» دېگەن سۆز، ئەۋلىيالارنىڭ پادىشاھى مەدەت قىل، دېگەن بولىدۇ. سەئىد نۇرسي بۇ يەردە كىمگە قارشى ياردەمگە چاقىرىلغان؟ دۇنيانى كىم ئوت بىلەن قورشاپ، دېڭىزلارنى جەھەننەمدەك قايناتقان كىمدۇر؟ ئاللاھتىن غەيرىينى ئاللاھقا قارشى ياردەمگە چاقىرىش ئۇنى ئاللاھتىن كۈچلۈك، ئاللاھتىن مەرھەمەتلىك ۋە ئىنسانلارنى ئاللاھتىنمۇ ياخشى تونۇيدىغان بىرى دەپ ئېتىقاد قىلغانلىق بولمامدۇ ؟ بەش ۋاقىت نامىزىدا « **إِيَّاكَ نَعْبُدُ و إِيَّاكَ نَسْتَعِينُ (پەقەت ساڭىلا ئىبادەت قىلىمىز، پەقەت سەندىنلا ياردەم تىلەيمىز)**» دەيدىغان بىر مۇسۇلمان بۇ چوڭ گۇناھ نى قانداقمۇ سادىر قىلىدىغاندۇ؟!

---

[261] ـ ئاللاھنىڭ نۇرى.

[262] ـ سىككەئى تەسدىقى غەيبى، رىسالەئى نۇر كۇللىياتى، 2ـ جىلد، 2102ـ بەت.

### ك ـ شاپائەت قىلىدىغانلىقى دەۋاسى

نۇرچىلار سەئىد نۇرسىينىڭ شاپائەت قىلىدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ. مۇناسىۋەتلىك سۆزلەرنىڭ بىر قىسمى مۇنداق:

«ئۇ نۇرنىڭ مۇبارەك تەرجىمانى ۋە مۇبارەك مەنىۋى كىشىلىكى (سەئىد نۇرسىي) قىلغان: «بىزنى قۇتقۇز، ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىمۇ قۇتقۇز، رىسالەئى نۇر تالىبلىرىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرىنى ئۇتتىن قۇتقۇز» دېگەن دۇئا بىلەن ئوخشاش دۇئالارنىڭ قوبۇل بولۇشى، شاپائىتى ۋە ھۆرمىتى بىلەن،... ئۇنىڭ شاگىرتلىرى، خىزمەتچىلىرى ۋە رىسالىلىرىنى ساقلىغۇچى ماگىزىنلار قانداق بولۇپ قۇتۇلۇپ قالغان بولسا، سىزلەرمۇ ئۇ مۇبارەك شاگىرتلارغا ئوخشاش، ئۇ مۇبارەك مۇقەددەس دائىرىگە كىرگەن چېغىڭلاردا دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ دەھشەتلىك ئوتلىرىدىن قۇتۇلىسىلەر، شۇنداقلا سىلەر ئەۋلات ۋە ئائىلەڭلارنىڭ بىر تۆرلۈك پادىچىسى بولغانلىقىڭلار سەۋەبلىك ئۇ سۆيۈملۈك كىشىلىرىڭلارنىمۇ قۇتقۇزۇپ قالىسىلەر.

ھەر بىرىڭلار ماددىي ۋە مەنىۋى ئېھتىياجلىقتا ۋە سائادەتكە نائىل بولىسىلەر. ئەي نۇرچىلار!... نۇرنىڭ شاپائىتى، نۇرنىڭ دۇئاسى ۋە نۇرنىڭ ھىممىتى سىلەرنى قۇتقۇزىدۇ»[263].

### 2 ـ *رىسالەئى نۇرلارنىڭ مۇقەددەسلەشتۈرۈلۈشى*

رىسالەئى نۇرلاردا، رىسالەئى نۇرلارنى، سەئىد نۇرسىينى ۋە تالىپلىرىنى مۇقەددەسلەشتۈرىدىغان، ئۇ قەدەر كۆپ ئىپادىلەر باركى، ئۇلار چىقىرىۋېتىلسە كىتابلار بەكمۇ قىسقىراپ كېتىدۇ. بۇلارنىڭ بىر قىسمى ئىلگىرى ئۆتتۈرىغا قويۇلغان ئىدى. ئەمدى بىر قىسمىنى تۆۋەندە كۆرۈپ ئۆتەيلى:

---

[263]ـ ئەمىرداغ لاھىقەسى، (1) مەكتۇپ نومۇرى: 81، رىسالەئى نۇر كۇللىياتى 2ـ جىلد، 1733ـ بەت.

«بۇ ئاجايىپ، دەھشەتلىك ۋە ھېچ مىسلى كۆرۈلمىگەن دەۋردە، خۇسۇسەن مۇئمىنلار ئېغىر دەرىجىدە بېسىمغا ئۇچراۋاتقان، ۋەھشىي دۈشمەنلەر بىلەن ئىلىشىۋاتقان، كافىرلىق ئوتىنىڭ يالقۇنى يۈرتىمىزنى ئوراپ كېتىپ بارغان بىر زاماندا، پەقەت ۋە پەقەت بىخەتەرلىكىمىزنىڭ ئەڭ ساغلام، كۈچلۈك، يىقىلماس ۋە تەۋرەنمەس كۈچىگە ئىگە رىسالەئى نۇرنىڭ نۇرانە دالدىسىغا ئۆتۈش بىلەن ۋە ئۇنىڭ مۇقەددەس چەمبىرى ئىچىگە كىرىش بىلەن قۇتۇلغىلى ۋە ئىمانىنى قۇتقۇزۇپ، ئەبەدىي يوقلۇق دەپ گۇمان قىلىنغان ئۆلۈمنى ئەبەدىي ھاياتقا ئايلاندۇرغىلى بولىدۇ»[264]. «رىسالەئى نۇرلار روھىمىزنىڭ غىزاسى ۋە ئەبەدىي بەخت-سائادىتىمىزنىڭ ئاچقۇچىدۇر»[265].

ھازىر بۇ كىتابلار ھەققىدە توقۇپ چىقىرىلغان سۆپەتلەردىن بەزىلىرىنى كۆرۈپ باقايلى:

### ئا- رىسالەئى نۇرنىڭ تەستىقلانغانلىقى دەۋاسى

نۇرچىلارنىڭ دەۋا قىلغىنىدەك نىجاتلىق پەقەت رىسالەئى نۇرلار بىلەنلا ئەمەلىيلىشىدىغان بولسا، ئۇ (رىسالەئى نۇر) لارنىڭ ئىلگىرىكى ئىلاھىي كىتابلار تەرىپىدىن خەۋەر بېرىلگەن ۋە تەستىقلانغان بولۇشى كېرەك. سەئىد نۇرسىي ئىشنىڭ بۇ تەرىپىگىمۇ سەل قارىمىغان. ئۇ بۇ ھەقتە «سىككەئى تەسدىقى غەيبى» يەنى «غەيب بىلەن مۇناسىۋەتلىك تەستىق تامغۇسى» دەپ بىر رىسالە يازغان. ئۇ مەزكۇر رىسالەدە مۇنداق دەيدۇ: «بۇ رىسالە باشتىن ئاخىرىغىچە مىڭغا يېقىن ئىشارەت بىلەن يالغۇز بىرلا نەرسىنى، يەنى رىسالەئى نۇرنىڭ مۇناسىپ كۆرۈلۈپ تەستىقلانغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. بىر دەۋادا بۇنچىلىك كۆپ

[264]- ئەمىرداغ لاھىقەسى، (1) مەكتۇپ نومۇرى: 81، رىسالەئى نۇر كۇللىياتى 2- جىلد، 1733- بەت.

[265]- شۇئالار، 14- شۇئا، رىسالەئى نۇ كۇللىياتى، 1- جىلد، 1111- بەت، جەيلان چالىشقاننىڭ مۇداپىئەسىدىن.

ۋە بىر- بىرىدىن پەرقلىق مىڭلارچە ئىشارەتنىڭ بار بولۇشى پەقەت كەسكىن ئىلىم دەرىجىسىدىلا ئەمەس، ئەينى زاماندا كۆز بىلەن كۆرۈش ۋە كەسكىن قانائەت دەرىجىسىدە ئۇ دەۋانى ئىسپاتلايدۇ»[266].

بۇ ئىسپاتنىڭ قانداق ئەمەلىيلەشكەنلىكىنى بىلىشنى خالىغانلار، بىز ئالدىمىزدا توختىلىپ ئۆتمەكچى بولغان « **سەئىد نۇرسي ۋە قۇرئان** » دېگەن تېمىغا قارىسا بولىدۇ.

### ب- رىسالەئى نۇرنىڭ تۈركچە بولۇشى

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

«**وَمَا أَرْسَلْنَا مِن رَّسُولٍ إِلاَّ بِلِسَانِ قَوْمِهِ لِيُبَيِّنَ لَهُمْ**»

«بىز قايسى ئەلچىنى ئەۋەتسەك، ئۇنى ئۆز قەۋمىنىڭ تىلى بىلەن ئەۋەتتۇق. بۇنى ئۇنىڭ ئۇ قەۋمگە بايان قىلىشى ئۈچۈن شۇنداق قىلدۇق»- ئىبراھىم 4/14.

سەئىد نۇرسي بۇ ئايەتنى رىسالەئى نۇرلارنىڭ تۈركچە بولۇشىنىڭ دەلىلى دەپ قارايدۇ ۋە مۇنداق دەيدۇ:

«...ئەلچىلىك ۋە پەيغەمبەرلىكنىڭ نائىبى ۋە ۋەكىللىرىنىڭ ھەر ئەسىردە بار بولۇشى بىر قائىدە بولغانلىقى ئۈچۈن بۇ ئايەت، بىر مىراسچىلىق ۋەزىپىسى ئۆتەيدىغان رىسالەئى نۇرنى ئۆزىنىڭ تارماقلىرى ئىچىگە بىر ئىشارەت مەنىسىدە ئېلىپ كىرىدۇ ۋە تىلىنىڭ ئەرەبچە ئەمەس، تۈركچە بولۇشىنىڭ سەۋەبىنى بايان قىلىدۇ»[267].

---

[266]- كاستامونۇ لاھىقىسى، رىسالەئى نۇر كۇللىياتى، 2- جىلد، 1651- بەت.

[267]- شۇئالار، 1- شۇئا، 4- ئايەت، رىسالەئى نۇ كۇللىياتى، 1- جىلد، 847- بەت.

## ج- رسالەئى نۇرنىڭ گۇناھقا كاپارەت بولىدىغانلىقى دەۋاسى

سەئىد نۇرسىينىڭ پىكرىچە «رسالەئى نۇرغا تېگىپ ئۆتۈپ كېتىش ئەمەس، ئۇنى تولۇق قوبۇل قىلىپ، يېپىشقا تىرىشىش لازىم. بۇ ئۇنىڭ ئۆتمۈشتىكى چوڭ گۇناھلىرىغا كاپارەت بولۇشى، كەلگۈسىدىكى چوڭ بالايىئاپەت ۋە زىيانكەشلىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىشى ئۈچۈن شەرتتۇر»[268].

## د-رسالەئى نۇرنى ئوقۇغانلارنىڭ ئالىم بولىدىغانلىقى دەۋاسى

سەئىد نۇرسىينىڭ كۆز قارىشىدا كونا مەدرىسلەردە بەش ئون يىلدا ھاسىل قىلىنغان ئىلىملەر نۇر مەدرىسلىرىدە بەش ئون ھەپتىدە ھاسىل قىلىنماقتا ۋە ئوخشاش نەتىجىگە ئېرىشىلمەكتە[269].

## ئې- رسالەئى نۇرلارنى مۇقەددەسلەشتۈرگەنلىكنىڭ مىسالىلىرى

رىسالەئى نۇرلارنىڭ ئىچىدىكى رىسالەئى نۇرلارنى مۇقەددەسلەشتۈرىدىغان قىسىم چىقىرىۋېتىلسە ئۇ كىتابلارنىڭ ھەجمى خېلىلا كىچىكلەيدۇ. بۇلاردىن «ئايەتى كۇبرا» نى مىسال كەلتۈرۈپ بۇ ھەقتىكى دەۋالارنى قەدەممۇ قەدەم ئىزدەيلى:

### 1) سەئىد نۇرسىيغا يازدۇرۇلغانلىقى دەۋاسى

سەئىد نۇرسي ئۆزى «ئايەتى كۇبرا» دەپ ئاتىغان رىسالىسىنىڭ كىرىش سۆز قىسمىنى ئۇزارتقىنىدا مۇنداق دەيدۇ:

«بۇ رىسالىنىڭ كىرىش قىسمىنىڭ بۇنداق ئۇزۇن بولۇپ كېتىشى مېنىڭ ئىختىيارىمچە بولمىدى. دېمەك، ئېھتىياج بار بولغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق يازدۇرۇلدى»[270].

[268]- سىككەئى تەسدىقى غەيبى، رسالەئى نۇر كۇللىياتى، 2- جىلد، 2061- بەت.
[269]- سىككەئى تەسدىقى غەيبى، رسالەئى نۇر كۇللىياتى، 2- جىلد، 2061- بەت.

## 2) ئىسمنى ھەزرىتى ئەلىنىڭ قويغانلىقى دەۋاسى

سەئىد نۇرسىي بۇ رىسالە ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ:

«بۇ رىسالىنىڭ شۇنداق ئەھمىيىتى باركى، ئىمام ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ غايىپتىن كۆرسەتكەن كارامەتلەر بىلەن بۇ رىسالىگە «ئايەتى كۇبرا (ئەڭ بۈيۈك ئايەت)» ۋە «ئاسايى مۇسا (مۇسانىڭ ھاسىسى)» دەپ ئات قويغان[271].

## 3) ھەزرىتى ئەلىنىڭ رىسالىدىن شاپائەت تىلىگەنلىكى دەۋاسى

سەئىد نۇرسىي مۇنداق دەيدۇ: «ئىمام ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ نۇرنىڭ بۆلۈملىرىدىن خەۋەر بەرگەن ۋاقىتتا «ئايەتۇل كۇبرا ھەققى- ھۆرمىتى ئۈچۈن مېنى كۈتۈلمىگەن ئۆلۈمدىن مۇھاپىزەت قىل» دەپ ئۇ ئايەتۇل كۇبرانى شاپائەتچى قىلدى»[272].

## 4) رىسالىنىڭ «لائىلاھە ئىللەللاھ» نىڭ دەلىلى ئىكەنلىكى دەۋاسى

سەئىد نۇرسىي مۇنداق دەيدۇ: «لائىلاھە ئىللەللاھ» نىڭ دەلىلى بېسىلغان «ئايەتۇل كۇبرا» رىسالىسىدۇر. ئۇ مىسلىسىز ھۆججەتنىڭ ھەيران قالدۇرىدىغان خۇسۇسىيىتى سەۋەبىدىن ئىمام ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنى شاپائەتچى قىلغان»[273].

---

[270] - شۇئالار، 7- شۇئا، رىسالەئى نۇ كۇللىياتى، 1- جىلد، 985- بەت.

[271] - شۇئالار، 7- شۇئا، رىسالەئى نۇ كۇللىياتى، 1- جىلد، 985- بەت.

[272] - شۇئالار، 15- شۇئا، رىسالەئى نۇ كۇللىياتى، 1- جىلد، 1116- بەت.

[273] - شۇئالار، 15- شۇئا، رىسالەئى نۇ كۇللىياتى، 1- جىلد، 1116- بەت.

## 5) رىسالىنىڭ قۇتقۇزغۇچى بولغانلىقى دەۋاسى

سەئىد نۇرسىي مۇنداق دەيدۇ: «... ئۇ رىسالەنىڭ ھەم ئەنقەرە ھەم دېنىزلى مەھكىمىلىرىدە غالىب كېلىشى بىلەن ۋە پەردە ئا رقىسىدا تەسىرلىك ھالدا تارقىلىشى بىلەن ئوقۇغۇچىلىرىغا مەھكىمىدە ئاقلىنىش قازاندۇرغىنىدەك...»[274].

## 6) بىر ماگىزىننى ئوت ئاپىتىدىن ساقلىغانلىقى دەۋاسى

سەئىد نۇرسىي دەيدۇكى: «... ئىسپارتا ۋىلايىتىدە ھۆكۈمەت ئىدارىلىرىدىن بىرىدە ئوت ئاپىتى يۈز بېرىپ، كېچىنىڭ ئەڭ سوغۇق ۋاقتىدا ئۇ ئىدارە ئۈچ سائەت كۆيدى. يانغىن تۇتاش بىر ماگىزىنغا تېزلا ئىلگىرىلىۋاتاتتى. ماگىزىن رىسالەئى نۇرنىڭ بىر تالىپىنىڭ ئىدى. ماگىزىننىڭ ئىگىسى «بىز كۆيۈپ كەتتۇق، تۈگەشتۇق» دەپ يېنىمغا كەلدى. مەن ئىككى كۈن ئاۋۋال ئۇنىڭدىن ئۇ ماگىزىندىكى ئايەتۇل كۇبرانىڭ بەزى نۇسخىلىرىنى تەلەپ قىلغان ئىدىم، لېكىن ئۇ ئەكىلىپ بەرمىگەن ئىدى. دېمەك، ئۇ بۇ ئوتنى ئۆچۈرۈش ئۈچۈن ئۇ يەردە قالغان ئىكەن. مەن رىسالەئى نۇرنى ۋە ئايەتى كۇبرانى شاپائەتچى قىلىپ، «ئى رەببىم قۇتقۇز!» دېدىم. ئۈچ سائەت داۋاملاشقان ئۇ دەھشەتلىك يانغىن ئۇ بۈيۈك ئىدارىنى بەربات قىلدى، تۆۋەنىدىكى ۋە يېنىدىكى تۇتاش دۇكانلارنى پۈتۈنلەي كۆيدۈرۈپ تاشلىدى. رىسالەئى نۇرنىڭ ۋە ئايەتى كۇبرانىڭ مۇھاپىزىتىدە بولغان ماگىزىنغا چېقىلمىدى ۋە ئاستىنىدىكى شاگىرتنىڭ دۇكىنىمۇ ساق قالدى»[275].

---

[274]- شۇئالار، 15- شۇئا، رىسالەئى نۇ كۇللىياتى، 1- جىلد، 1116- بەت.
[275]- ئەمىرداغ لاھىقەسى، 27- مەكتۇب، رىسالەئى نۇر كۇللىياتى 2- جىلد، 1723- بەت.

## 3. ئىجاتلىقنىڭ نۇر جامائىتىدە ئىكەنلىكى دەۋاسى

نۇرچىلارغا نىسبەتەن «رىسالەئى نۇر شاگىرتلىرىنىڭ نىجاتلىققا ئېرىشىدىغانلىقىغا ۋە بەختلىك بولىدىغانلىقىغا دائىر قۇرئاننىڭ كۈچلۈك ئىشارەتلىرى، ھەزرىتى ئەلىنىڭ ۋە ئابدۇلقادىر جەيلانىينىڭ خۇش خەۋەرلىرى بار»[276]. تۆۋەندىكى ئايەتلەر مۇشۇ خىلدىكى ئىجتىمائىي گۇرۇھلارنىڭ ۋە تەرىقەتچىلەرنىڭ ئەھۋالىنى بايان قىلىپ بەرمەكتە:

«إِنَّ الَّذِينَ فَرَّقُوا دِينَهُمْ وَكَانُوا شِيَعًا لَسْتَ مِنْهُمْ فِي شَيْءٍ إِنَّمَا أَمْرُهُمْ إِلَى اللَّهِ ثُمَّ يُنَبِّئُهُمْ بِمَا كَانُوا يَفْعَلُونَ»

«دىنىنى پارچىلاپ گۇرۇھ-گۇرۇھ بولغانلار بارغۇ، سەن ھېچبىر نەرسىدە ئۇلاردىن ئەمەسسەن. ئۇلارنىڭ ئىشى پەقەت ئاللاھقىلا تاپشۇرۇلىدۇ. ئاندىن ئاللاھ ئۇلارغا قىلمىشلىرىنى ئېيتىپ بېرىدۇ»-ئەنئام 159/6.

«وَإِنَّ هَذِهِ أُمَّتُكُمْ أُمَّةً وَاحِدَةً وَأَنَا رَبُّكُمْ فَاتَّقُونِ. فَتَقَطَّعُوا أَمْرَهُمْ بَيْنَهُمْ زُبُرًا كُلُّ حِزْبٍ بِمَا لَدَيْهِمْ فَرِحُونَ. فَذَرْهُمْ فِي غَمْرَتِهِمْ حَتَّى حِينٍ. أَيَحْسَبُونَ أَنَّمَا نُمِدُّهُمْ بِهِ مِنْ مَالٍ وَبَنِينَ. نُسَارِعُ لَهُمْ فِي الْخَيْرَاتِ بَلْ لَا يَشْعُرُونَ»

«ئەنە شۇلارنىڭ دىنى سىلەرنىڭ دىنىڭلاردۇر. ھەممىڭلارنىڭ دىنى بىردۇر. مەن سىلەرنىڭ رەببىڭلارمەن. شۇنىڭ ئۈچۈن مەندىن قورقۇڭلار.

ئاندىن ئىنسانلار ئۇ دىنىنى ئۆز ئارىسىدا پارچىلاپ ھەر خىل كىتابلارغا ئايرىدى. ھەر گۇرۇھ ئۆز دىنى بىلەن خۇشال بولۇپ ماختىنىدىغان بولدى.

سەن ئۇلارنى چۆمۈپ كېتىشكەن غاپىللىقلىرى ئىچىدە بىر مۇددەت تەرك ئەتكىن. ئۇلار بىزنىڭ مال-مۈلۈك ۋە ئەۋلادلارنى بەرگەنلىكىمىزنى،

---
[276]- كاستامونۇ لاھىقىسى، 27- مەكتۇپ، رىسالەئى نۇر كۈللىياتى، 2- جىلد، 1608- بەت.

ياخشىلىق قىلىشقا ئالدىرىغانلىقىمىز، دەپ ئويلامدۇ؟ ئىش ئۇلارنىڭ ئويلىغىنىدەك ئەمەس، ئۇلار ئۇقمايۋاتىدۇ»ـ مۇئمىنۇن 52/23ـ56.

يۇقىرىدىكى ئايەتلەرنىڭ ئىچىدىن 53ـ ئايەت ئۈستىدە قىسقىغىنا توختىلىشقا توغرا كېلىدۇ. ئۇ ئايەت مۇنداق:

«**فَتَقَطَّعُوا أَمْرَهُمْ بَيْنَهُمْ زُبُرًا كُلُّ حِزْبٍ بِمَا لَدَيْهِمْ فَرِحُونَ**»

«ئاندىن ئىنسانلار ئۇ دىننى ئۆز ئارىسىدا پارچىلاپ ھەر خىل كىتابلارغا ئايرىدى. ھەر گۇرۇھ ئۆز دىنى بىلەن خۇشال بولۇپ ماختىنىدىغان بولدى »ـ رۇم 32/30.

ئايەتتە ئۆتكەن زۇبۇر «**زُبُرًا**» دېگەن سۆز «زەبۇر» نىڭ كۆپلۈكى بولۇپ، «كىتاب» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. دەرۋەقە شۇئەرا سۈرىسىنىڭ 196ـ ئايىتىدە «**وَإِنَّهُ لَفِي زُبُرِ الْأَوَّلِينَ**» «ئۇ قۇرئان ئىلگىرىكىلەرنىڭ كىتابلىرىدىمۇ بار» دېيىلىدۇ. ئىلگىرىكىلەرنىڭ كىتابلىرى ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرگە نازىل قىلىنغان كىتابلاردۇر. زەبۇر ئەينى زاماندا داۋۇد ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلىنغان كىتابنىڭمۇ ئىسمىدۇر. دىنلىرىنى پارچىلىغانلارنىڭ كىتابلىرىغىمۇ زەبۇر دېيىلىشى ئۇلارنىڭ ئۇ كىتابلارغا ئىلاھىي كىتاب تۈسى بەرگەنلىكىگە ئىشارەت قىلىش ئۈچۈن بولسا كېرەك.

## ل ـ جامائەتنى كۆپەيتىشنىڭ غايە بولۇشى

دىنغا بويسۇنۇشنىڭ ئۇرنىغا دىننى ئۆزلىرىگە بويسۇندۇرىدىغانلار، ئۇ دىننىڭ ئاساسىي ئېتىقادلىرىنى ئۆزلىرىنىڭ ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەشنىڭ بىر ۋاستىسى سۈپىتىدە ئىشلىتىدۇ. مەسىلەن، خرىستىئانلىقتىكى ئاتا، بالا ۋە مۇقەددەس روھ ئېتىقادى، چېركاۋنىڭ خرىستىئان جامائەسى ئۈستىدىكى ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەشنىڭ ۋاستىسى سۈپىتىدە ئىشلىتىلمەكتە. بۇ بۈيۈك بىر دىن سۈيئىستېمالىدۇر. ئىنسانلار تېخىمۇ دىندارلىشىش ئۈچۈن ئاللاھقا باغلىنىشنىڭ ئورنىغا چېركاۋغا باغلىنىدۇ. «چېركاۋ مۇئەييەن دەرىجىلەرگە ئايرىلغان ئورگانلاردىن ۋە ئىيسا مەسىھنىڭ سىرلىق بەدىنىدىن تەركىپ تاپقان بىر تەشكىلاتتۇر. ساماۋىي ھەدىيەلەر بىلەن بېزەلگەن. ئۇ بىرى ئىنسانىي يەنە بىرى ئىلاھىي بولغان ئىككى پەرقلىق تەركىبى قىسىمغا ئىگە[277]. چېركاۋ ئىنسانىيەت بىلەن ئاللاھنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بىرلىكنىڭ ئىشارىتى ۋە ۋاستىسىدۇر[278]. ئىيسا مەسىھكە ئوخشايدىغان چېركاۋ خىزمەتچىلىرى ئىيسا مەسىھنىڭ بەندىلىرىدۇر. چۈنكى ئۇلارنىڭ ئېيتقان سۆزلىرى ۋە قىلغان ئېھسانلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئەمەس، بەلكى ئىيسا مەسىھنىڭ باشقىلارغا بېرىش ئۈچۈن ئۇلارغا ئامانەت قىلىنغان سۆز ۋە ئېھسانلىرىدۇر»[279].

277 ـ كاتولىك چېركاۋى دىن ۋە ئەخلاق ئاساسلىرى، 771ـ پاراگراف.
278 ـ كاتولىك چېركاۋى دىن ۋە ئەخلاق ئاساسلىرى، 775ـ پاراگراف.
279 ـ كاتولىك چېركاۋى دىن ۋە ئەخلاق ئاساسلىرى، 876ـ پاراگراف.

كاتولىكلار ئىيسا ئەلەيھىسسالام تەبلىغ قىلغان دىننى ئەنە شۇ شەكىلدە ئاللاھنىڭ دىنى بولۇشتىن چىقىرىپ، چېركاۋنىڭ دىنى ھالىتىگە كەلتۈرگەن. ھازىر چېركاۋ ئۆزىگە باغلىق كىشىلەرنىڭ سانىنى كۆپەيتىش ئۈچۈن ھەر خىل ۋاستىلەرنى قوللانماقتا. بۇ ئەھۋال باشقا چېركاۋلاردىمۇ شۇنداق. ئۇلارنىڭ بۇ پائالىيىتى «مىسسىئونېرلىك» دەپ ئاتىلىدۇ.

مىسسىئونېرلىك دىن تەبلىغى ئەمەستۇر. دىن تەبلىغى بىر دىننى ئىنسانلارغا يەتكۈزگەندىن كېيىن ئىشىنىش مەسىلىسىدە ئۇلارنى ئىختىيارىغا قويۇپ بېرىشتۇر. مىسسىئونېرلىك بولسا پاۋلۇسنىڭ قىلغىنىغا ئوخشاش ئىنسانلارنى چېركاۋغا خىزمەت قىلىدىغان ھالەتكە كەلتۈرۈش ئۈچۈن ھەر خىل ۋاستىلەرنى ئىشقا سېلىش پائالىيىتىدۇر. ھەممىمىزگە مەلۇملۇق ئامېرىكا قىتئەسىنىڭ ئىشغال قىلىنغىنىغا تېخى 200 يىل بولماستىن ئوتتۇرا ئەسىر ئېنگىزىسيونىدىن[280] قېلىشمايدىغان دەرىجىدە زۇلۇم بىلەن يەرلىك ئېتىقاد ۋە مەدەنىيەتلەر يوقىتىلغان، شۇنداقلا خەلق خرىستىئانلاشتۇرۇلغان. ئەينى ئەھۋال ئاۋستىرالىيە، يېڭى زېللاندىيە، غەرب ئېمپېرىيالىزمى تەرىپىدىن مۇستەملىكە قىلىنغان ئافرىقا دۆلەتلىرى ۋە دۇنيانىڭ باشقا دۆلەتلىرىدىمۇ يۈز بەرگەن[281].

مىسسىئونېرلار پاۋلۇسنىڭ يولىدىدۇر. ئۇنىڭ كورىنتلىقلارغا يازغان خېتىدە مۇنۇ جۈملىلەر ئورۇن ئالغان:

---

280ـ ئېنگىزىسيون كاتولىكلارنىڭ بىر خىل مەھكىمىلىرى بولۇپ، بۇ مەھكىمىلەر 15 ۋە 16ـ ئەسىرلەردە كاتولىك چېركاۋغا قارشى چىققۇچىلارنى تېپىپ جازالاش ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن.

281ـ شىناسى گۈندۈز، ماھمۇت ئايدىن، مىسسىئونېرلىك، ئىستانبۇل 2002، 18ـ بەت.

«19 مەن ھېچكىمدىن ھەق ئالمىغانلىقىم ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ
تەلەپلىرىدىن ئەركىن. لېكىن، تېخىمۇ كۆپ ئادەمنىڭ ئەيسا مەسىھكە ئېتىقاد
قىلىشى ئۈچۈن، كۆپچىلىكنىڭ قۇلىدەك ياشاپ كەلدىم. 20 يەھۇدىيلارنىڭ
ئەيسا مەسىھكە ئېتىقاد قىلىشى ئۈچۈن، يەھۇدىيلار ئارىسىدا بولغىنىمدا
يەھۇدىيلاردەك ياشاۋاتىمەن. تەۋرات قانۇنىنىڭ ئىلكىدىن ئازاد قىلىنغان
بولساممۇ، تەۋرات قانۇنىنىڭ ئىلكىدە ياشايدىغانلارنىڭ ئەيسا مەسىھكە ئېتىقاد
قىلىشى ئۈچۈن، شۇ كىشىلەردەك ياشاۋاتىمەن. 21 شۇنىڭغا ئوخشاش،
تەۋرات قانۇنى بىلەن مۇناسىۋىتى يوق يەھۇدىي ئەمەسلەر ئارىسىدا بولغىنىمدا،
شۇ كىشىلەرگە ئوخشاش ياشاۋاتىمەن. بۇ، خۇدانىڭ قانۇنىدىن چەتنەپ كەتتىم
دېگەنلىك ئەمەس، چۈنكى مەن ئەيسا مەسىھنىڭ قانۇنىغا ئىتائەت قىلىپ
ياشاۋاتىمەن. 22 خۇدا توغرىسىدىكى بىلىمى تونۇپ يەتمىگەنلىكتىن
ۋىجدانى ئاسانلا ئازابلىنىدىغان ئېتىقادچىلارنىڭ ئارىسىدا ئۇلارغا ئوخشاش
ياشاۋاتىمەن. بۇنداق قىلىشىمدىكى مەقسەت، ئۇلارنىڭ ئېتىقادىنى
مۇستەھكەملەشتۇر. بارلىق چارىلەرنى ئىشلىتىپ تېخىمۇ كۆپ كىشىلەرنىڭ
قۇتۇلۇشى ئۈچۈن، مەيلى مەن قانداقلا كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا بولاي، خۇدا
مەنئى قىلمىغانلا بولسا، شۇ كىشىلەرنىڭ ئادەتلىرى بويىچە ياشايمەن. 23 مەن
تېخىمۇ كۆپ كىشىلەرنىڭ بۇ خۇش خەۋەرنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنىڭدىن
كېلىدىغان بەختتىن مەن بىلەن بىللە تەڭ بەھرىمەن بولۇشى ئۈچۈن، بۇ
ئىشلارنى قىلىۋاتىمەن»[282].

[282] ـ ئىنجىل، پاۋلۇسنىڭ كورىنتلىقلارغا يازغان بىرىنچى خېتى، 9/19 ـ 23.

مىسسىئونېرلىك ئىنجىلنى خەلقلەرگە ۋە مەسىھكە ئىشەنمىگەن گۇرۇپپىلارغا يەتكۈزۈش بىلەن باشلىنىدۇ. خرىستىئان جامائەتلەرنىڭ ۋە يەرلىك چېركاۋلارنىڭ قۇرۇلۇشى بۇنىڭ ئارقىسىدىن كېلىدۇ. ئىنجىلنى خەلقلەرنىڭ كۈلتۈرلىرىدە (مەدەنىيەتلىرىدە) جانلاندۇرۇش ئۈچۈن بىر ئىنكۈلتۈراسيون باسقۇچى باشلىنىدۇ. خەلقلەرگە، گۇرۇپپىلارغا ۋە كىشىلەرگە مۇناسىۋەتلىك ماۋزۇلاردا چېركاۋ ئۇلارغا قەدەممۇقەدەم يېقىنلىشىدۇ ۋە تەسىر كۆرسىتىدۇ. بۇ ئىش ئىنجىلنى قوبۇل قىلمايدىغانلار بىلەن ئېھتىرام بىلدۈرگەن ئاساستا مۇناسىۋەت ئورنىتىشنى تەلەپ قىلىدۇ[283].

ئىنكۈلتۈراسيۇن ئىنجىلنىڭ تەلىماتلىرىنى خرىستىئانلار بولمىغان ئەللەرنىڭ مەدەنىيەتلىرىگە كىرگۈزۈش دېمەكتۇر. خرىستىئانلىق تەلىماتى ۋە هايات شەكلى باشقا مەدەنىيەتلەرگە ماس هالەتكە كەلتۈرۈلىدۇ. بۇنىڭ غايىسى ئىنسانلارنى قەدەممۇقەدەم خرىستىئانلاشتۇرۇشتۇر.

نۇرغۇن مۇسۇلمان گۇرۇھ ۋە تەرىقەتچىلەردىمۇ بۇ خىل ئەھۋاللار كۆرۈلىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئىسلامغا ۋەكىللىك قىلىدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ. ئەگەشكۈچىلىرىنىڭ كۆپىيىشىنى ئىسلامنىڭ يېيىلىشى دەپ هېسابلايدۇ. ئەگەشكۈچىنى كۆپەيتىشنى ئاساسىي نىشان قىلىپ بەلگىلەيدۇ. سەئىد نۇرسىنىڭ تۆۋەندىكى كۆزقاراشلىرى بۇنىڭغا مىسال بولىدۇ:

«رىسالەئى نۇرنىڭ ئىسلام دۇنياسىدا تارقىلىشىغا قارشى ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي جەھەتتىن توسالغۇ پەيدا بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن نۇر شاگىرتلىرى

---

[283]- كاتولىك چېركاۋى دىن ۋە ئەخلاق ئاساسلىرى، 854- ۋە 856- پاراگراف.

تېنچلىق سۆيەر بولۇشى لازىم. ئاگاھ بولۇڭلاركى، ئۇستازلارنىڭ جۈمە ۋە جامائەتلىرىگە چېقىلماڭلار. ئۇلارغا قاتناشمىساڭلارمۇ قاتناشقانلارنى تەنقىد قىلماڭلار. گەرچە ئىمام رەببانى: ‹بىدئەت بار يەرگە كىرمەڭلار › دېگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ مۇنداق دېيىشتىكى مەقستى: ناماز باتىل بولىدۇ دېگەنلىك ئەمەس، نامازنىڭ ساۋابى بولمايدۇ دېگەنلىكتۇر[284].

نۇرچىلار نۇرچىلىقنى يېيىش ئۈچۈن ھەممە كىشى بىلەن يېقىن مۇناسىۋەتتە بولۇشقا تىرىشىدۇ ۋە مۇنازىرىگە كىرمەيدۇ...

«بىدئەت بار يەرلەرگە كىرمەڭلار» دېگەن سۆز بىلەن مەسجىد ۋە جامەلەرنىڭ مەقسەت قىلىنغانلىقى ئېنىق. مۇسۇلمان كىشى تېخىمۇ كۆپ ساۋاب ئېلىش ئۈچۈن مەسجىدكە بارىدۇ. ئەگەر نامازنىڭ ساۋابىنى ئالالمايدىغان ئىش بولسا مەسجىدكە بارامدۇ؟ سەئىد نۇرسي بۇ يول ئارقىلىق نۇرچىلارغا، ئۆز ئىبادەتخانىلىرىنى شەكىللەندۈرۈش ھەققىدە يوليورۇق بەرگەن.

---

[284]- كاستامونۇ لاھىقىسى، 27- مەكتۇب، رىسالەئى نۇر كۈللىياتى، 2- جىلد، 1667- بەت.

## م- ئىنسانىيەتنى قۇچاقلاش دەۋاسى

نۇرچىلار دەيدۇكى: «كىم ھەقىقەت ئىزدەيدىكەن رىسالەئى نۇردىن دەرس ئالسۇن. نۇر يولىدا ماڭغان ھەر بىر زىيالىي ھەقىقىي بەخت-سائادەتكە ئېرىشىدۇ ۋە يەر يۈزىنىڭ ماھىيىتىنى چۈشىنىدۇ. ئەدەبىي ھايات خەزىنىسىنى كۆرسىتىدىغان قۇرئان ھەكىمىنىڭ نۇرى بولغان رىسالەئى نۇر ئەلۋەتتە بىر كۈنى ئەمەس بىر كۈنى دۇنيانى زىلزىلىگە كەلتۈرىدىغان نۇرلۇق ئاۋازىنى ياڭرىتىدۇ»[285].

سەئىد نۇرسىي تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا مۇنداق دەيدۇ: «دىنىنىڭ، شەرىئەتنىڭ ۋە قۇرئاننىڭ يۈزدىن ئارتۇق تىلسىمات ۋە سىرلىرىنى يېشىپ ئوتتۇرىغا چىقارغان، ئەڭ تەرسا دىنسىزلارنىڭ ئېغىزلىرىنى تۇۋاقلاپ گەپ قىلالمايدىغان قىلىپ قويغان، مىراج ۋە ئاخىرەتتە روھ ۋە جەسەتنىڭ بىللە تىرىلىدىغانلىقىدەك ئەقىلدىن بەك يىراق دەپ گۇمان قىلىنغان قۇرئانىي ھەقىقەتلەرنى ئەڭ مۇتەئەسسىپ، ئەڭ تەرسا پەيلاسوپ ۋە زىندىقلارغا[286] قارشى قۇياشتەك ئىسپاتلىغان، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ بىر قىسمىنى ئىمانغا كەلتۈرگەن رىسالەئى نۇر نۇسخىلىرى، ئەلۋەتتە پۈتۈن دۇنيانى ۋە ھاۋا بوشلۇقىنى ئۆزى بىلەن ئالاقىدار قىلىدىغان، بۇ ئەسىرنى ۋە كەلگۈسىنى ئۆزىگە باغلاپ تۇرىدىغان بىر قۇرئان ھەقىقىتىدۇر، ئەھلى ئىمان قولىدا بىر ئالماس قىلىچتۇر»[287].

---

285- تارىخچەئى ھايات، ئىسپارتا ھاياتى، رىسالەئى نۇر كۈللىياتى، 2- جىلد، 2204- بەت.
286- زىندىق دەھرىي دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.
287- ئەمىرداغ لاھىقەسى، (1) 27- مەكتۇب، رىسالەئى نۇر كۈللىياتى 2- جىلد، 1695- بەت.

«شئەلكتە مۇتەئەسسىپ كىشلەر، ۋەھابىيلىقتا ھەددىدىن ئېشىپ كەتكەن كىشلەر، پەيلاسوپلارنىڭ ئەڭ تەرساسى ۋە ئالىمى، مۇتەئەسسىپ ئۆلىمالارنىڭ ئەڭ مۇتەكەببىرلىرى بىردەك نۇر دائىرىسىگە كىرىشكە باشلىدى ۋە قېرىنداشلارغا ئايلاندى. ھەتتا بەزى مىسسىئونېرلارنىمۇ، ئىيسا دىنىنىڭ ھەقىقىي روھانىيسىنىڭمۇ (يەنى ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭمۇ) ئۇ دائىرىگە كىرىدىغانلىقى توغرىسىدا ئىشارەتلەر بار. بۇلار بىر-بىرىگە ھۇجۇم قىلىشمايدۇ. ئەكسىچە ئىناق-ئىتتىپاقلىقنىڭ مۇھىملىقىنى تونۇپ يېتىپ مۇنازىرىگە سەۋەب بولىدىغان مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا تاشلىمايدۇ. دېمەك، ئىمام ئەلى ئوتتۇز-قىرىق ئىشارىتى بىلەن ئوچۇق ئاشكارا ھالدا خەۋەر بەرگەن رىسالەئى نۇر بۇ زاماننىڭ دەھشەتلىك جاراھەتلىرىگە تولۇق بىر دورىدۇر. ئۇ دائىرە (نۇرچىلىق) بىزگە كۆپايە قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ سىرتىغا چىقمايمىز»[288].

[288]- ئەمىرداغ لاھىقەسى، رىسالەئى نۇر كۇللىياتى 2- جىلد، 1769- بەت.

# تۆتىنچى بۆلۈم

## سەئىد نۇرسىي ۋە قۇرئان

سەئىد نۇرسىنىڭ بەزىدە قۇرئانغا نىسبەتەن توغرا پوزىتسىيىدە بولغانلىقى كۆزگە چېلىقىدۇ. لېكىن ئۇ قۇرئانغا كۆپرەك ئۆزنى، كىتابلىرىنى ۋە شاگىرتلىرىنى مۇقەددەسلەشتۈرۈش ئۈچۈن ئىلتىجا قىلىدۇ. ئايەتلەردىن بۇ خىل مەنىلەرنى چىقىرىش مۇمكىن بولمايدىغانلىقى ئۈچۈن ئۇ ناھايىتى خاتا يوللارغا كىرىدۇ. مەسىلەن، ئۇنىڭ كۆز قارىشىچە قۇرئاننىڭ 33 ئايىتىدە ئۆزىگە ۋە رىسالەئى نۇرلارغا ئىشارەت قىلىنماقتا[289]. ئۇ بۇ دەۋاسىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن ئەبجەد ۋە جەفرنى [290] ئىشلەتكەن. بۇ كۆپىنچە سېھىرگەرلەر ۋە رەمچىلەر ئىلتىجا قىلىدىغان بىر يولدۇر. ئەمەلىيەتتىمۇ مەزكۇر كۆز قاراشلارنى باشقا ئۇسۇل بىلەن ئىسپاتلاش مۇمكىن ئەمەس.

### ئا۔ ئەبجەد ۋە جەفر

ئەبجەد ۋە جەفر، 28 ھەرپلىك ئەرەب تىلى ئېلىپبەسى ۋە ھېچقانداق مەنە ئىپادىلىمەيدىغان تۆۋەندىكىدەك 8 سۆز بىرىكمىسىدىن تەركىپ تاپقان:

«ئەبجەد، ھەۋۋەز، ھۇتتىي، كەلەمەن، سەئۇفەس، قەرەشەت، سەخخەز، زەزەغ»

«أبجد هوز حطي كلمن سعفص قرشت ثخذ ضظغ».

بۇ ھەرپلەرگە 1 دىن 1000 گىچىلىك سان قىممىتى بېرىلىپ بىر خىل ھېسابلاش شەكلى ئىجاد قىلىنغان. يۇقارقى سەككىز سۆز بىرىكمىسىنىڭ

---

[289] ـ شۇئالار، بىرىنچى شۇئا، رىسالەئى نۇر كۇللىياتى، 1ـ جىلد، 831ـ بەت.

[290] ـ جەفر ئەسلى ئەرەبچە سۆز بولۇپ مەنىسى مۆلچەر، قىياس، بېشارەت، پال، رەم دېگەنلەردىن ئىبارەت.

بىرىنچىسى «ئەبجەد» دەپ ئوقۇلغانلىقى ئۈچۈن بۇ خىل ھېسابلاش ئۇسۇلى «ئەبجەد» ھېسابى دەپ ئاتالغان. بۇ ھەرپلەر ۋە ئۇلارنىڭ سان قىممىتى تۆۋەندىكىچە:

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| ا | ب | ج | د | ھ | و | ز |
| 1 | 2 | 3 | 4 | 5 | 6 | 7 |
| ح | ط | ي | ك | ل | م | ن |
| 8 | 9 | 10 | 20 | 30 | 40 | 50 |
| س | ع | ف | ص | ق | ر | ش |
| 60 | 70 | 80 | 90 | 100 | 200 | 300 |
| ت | ث | خ | ذ | ض | ظ | غ |
| 400 | 500 | 600 | 700 | 800 | 900 | 1000 |

ئەبجەد ھېسابى كۆپىنچە بىر جۈملىنىڭ ياكى بېيىتنىڭ ئىچىگە مۇھىم ھادىسىلەرنىڭ تارىخلىرىنى مەنىلىك كەلىمىلەر بىلەن يەرلەشتۈرۈش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. بۇ تارىخ قالدۇرۇش دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ ھېسابنى غەيب ئىلمىگە ۋە سىرلىق مەنىلەرگە يېتىش ئۈچۈن ئىشلىتىدىغانلارمۇ بولغان. بۇلار جەفر ياكى جىفر دېگەن مېتودنى ئىشلىتىدۇ.

كۆپىنچە شىئە ۋە رەممالار ئىشلىتىدىغان جىفردە ھەرپلەر بىلەن سانلار ئوتتۇرىسىدا مۇناسىۋەت قۇرۇلۇپ ئۇلارغا ماس كېلىدىغان ئىشارەتلەرگە

ئېرىشىش مەقسەت قىلىنىدۇ[291]. بۇ باتىل بىر يولدۇر. چۈنكى ئەبجەد ھېسابىنىڭ قۇرئان ۋە سۈننەتتىن ھېچقانداق ئاساسى بولمىغاندەك سىرلىق مەنىلەرگە يەنى غەيب ئىلمىگە ئېرىشىشنىڭمۇ بىر يولى يوقتۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

«قُلْ لَا يَعْلَمُ مَنْ فِي السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ الْغَيْبَ إِلَّا اللَّهُ وَمَا يَشْعُرُونَ أَيَّانَ يُبْعَثُونَ»

«(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى: ‹غەيبنى ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى كىشىلەردىن ھېچكىم بىلمەيدۇ، غەيبنى پەقەت ئاللاھ بىلىدۇ›. ئۇلار قاچان تىرىلدۈرۈلىدىغانلىقىنى تۇيمايدۇ»ـ نەمل 65/27.

بۇ ئايەتتىكى «ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى كىشىلەردىن ھېچكىم» ئىپادىسى پەرىشتىلەرنىڭ، جىنلەرنىڭ ۋە پەيغەمبەرلەرنىڭمۇ غەيبنى بىلمەيدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

جىفر يولى بىلەن غەيبنى بىلىشكە ئۇرۇنغانلاردىن بىرى سەئىد نۇرسىدۇر. تۆۋەندە ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلغىنىدەك، ئۇ ئۆزى يەتمەكچى بولغان سانلارغا يېتىشتە قىينالغان. شۇنىڭ ئۈچۈن ئايەتلەرنىڭ جۈملە شەكلىنى ئۆزگەرتىشكە، تىل قائىدىلىرىنىڭ ياكى ئەبجەد قائىدىلىرىنىڭ سىرتىغا چىقىشقا مەجبۇر بولۇپ قالغان. بۇمۇ يەتمىگەندىن كېيىن ئۆزى خالىغان سانلار بىلەن ئوتتۇرىدىكى پەرقنى «سىرلىق پەرق» دەپ ئۆزىنى ئاقلىغان.

---

[291]ـ مۇستافا ئۆزۈن، «ئەبجەد»، دىيانەت ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيەسى، 10ـ جىلد، 68ـ70. مەتىن يۇرداگۇر، «جەفر»، دىيانەت ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيەسى، 7ـ جىلد، 215ـ218.

## ب- رىسالەئى نۇرلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىشارەتلەر

سەئىد نۇرسىي ئۆزىگە، رىساللىرىغا ۋە تالىپلىرىغا بىشارەت بار دەپ قارىغان 33 ئايەتنىڭ ئارىسىدىن نۇر سۈرىسىنىڭ 35- ئايىتى ئۈستىدە ئەڭ كۆپ توختىلىدۇ. ئۇنىڭ بۇ ئايەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك دەۋالىرىنى كۆرۈپ ئۆتسەك باشقىلىرىغا ئېھتىياج قالمايدۇ. ئايەت مۇنداق:

«اللَّهُ نُورُ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ مَثَلُ نُورِهِ كَمِشْكَاةٍ فِيهَا مِصْبَاحٌ الْمِصْبَاحُ فِي زُجَاجَةٍ الزُّجَاجَةُ كَأَنَّهَا كَوْكَبٌ دُرِّيٌّ يُوقَدُ مِنْ شَجَرَةٍ مُبَارَكَةٍ زَيْتُونَةٍ لَا شَرْقِيَّةٍ وَلَا غَرْبِيَّةٍ يَكَادُ زَيْتُهَا يُضِيءُ وَلَوْ لَمْ تَمْسَسْهُ نَارٌ نُورٌ عَلَى نُورٍ يَهْدِي اللَّهُ لِنُورِهِ مَنْ يَشَاءُ وَيَضْرِبُ اللَّهُ الْأَمْثَالَ لِلنَّاسِ وَاللَّهُ بِكُلِّ شَيْءٍ عَلِيمٌ»

«ئاللاھ ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ نۇرىدۇر. ئاللاھنىڭ نۇرى، ئىچىدە چىراغ بولغان بىر تەكچىگە ئوخشايدۇ. ئۇ چىراغ بىر شىشىنىڭ ئىچىدىدۇر. ئۇ شىشە خۇددى بىر گۆھەر يۇلتۇزدۇر. ئۇ چىراغ شەرقىمۇ، غەربىمۇ مەنسۇپ بولمىغان مۇبارەك زەيتۇن دەرىخىنىڭ يېغى بىلەن يورۇتۇلىدۇ. ئۇ شۇنداق مۇبارەك دەرەخكى، يېغى ئوت تەگمىسىمۇ يورۇتايلا دەپ تۇرىدۇ. ئۇ نۇر ئۈستىگە نۇردۇر. ئاللاھ خالىغان كىشىنى نۇرىغا ھىدايەت قىلىدۇ. ئاللاھ ئىنسانلارغا مىساللارنى بايان قىلىدۇ. ئاللاھ ھەر نەرسىنى بىلگۈچىدۇر»- نۇر 35/24.

ئايەتنىڭ تەرجىمىسىنى ئۆزىمىز قىلدۇق. ئىنشائاللاھ مەسىلىنىڭ چۈشىنىلىشىگە ياردەمچى بولغۇسى.

سەئىد نۇرسىي بۇ ئايەتنىڭ رىسالەئى نۇرلارنىڭ ئىسمىغا، يېزىلىش تارىخىغا ۋە ئىچىدىكى ئىلىمنىڭ قىممىتىگە قىلىنغان ئىشارەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقىنى دەۋا قىلىدۇ.

ئۇ كىتابلىرىنى رىسالەئى نۇر، رەسائىلىننۇر، رىسالەتۇننۇر ۋە رىسالەئىننۇر دېگەن ئىسىملار بىلەن ئاتايدۇ.

ئۇنىڭ ئېيتىشىچە مەزكۇر ئايەت تۆت-بەش جۈملىسى بىلەن ئون جەھەتتىن بۇ كىتابلارنىڭ ئىسمىغا ئىشارەت قىلىدۇ.

**بىرىنچى جۈملە:**

سەئىد نۇرسىينىڭ ئېيتىشىچە ئايەتنىڭ رىسالەئى نۇرغا قارايدىغان بىرىنچى جۈملىسى شۇدۇر: «**مَثَلُ نُورِهِ كَمِشْكَاةٍ فِيهَا مِصْبَاحٌ**» «ئاللاھنىڭ نۇرى، ئىچىدە چىراغ بولغان بىر تەكچىگە ئوخشايدۇ».

«يەنى نۇرى ئىلاھىينىڭ ياكى نۇرى قۇرئانىينىڭ ۋە ياكى نۇرى مۇھەممەدىينىڭ مىسالى «**مِشْكَاةٍ فِيهَا مِصْبَاحٌ**» ئىچىدە چىراق بار بىر تەكچىدۇر. بۇنىڭ ماقامى جىفرىسى يەنى جىفرىگە ئاساسەن رەقەم قىممىتى 998 بولىدۇ. تەشدىدلىك نۇننى ئىككى نۇن ھېسابلىساق، رىسالەتۇننۇرنىڭ رەقەم قىممىتى بىلەن ئوخشاش بولىدۇ. بۇ سەۋەبتىن ئايەت بۇ ئىسمىغا تولۇق ئىشارەت قىلىدۇ».

ئۇ بۇ سۆزى بىلەن ئۇ «**مِشْكَاةٍ فِيهَا مِصْبَاحٌ**» «ئىچىدە چىراق بار بىر تەكچى» نىڭ رىسالەتۇننۇر ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان بولىدۇ. ئۇنىڭ يۇقىرىدىكى جۈملىسىنى بۇ ئىپادە بىلەن بىرلەشتۈرگەن ۋاقتىمىزدا مۇنداق بىر مەنە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ: «نۇرى ئىلاھىينىڭ ياكى نۇرى قۇرئانىينىڭ ۋە ياكى نۇرى مۇھەممەدىينىڭ مىسالى رىسالەتۇننۇردۇر»[292].

[292] ـ سەئىد نۇرسىينىڭ بۇ ئايەتنىڭ نۇرى مۇھەممەدىيىگە ئىشارەت قىلغانلىقى، بۇ سەۋەبتىن رىسالەتۇننۇرنىڭ نۇرى مۇھەممەدىي بولغانلىقى دەۋاسىمۇ بار. بۇ مەسىلە ئۈستىدە ئىلگىرى توختالغان ئىدۇق.

ئۇ بۇنى ئاشكارا سۆزلىمەيدۇ، لېكىن بۇنىڭ مۇشۇنداق ئىكەنلىكىنى تۆۋەندە باشقا جۈملىلەر بىلەن ئىپادىلەيدۇ.

ئۇ رەقەملەرنى ئۇدۇللاشتۇرۇش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئايەتتىن ئالغان جۈملىلەرنىڭ تەركىبىنى بۇزغان. ئاندىن كەمىشكاتىن «**كَمِشْكَاةٍ**» كەلىمىسىنىڭ بېشىدىكى « **ك**» ھەرپىنى چىقىرىپ تاشلىغان. بۇمۇ يەتمىگەندىن كېيىن رىسالەتۇننۇر « **رسالة النور** » دېگەن كەلىمىدىكى ئەل «**ال**» ھەرپى تەئرىفنى نۇن « **ن**» ھېسابلىغان. رىسالەتۇننۇر ئەرەبچە يېزىلسا مۇنداق يېزىلىدۇ: «**رسالة النور** ». ئۇ دېگەن ئىككى نۇننىڭ ئىككىنچىسى ئەل « **ال**» ھەرپىنىڭ ئىدغامى شەمسىيە بولۇشى سەۋەبى بىلەن نۇنغا ئۆزگىرىشىدىن مەيدانغا كەلگەن تاۋۇشتۇر. ئۇ مۇشۇنداق قىلمىسا خالىغان رەقىمگە ئېرىشەلمەيتتى.

**ئىككىنچى جۈملە**

سەئىد نۇرسىينىڭ قارىشىچە ئايەتنىڭ رىسالەئى نۇرغا قارايدىغان ئىككىنچى جۈملىسى شۇدۇر:

«**الزُّجَاجَةُ كَأَنَّهَا كَوْكَبٌ دُرِّيٌّ يُوقَدُ**»

«ئۇ شىشە خۇددى بىر گۆھەر يۇلتۇزدۇر. يورۇتۇلىدۇ...»

بۇ جۈملىنىڭ رەقەم قىممىتى 546 دۇر. رىسالەئى نۇرنىڭ رەقەم قىممىتى بولسا 548 دۇر. ئىككىسىنىڭ سىرلىق ئىككى پەرق بىلەن بىر-بىرىگە ماس كېلىشى بۇ ئىسمغا تولۇق ئىشارەت قىلىدۇ.

سەئىد نۇرسي ئايەتتىن ئالدى بىلەن بىر ئىسىم جۈملىنى ئالغان، ئۆزى خالىغان رەقەمگە ئېرىشەلمىگەندىن كېيىن ئۇنىڭ داۋامىدىكى پېئىل جۈملىنىڭ بىرىنچى كەلىمىسىنى ئالغان ۋە بۇ شەكىلدە جۈملىنىڭ تەركى بىنى بۇزۇۋەتكەن. ئۇ بۇنىڭ بىلەنمۇ يەنىلا خالىغان رەقەملىرىگە ئېرىشەلمەي كىتابىنىڭ ئىسمىنى رىسالەئىننۇر دەپ ئۆزگەرتكەن. مۇشۇنداق بولۇشىغا قارىماي ئوتتۇرىدا قېلىپ قالغان ئىككى رەقەمنى «سىرلىق ئىككى پەرق» دەپ مەسىلىنى سىر پەردىسى بىلەن يۆگىگەن.

## ئۈچىنچى جۈملە

سەئىد نۇرسىينىڭ كۆز قارىشىدا ئايەتنىڭ رىسالەئى نۇرغا قارايدىغان ئۈچىنچى جۈملىسى شۇدۇر:

«**مِنْ شَجَرَةٍ**» «دەرەختىن». ئەگەر «**مِنْ شَجَرَةٍ**» دىكى « **ةٍ**» ھەرپى توختاپ ئوقۇغاندىكىگە ئوخشاش «ھ» ھېسابلانسا ئەبجەد ھېسابىدا بۇنىڭ رەقەم قىممىتى 598 بولۇپ، رەسائىلىننۇر ۋە رىسالەئىننۇرنىڭ رەقەم قىممىتى بولغان 598 گە ماس كېلىش بىلەن بىللە «**من فرقان ح كيم**» «ھېكمەتلىك فۇرقاندىن» نىڭ رەقەم قىممىتىگە سىرلىق بىر رەقەم بىلەن ئۇدۇللاشقان ھالدا ھەم رەسائىلىننۇرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ ھەمدە رىسالەئىننۇرنىڭ «ھىكمەتلىك فۇرقانىنىڭ بەرەكەتلىك دەرىخى» بولغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

ئەگەر «**مِنْ شَجَرَةٍ**» دىكى «**ةٍ**» ھەرپى «**ةٍ**» ھالىتىدە قالسا، ئۇ چاغدا ئۇنىڭ جىفر قىممىتى 993 بولىدۇ. ماسلىققا تەسىر يەتكۈزمەيدىغان ناھايىتى ئاز ۋە سىرلىق بەش پەرق بىلەن رىسالەتۇننۇرنىڭ رەقەم قىممىتى بولغان 998 گە ئۇدۇللىشىدۇ. مەنىسىمۇ بۇنىڭغا مۇۋاپىق بولغانلىقى ئۈچۈن ئايەت بۇ ئىسىمغا ئىشارەت قىلىدۇ.

ئېنىق نامايان بولۇپ تۇرۇپتۇكى، سەئىد نۇرسىينىڭ كىتابلىرىنى رىسالەئى نۇر، رەسائىلىننۇر، رىسالەتۇننۇر ۋە رىسالەئىننۇر دېگەن پەرقلىق ئىسىملار بىلەن ئاتىشى ئۆزى خالىغان رەقەملەرگە ئېرىشىش ئۈچۈن بولغان.

بۇ يەردە سەئىد نۇرسي ئالدى بىلەن ئايەتتىن ھەرپى جەر (زىرلىق قىلىش قوشۇمچىسى) بىلەن مەجرۇر كەلىمىنى (زىرلىق قىلىنغۇچى سۆزنى) ئالغان ۋە ئۇنى جۈملە دەپ ئاتىغان. ئاندىن رەقەم قىممىتى 400 بولغان ت «ةٍ» ھەرپىنى رەقەم قىممىتى 5 بولغان ھـ بىلەن ئالماشتۇرغان. يۇقىرىدا رەقەم قىممىتى 548 ئىكەنلىكىنى ئېيتقان رىسالەئىننۇرنى بۇ قېتىم 598 گە چىقارغان. ھەر قانچە قىلىپمۇ ئۆزى خالىغان رەقەملەرگە ئېرىشەلمىگەندىن كېيىن يەنە «سىرلىق پەرق» پەردىسىگە سىغىنغان. ئەڭ ئاخىرىدا ئايەتكە قۇرئاندا مەۋجۇت بولمىغان مىن فۇرقانى ھەكىم «**من فرقان حكيم**» (فۇرقان ھەكىمدىن) شەكلىدىكى بىر توقۇلما سۆزنى ئىلاۋە قىلىپ «رىسالەئى نۇرنىڭ فۇرقانى ھەكىمنىڭ بەرەكەتلىك بىر دەرىخى» ئىكەنلىكى نەتىجىسىگە بارغان. بۇ ئىپادىنى ئايەتتىكى ئورنىغا قويغان ۋاقتىمىزدا مۇنداق بىر ئەھۋال كېلىپ چىقىدۇ:

«ئاللاھنىڭ نۇرى ئىچىدە چىراغ بولغان بىر تەكچىگە ئوخشايدۇ. ئۇ چىراغ بىر شىشىنىڭ ئىچىدىدۇر. ئۇ شىشە خۇددى مەرۋايىتتەك بىر يۇلتۇزدۇر. ئۇ چىراغ شەرقتىمۇ، غەربتىمۇ تېپىلمايدىغان بەرەكەتلىك رىسالەئى نۇردىن يورۇتۇلغان».

ئۇنىڭ بۇ دەۋاسى كېيىنكى ئىپادىلىرى بىلەن تېخىمۇ ئاشكارا ھالدا مەلۇم بولىدۇ.

### تۆتىنچى جۈملە

سەئىد نۇرسىينىڭ كۆز قارىشىدا ئايەتنىڭ رىسالەئى نۇرغا قارايدىغان تۆتىنچى جۈملىسى مۇنداق:

«نُورٌ عَلَى نُورٍ يَهْدِي اللَّهُ لِنُورِهِ»

«نۇر ئۈستىگە نۇردۇر. ئاللاھ نۇرىغا يېتەكلەيدۇ».

ئايەتنىڭ بۇ پارچىسىنىڭ رەقەم قىممىتى 999 بولۇپ، سىرلىق بىر رەقەم پەرقى بىلەن رىسالەتۇننۇرنىڭ رەقەم قىممىتى بولغان 998 گە ماس كېلىپ مەنىسىنىڭ كۈچلۈك مۇناسىۋىتى بىلەن ئىشارەت دەرىجىسىدە ئىما قىلماقتا».

سەئىد نۇرسي بۇ يەردە رەقەمنى توتتۇرۇش ئۈچۈن ئىككى جۈملىنى بىرلەشتۈرگەن. لېكىن ئىككىنچى جۈملىنىڭ مەفئۇلىنى (تولدۇرغۇچىسىنى) چىقىرىۋەتكەن. رەقەم يەنىلا تۇتمىسا ئۇ «سىرلىق پەرق» كە سىغىنغان[293].

---

[293]- بۇ بۆلۈمدە ئۆتكەن دەۋالار ئۈچۈن قاراڭ: شۇئالار، بىرىنچى شۇئا، رىسالەئى نۇر كۇللىياتى، 1- جىلد، 832- بەت.

## ج- سەئىد نۇرسىي بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىشارەتلەر

سەئىد نۇرسىينىڭ كۆز قارىشىچە ئايەتنىڭ بەشىنچى جۈملىسى شۇدۇر: «مَنْ يَشَاءُ» «خالىغان كىشىنى». بۇ جۈملە غايەت كىچىك بىر پەرق بىلەن رىسالەتۇننۇر مۇئەللىپىنىڭ ئىسمى بىلەن مەشھۇر بىر لەقىمىگە ماس كېلىدۇ. ئەگەر «يَشَاءُ» دىكى مۇقەددەر (پەرەز قىلىنغان) ئالماش ئاشكارا قىلىنسا، بۇ ئىپادە «مَنْ يَشَاءُهُ» بولىدۇ. ئۇ چاغدا مۇئەللىپىنىڭ لەقىمىگە تولۇق ماسلىشىدۇ[294].

بۇ يەردە زىكىر قىلىنغان لەقەم «ئەلكۈردىي» دۇر. چۈنكى بۇنىڭ رەقەم قىممىتى 409 بولىدۇ. «مَنْ يَشَاءُهُ» نىڭ رەقەم قىممىتى بولسا 407 دۇر. ئۇ كۈرد بولغانلىقى ئۈچۈن لەقىمى سەئىد كۈردىيدۇر. سان ئۇدۇل كەلمىگەنلىكى ئۈچۈن كۈردىينىڭ بېشىغا ئىنىقلىق ئارتىكلى (تاجسۆز) بولغان ئەلىف لام «ال» نى قوشۇشقا توغرا كەلگەن. ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ لەقىمى ھەققىدە گەپ قىلماسلىقىمۇ دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك بىر مەسىلە.

سەئىد نۇرسىي بۇ يەردە چوڭ بىر تىل خاتاسى سادىر قىلغان. ئۇ: «...‹يَشَاءُ› دىكى مۇقەددەر (پەرەز قىلىنغان) ئالماش ئاشكارا قىلىنسا...» دەيدۇ. ئەرەب تىلىدا مۇقەددەر ئالماشلار ئاشكارا قىلىنمايدۇ. ئەگەر ئۇنى ئاشكارا قىلىش مۇمكىن بولسا ئىدى، ئۇنىڭغا «مەھزۇف» دېيىلگەن بولاتتى. «يَشَاءُ» دىكى مۇقەددەر ئالماش ئۇنىڭ فائىلى (ئىگىسى) بولغان «ھو» دۇر. «مَنْ يَشَاءُهُ» دىكى ھۇ «هُ» بولسا، مەھزۇف بولغان مەفئۇل (تولدۇرغۇچى) دۇر.

سەئىد نۇرسىي سۆزىنى مۇنداق داۋاملاشتۇرىدۇ:

---

[294]- شۇئالار، بىرىنچى شۇئا، رىسالەئى نۇر كۇللىياتى، 1- جىلد، 832- بەت.

«**مِنْ شَجَرَةٍ مُبَارَكَةٍ**» «مۇبارەك بىر دەرەختىن» جۈملىسىدىكى بىرىنچى «**ةٍ**» ت، ئىككىنچى «**ةٍ**» توختاش ئورنى بولغانلىقى ئۈچۈن ھـ ھېسابلانسا ۋە «**شَجَرَةٍ**» دىكى تەنۋىن (ئاخىرىدا كەلگەن قوش ھەرىكەت) نۇن «**ن**» ھېسابلانسا، رەقەم قىممىتى 1311 بولىدۇ. بۇ رەسائىلىننۇر يازغۇچىسىنىڭ رىسالەتۇننۇرنىڭ مۇبارەك مۇقەددەس دەرىخى قۇرئاننىڭ پەلەمپەيلىرى بولغان ئەرەب تىلىنى ئوقۇشقا باشلىغان تارىخقا تولۇق ئىشارەت قىلىدۇ[295].

سەئىد نۇرسىينىڭ «تارىخچەئى ھايات» ىغا قارايدىغان بولساق، ئۇ ھىجرىيىنىڭ 1290ـ يىلى تۇغۇلغان. دېمەك، 21 يېشىدا ئەرەبچە ئوقۇشقا باشلىغان. ھالبۇكى، ئۇ 14 ياش ۋاقتىدىلا دەۋرىنىڭ ئەڭ چوڭ ئالىملىرىدىن بولغانلىقىنى دەۋا قىلماقتىدۇر[296].

سەئىد نۇرسي ئېيتىدۇ: «**يَكَادُ زَيْتُهَا يُضِيءُ وَلَوْ لَمْ تَمْسَسْهُ نَارٌ نُورٌ**» «يېغى ئوت تەگمىسىمۇ يورۇتايلا دەپ تۇرىدۇ. نۇر» بۇ جۈملە ئىشارەت قىلىدۇكى، رەسائىلىننۇرنىڭ مۇئەللىپىمۇ ئوتسىز يانىدۇ. ئىلىم تەھسىل قىلىش ئۈچۈن چىقىم تارتىشقا ۋە دەرس ئۆگىنىش قىيىنچىلىقىغا موھتاج بولماستىن ئۆزلۈكىدىن نۇرلىنىدۇ. ئالىم بولىدۇ[297].

«شۇنداق، بۇ مۆجىزىلىك جۈملىنىڭ ئۈچ ئىشارىتى بار. ئىككىسى ئېلېكتىرغا ۋە رەسائىلىننۇرغا قىلغان ئىشارەتتۇر. بۇلار بىرەر ھەقىقەتتۇر.

---

[295] ـ شۇئالار، بىرىنچى شۇئا، رىسالەئى نۇر كۇللىياتى، 1ـ جىلد، 832ـ بەت.

[296] ـ كاستامونۇ لاھىقىسى، رىسالەئى نۇر كۇللىياتى، 2ـ جىلد، 1609ـ بەت.

[297] ـ شۇئالار، بىرىنچى شۇئا، رىسالەئى نۇر كۇللىياتى، 1ـ جىلد، 833ـ بەت.

ئۈچىنچىسى بولسا رىسالەئى نۇرنىڭ مۇئەللىپى توغرىسدىكى ئىشارەتتۇر. ئۇمۇ تامامەن ھەقىقەتتۇر. «تارىخچەئى ھايات» نى ئوقۇغانلار ۋە بىر يۇرتلۇقلىرى بىلىدۇكى، مەدرىسە ئۇسۇلى بويىچە، «ئىزھار» ناملىق كىتابتىن كېيىن ئون بەش يىل دەرس ئېلىش ئارقىلىق ئوقۇلىدىغان كىتابلارنى، رەسائىلىننۇرنىڭ مۇئەللىپى پەقەت ئۈچ ئايدىلا ئوقۇپ پۈتتۈرگەن.

ئايەتنىڭ ئۇ جۈملىسى جىفىر ۋە ئەبجەد ھېسابى بويىچە ھەم ئېلېكترنىڭ كەشپ قىلىنىش ۋاقتىنىڭ يېقىنلىقىنى، ھەم رەسائىلىننۇرنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىنى، ھەمدە مۇئەللىپىنىڭ تۇغۇلۇشىنى ئىشارەت يولى بىلەن خەۋەر بەرمەكتە، شۇنداقلا يەنە بىر مۆجىزە چېقىندىسى كۆرسەتمەكتىكى:

«**يَكَادُ زَ يْتُهَا يُضِيءُ**» «ياغىنىڭ ئۆزى يورۇتايلا دەپ قالغان» جۈملىسىنىڭ ماقامى (ئەبجەد ھېسابى بويىچە رەقەم قىممىتى) 1279 دۇر. «**وَلَوْ لَمْ تَمْسَسْهُ نَارٌ نُورٌ**» «ئۇنىڭغا ئوت تەگمىسىمۇ. نۇر» بۆلۈمى بولسا، ئىككى تەنۋىن ئىككى نۇن دەپ ھېسابلانسا 1284 بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ھەم ئېلېكترنىڭ كېڭىيىشىنىڭ يېقىن ئىكەنلىكىنى، ھەم رەسائىلىننۇرنىڭ يېقىنلىقىنى، ھەم 14 يىلدىن كېيىن مۇئەللىپىنىڭ تۇغۇلۇشىنى، يەكادۇ «**يَكَادُ** (تاس قالدۇ)» دېگەن مۇقەددەس كەلىمىسى بىلەن مەنەن ئىشارەت قىلماقتا.

ھەممىمىزگە مەلۇمكى، ئاجىز ۋە ئىنچىكە يىپلار بىرلەشسە مەزمۇتلىشىپ، ئۆزۈلۈپ كەتمەيدىغان بىر ئارغامچا بولىدۇ. بۇ سىرغا ئاساسەن يۇقىرىدىكى ئايەتنىڭ مەزكۇر ئىشارەتلىرى بىر-بىرىگە قۇۋۋەت ۋە ياردەم

بېرىدۇ. ماسلىق تولۇق بولمىسىمۇ تولۇق ھۆكمىدە بولىدۇ ۋە ئىشارىتى دالالەت دەرىجىسىگە چىقىدۇ»[298].

سەئىد نۇرسي خالىغان رەقىمنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن جۈملىلەرنى پارچىلىغىنىدەك دىئاكرىتىك بەلگىلەرنىمۇ (زىر، زەبەر ھەرىكەتلەرنىمۇ) ھەرىپ دەپ ھېسابلىغان. ئەمما بۇ يەردە ناھايىتى مۇھىم بىر مەلۇمات ئوتتۇرىغا چىقىۋاتىدۇ. سەئىد نۇرسي 1279 دىن 14 يىل كېيىن دۇنياغا كەلگەنلىكىنى ئېيتىدۇ. بۇ مەلۇماتقا ئاساسەن ئۇنىڭ تۇغۇلغان ۋاقتى ھىجرىيىنىڭ 1293 ـ يىلى بولغان بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۆز قەلىمى بىلەن يېزىپ شەيخۇلئىسلامغا تەقدىم قىلغان تەرجىمىھالىدىمۇ بۇ تارىخ يېزىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ «تارىخچەئى ھايات» ىدىكى 1290 دېگەن تارىخ خاتادۇر.

رىسالەئى نۇرلار باشتىن ـ ئاخىر يۇقىرىدىكىلەرگە ئوخشاش مەدھىيىلەر بىلەن توشۇپ كېتىلگىلىك. ئۇلاردىن بىرى مۇنداق:

سەئىد نۇرسي ئىستانبۇلدىكى ۋاقتىتا «كىم نېمىنى خالىسا سورىسۇن» دەپ ئادەتتىن تاشقىرى بىر ئېلان چىقارغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇ زامانىنىڭ مەشھۇر ئالىم ۋە ئەللامەلىرى ئۇنىڭ يېنىغا كارۋانلار ھالىتىدە كەلگەن، ئۇنىڭدىن ھەر خىل ئىلىمگە ۋە پەرقلىق ماۋزۇلارغا دائىر ئەڭ مۇرەككەپ، ئەڭ قىيىن سوئاللارنى سورىغان، سەئىد نۇرسي بۇ سوئاللارغا ھېچ توختاپ قالماستىن توغرا جاۋابلارنى بەرگەن[299].

سەئىد نۇرسي نېمىشقىدۇر يېنىغا سوئال سوراش ئۈچۈن توپ ـ توپ ھالدا كەلگەن ئالىم ۋە ئەللامەلەردىن ھېچبىرىنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئالمايدۇ ۋە بەرگەن جاۋابلاردىن بىر دانىسىنىڭ بولسىمۇ نېمە ئىكەنلىكىنى سۆزلىمەيدۇ.

---

[298] ـ شۇئالار، بىرىنچى شۇئا، رىسالەئى نۇر كۇللىياتى، 1 ـ جىلد، 833 ـ بەت.
[299] ـ سەئىد نۇرسي، سۆزلەر، سۆزلەر نەشرىياتى، ئىستانبۇل 1993، 726 ـ بەت.

## د- رىسالەئى نۇرلارنىڭ يېزىلىشىغا ئىشارەتلەر

سەئىد نۇرسىي مۇنداق دەيدۇ: «باشتىكى ئايەت رىسالەئى نۇرنىڭ ئىسمىغا ئىشارەت قىلغاندەك، يېزىلىش ۋە مۇكەممەللىشىش تارىخىغىمۇ تولۇق ئىشارەت قىلماقتا. ئايەتنىڭ «**كَمِشْكَاةٍ فِيهَا مِصْبَاحٌ الْمِصْبَاحُ فِي زُجَاجَةٍ**» «ئىچىدە چىراغ بولغان بىر تەكچىگە ئوخشاشتۇر. ئۇ چىراغ بىر شىشىنىڭ ئىچىدىدۇر» دېگەن جۈملىسىنىڭ بېشىدا بولغان «**كَمِشْكَاةٍ**» دىكى تەنۋىن (قوش زىر) توختاش يېرى بولمىغانلىقتىن نۇن « **ن**» ھېسابلانسا، ۋە «**فِي زُجَاجَةٍ**» توختاش يېرى بولغانلىقتىن ئاخىردىكى «**ةٍ**» «ھ» دەپ ھېسابلانسا بۇلارنىڭ رەقەم قىممىتى 1349 بولىدۇ. بۇ رەقەم رەسائىلىننۇرنىڭ ئەڭ نۇرانىي پارەلىرىنىڭ يېزىلىش ۋە مۇكەممەللىشىش زامانى بولغان 1349 يىلىغا تولۇق ئىشارەت قىلىدۇ.

سەئىد نۇرسىي خالىغان رەقەمگە ئېرىشىش ئۈچۈن بۇ يەردىمۇ ئايەتنىڭ جۈملە تەركىۋىنى بۇزۇۋەتكەن. ئاندىن «**ةٍ**» ھەرپىنى بىر يەردە دىئاكرىتىك بەلگىسى (قوش زىرى) بىلەن بىللە 450 ھېسابلىغان بولسا، باشقا بىر يەردە 5 دەپ ھېسابلىغان.

بۇ يەردە دىققەت تارتىدىغان باشقا بىر مەسىلە شۇدۇر: ئۇ ئايەتنىڭ بىرىنچى بۆلۈمنىڭ بىرىنچى جۈملىسىدە «**كَمِشْكَاةٍ**» دېگەن كەلىمىنىڭ بېشىدىكى كاف « **كَ**» ھەرپىنى چىقىرىۋەتكەن ۋە پەقەتلا «**مِشْكَاةٍ فِيهَا مِصْبَاحٌ**» دېگەن ئىپادە ئۈستىدىن ھېساب ئېلىپ بېرىپ ئايەتنىڭ رىسالەتۇننۇرغا ئىشارەت قىلغانلىقىنى ئېيتقان، «**ةٍ**» ھەرپىنىڭ ھەرىكىتىنى ھېسابقا قوشمىغان. يەنى سەئىد نۇرسىي بۇ يەردە ئۆزى 450 رەقەم قىممىتىگە ئىگە دەپ بەلگىلىگەن بىر ھەرپنى ئۇ يەردە 400 دەپ ھېسابلىغان، 20 قىممىتىدىكى «ك» ھەرپىنى ئېتىبارغا ئالمىغان.

سەئىد نۇرسىي سۆزلىرىنى مۇنداق داۋاملاشتۇرىدۇ:

«الْمِصْبَاحُ فِي زُجَاجَةٍ الزُّجَاجَةُ كَأَنَّهَا كَوْكَبٌ دُرِّيٌّ» «ئۇ چىراغ بىر شىشىنىڭ ئىچىدىدۇر. ئۇ شىشە خۇددى بىر گۆھەر يۇلتۇزدۇر» دېگەن جۈملىنىڭ رەقەم قىممىتى 1345 بولىدۇ. بۇ رەقەم رەسائىلىننۇرنىڭ يېيىلىش، شۆھرەت تېپىش ۋە گۈللىنىش تارىخىغا تولۇق مۇۋاپىق كېلىدۇ. چۈنكى تەشدىدلىك «ر» ئىككى «ر»، تەشدىدلىك «ن» ئىككى «ن» تەشدىدلىك «ز» ئەسلى ئېتىبارى بىلەن بىر «ل» ۋە بىر «ز»، «زُجَاجَةٍ» توختاش يېرى بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇ يەردىكى «ةٍ» «هـ»، ئىككىنچىسى توختاش يېرى بولمىغانلىقى ئۈچۈن «ت» ھېسابلىنىدۇ.

سەئىد نۇرسىي «الْمِصْبَاحُ فِي زُجَاجَةٍ» «ئۇ چىراغ بىر شىشىنىڭ ئىچىدىدۇر» دېگەن جۈملىنى ئالدىنقى ئابزاستا باشقا بىر مەقسەتتە ئىشلەتكەن ئىدى. ئۇ سۆزلىرىنى مۇنداق داۋاملاشتۇرىدۇ:

«ئەگەر تەشدىدلىك «ز» ئىككى «ز» ھېسابلانسا، ئۇ چاغدا 1322 بولىدۇ. بۇ رىسالەئىننۇر يازغۇچىسىنىڭ نۇر كىتابلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك تەييارلىقا باشلىغان تارىخىغا پۈتۈنلەي ماس كېلىدۇ»[300].

سەئىد نۇرسىي ئالدىنقى ئابزاستا تەشدىدلىك «ز» نى ئەسلى ئېتىبارى بىلەن بىر «ل» ۋە بىر «ز» ھېسابلانسا دەپ، 37 رەقەم قىممىتى بەرگەن ھەرپلەرگە، بۇ يەردە 14 رەقەم قىممىتى بېرىپ، ئۆزى خالىغان نەتىجىگە ئېرىشىشكە تىرىشقان.

---

[300] ـ شۇئالار، بىرىنچى شۇئا، رىسالەئى نۇر كۇللىياتى، 1ـ جىلد، 832ـ بەت.

## ئې– رىسالەئى نۇرلارنىڭ قىممىتىگە ئىشارەتلەر

سەئىد نۇرسىي مۇنداق دەيدۇ:

قۇرئان بىلەن شۇنچىلىك مەنىلىك ۋە كۆپ تەرەپلىمىلىك ماسلىق بىردەك كۆرسىتىدۇكى، بۇلار پەقەت بىر ئالامەت، بىر ئىشارەت ئەمەس، بەلكى قۇۋۋەتلىك بىر دالالەتتۇر. بەلكى قۇرئاننىڭ ھەم ئېلېكتىر بىلەن ھەمدە رەسائىلىننۇر بىلەن بولغان مەنىۋى مۇناسىۋىتىنى ئاشكارا ھالدا ئوتتۇرىغا قويماقتىدۇر. بۇ ئايەتنىڭ مەنىۋى ئىنچىكىلىكلىرىدىن بىرى مۇنداق: مۆجىزىلىك بىر غەيب خەۋەر بىلەن ئېلېكتىر ۋە رىسالەئى نۇر ھەققىدە خەۋەر بەرگەندەك بۇ ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىش زامانلىرىنى، ئۇنىڭدىن كېيىن مەيدانغا كېلىدىغان تەرەققىياتلارنى ۋە بۇ ئىككىسىنىڭ ئادەتتىن تاشقىرى ئەھۋاللىرىنىمۇ ناھايىتى گۈزەل كۆرسەتمەكتىدۇر[301].

مەسىلەن: «**زَيْتُونَةٍ لَا شَ رْقِيَّةٍ وَ لَا غَ رْبِيَّةٍ**» «شەرقتىمۇ، غەربتىمۇ بولمىغان زەيتۇن» جۈملىسى شۇنى ئىپادىلەيدۇ: «ئېلېكتىرنىڭ قىممەتلىك پايدىلىرى شەرقتىنمۇ غەربدىنمۇ ئىمپورت قىلىنمىغان. ئۇ يۇقىرىدىن، ھاۋا بوشلۇقىدىن، رەھمەت خەزىنىسىدىن، ئاسمانلاردىن چۈشىدۇ؛ ھەر يەرنىڭ مېلى ھېسابلىنىدۇ. ئۇنى باشقا يەردە ئىزدەشكە كېرەك يوق. مەنىۋى بىر ئېلېكتىر بولغان **رەسائىلىننۇرمۇ ئەينى شەكىلدە نە شەرقنىڭ مەدەنىيىتى ۋە ئىلىملىرىدىن، نە غەربنىڭ پەلسەپە ۋە پەن بىلىملىرىدىن كەلگەن بىر مال ياكى ئۇلاردىن ئېلىنغان بىر نۇر ئەمەستۇر. لېكىن ئۇ ساماۋىي بولغان قۇرئاننىڭ شەرق ۋە غەربنىڭ ئۈستىدە بولغان ئەرشتىكى يۈكسەك يېرىدىن ئېلىنغاندۇر**[302].

ـ[301] شۇئالار، بىرىنچى شۇئا، رىسالەئى نۇر كۇللىياتى، 1ـ جىلد، 832ـ بەت.

ـ[302] شۇئالار، بىرىنچى شۇئا، رىسالەئى نۇر كۇللىياتى، 1ـ جىلد، 833ـ بەت.

سەئىد نۇرسى ئالدى بىلەن باتىل بىر يول ئارقىلىق ئايەتتىن چىقارغان ئىشارەتلىرىنى قۇۋۋەتلىك دەلىللەر دېدى. ئاندىن مۆجىزىلىك بىر غەيب خەۋەرنى قولغان كەلتۈرگەنلىك دەۋاسى بىلەن ئېلېكترىنىڭ ۋە ئۆز كىتابلىرىنىڭ ئادەتتىن تاشقىرى بىر نەرسە ئىكەنلىكىنى ئالغا سۈردى.

ئۇ ئېلېكتىر (توك) نىڭ قانداق ھاسىل قىلىنغانلىقىنى بىلمىگەنلىكى ئۈچۈن ئۇنىڭ ھاۋا بوشلۇقىدىن كەلگەنلىكىنى، ئۆزىنىڭ كىتابىنىڭمۇ ئەينى شەكىلدە ئاسماندىن چۈشكەنلىكىنى دەۋا قىلىش ئارقىلىق ئۇنىڭ قۇرئاندىن ئەمەس، قۇرئان ئېلىنغان يەردىن، يەنى ئەرشتىن ئېلىنغانلىقىنى ئالغا سۈرىدۇ. ئۇنىڭ بۇ دەۋاسى بىز باشتا كۆرسىتىپ ئۆتكەن دەۋالىرى بىلەن بىر پۈتۈنلۈك شەكىللەندۈرىدۇ. ئۇنىڭ كۆز قارىشىچە رىسالەئى نۇرلار قۇرئان ئېلىنغان يەردىن ئېلىنغان. ئۇ يەردىن ئىلگىرى ئېلىنغان قۇرئان، نورمال ھالەتتە ئۇ يېگى كىتاب ۋە ئۇنى تەبلىغ قىلىدىغان كىشى ھەققىدە مەلۇمات بەرگەن بولغاچقا، سەئىد نۇرسي خيالىي دۇنياسىنى بۇ ئاساس ئۈستىگە قۇرۇپ چىققان.

## ف- رىسالەئى نۇرلارنى ئوقۇغانلارغا ئىشارەتلەر

سەئىد نۇرسى تالىپلىرىنىمۇ ئۇنتۇپ قالمىغان بولۇپ، مەزكۇر ئايەتتىن ئۇلارغىمۇ نېسىۋە ئايرىغان. ئۇ مۇنداق دەيدۇ:

ئايەتنىڭ «**يَكَادُ زَيْتُهَا يُضِيءُ وَلَوْ لَمْ تَمْسَسْهُ نَارٌ نُورٌ**» «يېغى ئوت تەگمىسىمۇ يورۇتايلا دەپ تۇرىدۇ. نۇر » دېگەن جۈملىسى ئىشارەت قىلىدۇكى، ھىجرىي 13- ۋە 14- ئەسىردە تورۇسقا ئېسىلغان لامپىلار ئوت تۇتاشتۇرۇلمىسىمۇ يانىدۇ، ئوت تەگمەستىن پارلىدايدۇ. ئۇنىڭ زامانى يېقىندۇر. يەنى 1280- يىلغا يېقىندۇر. بۇ جۈملە بىلەن توكنىڭ ئادەتتىن تاشقىرى ئالاھىدىلىكىگە ۋە كەلگۈسىسىگە ئىشارەت قىلىش ئارقىلىق بايانات بېرىلگەندەك، مەنىۋى بىر توك بولغان رەسائىلىننۇردا غايەت يۇقىرى ۋە چوڭقۇر بىر ئىلىم بار بولغانلىقتىن، ئوقۇش خىراجىتىگە، دەرس ئۆگىنىشكە، باشقا مۇئەللىملەردىن دەرس ئېلىشقا ۋە ئۇستازلارنىڭ ئاغزىدىن دەرس ئۆگىنىشكە ئېھتىياج قالماستىن ھەر كىشى دەرىجىسىگە كۆرە ئۇ ئالىي ئىلىملەرنى مۇشەققەت ئۇتى لازىم بولماستىن بىلەلەيدۇ. ئۆزلۈكىدىن پايدىلىنالايدۇ. تەتقىقاتچى ۋە ھەقىقەتچى بىر ئىلىم ئەربابى بولۇپ يېتىشىپ چىقالايدۇ[303].

سەئىد نۇرسى باشقا بىر يەردە مۇنداق دەيدۇ: «بىر يىل بۇ رىسالىلەرنى، بۇ دەرسلەرنى چۈشەنگەن ۋە قوبۇل قىلغان ئاساستا ئوقۇغان كىشى بۇ دەۋرنىڭ مۇھىم ۋە ھەقىقىي بىر ئالىمى بولالايدۇ. ئەگەر چۈشەنمىسىمۇ رىسالەئى نۇر شاگىرتلىرىنىڭ بىر مەنىۋى كىشىلىكى بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇ كىشىلىك شۈبھىسىز بۇ دەۋرنىڭ بىر ئالىمىدۇر»[304].

[303] - شۇئالار، بىرىنچى شۇئا، رىسالەئى نۇر كۇللىياتى، 1- جىلد، 833- بەت.
[304] - سەئىد نۇرسىي، لەمئەلەر، 21- لەمئە، رىسالەئى نۇر كۇللىياتى، 1- جىلد، 672- بەت.

سەئىد نۇرسىغا نىسبەتەن رىسالەئى نۇر قۇرئاننىڭ يېزدىن ئارتۇق تىلسماتلىرىنى، سىرلىرىنى يەشكەن ۋە ئوتتۇرىغا چىقارغان، ئەڭ تەرسا دىنسىزلارنىڭ ئېغىزىنى تۇۋاقلاپ چارىسىز ھالغا چۈشۈرۈپ قويغان[305] بىر كىتابتۇر. ئۇنىڭ تىلسىم ۋە سىر دەپ ئاتىغىنى يۇقىرىدىكى ئىپادىلىرى بولسا كېرەك.

كۆپىنچە شىئەلەر ۋە رەمماللار ئىلتىجا قىلىدىغان جىفر يولى ئارقىلىق ھەرپىلەر بىلەن سانلار ئوتتۇرىسىدا مۇناسىۋەت ئورنىتىپ بەزى ئىشارەتلەرگە ئېرىششكە تىرىشىش ۋە ئۇلارنى ئايەتنىڭ بىر ھۆكمىدەك كۆرسىتىش ناھايىتى ئېغىر خاتالىق ئۆتكۈزگەنلىك بولىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

**«وَإِنَّ مِنْهُمْ لَفَرِيقًا يَلْوُونَ أَلْسِنَتَهُمْ بِالْكِتَابِ لِتَحْسَبُوهُ مِنَ الْكِتَابِ وَمَا هُوَ مِنَ الْكِتَابِ وَيَقُولُونَ هُوَ مِنْ عِنْدِ اللَّهِ وَمَا هُوَ مِنْ عِنْدِ اللَّهِ وَيَقُولُونَ عَلَى اللَّهِ الْكَذِبَ وَهُمْ يَعْلَمُونَ»**

«ئەھلى كىتابتىن شۇنداق بىر پىرقىمۇ باركى، ئۆزلىرى ئويدۇرغان سۆزلەرنى تىللىرىنى ئېگىپ كىتابنى ئوقۇغاندەك ئوقۇيدۇ. ئۇلار بۇنى سىلەرنىڭ ئۇ سۆزلەرنى كىتابتىن، دەپ ئويلىشىڭلار ئۈچۈن قىلىدۇ. ھالبۇكى ئۇ سۆزلەر كىتابتىن ئەمەستۇر. ئۇلار: ‹بۇ ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىن نازىل قىلىنغان› دەيدۇ. ھالبۇكى، ئۇ ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىن نازىل قىلىنمىغان. ئۇلار بىلىپ تۇرۇپ ئاللاھغا بوھتان چاپلايدۇ»- ئال ئىمران 78/3.

ئۇنىڭدىن باشقا رىسالەئى نۇرلارنىڭ ئەڭ تەرسا پەيلاسوپلارنى گەپ قىلالماس قىلىپ قويغانلىقى ۋە مىڭلارچە ئالىمنى ھەيران قالدۇرغانلىقى دەۋا

---

[305]- ئەمىرداغ لاھىقەسى، (1) مەكتۇپ نومۇرى: 24، رىسالەئى نۇر كۇللىياتى 1- جىلد، 1695- بەت.

قىلىنىدۇ، لېكىن بۇلاردىن ھېچبىرىنىڭ كىملىكىدىن سۆز قىلىنمايدۇ[306]. كاشكى ئۇلار بۇلارنىڭ ئىچىدىن بىرەر كىشىنىڭ ئىسمىنى ۋە ئۇلارنى قايسى بىلىملىرى بىلەن مات قىلىپ تاشلاپ ھەيران قالدۇرغانلىقىنىمۇ يازغان بولسىدى، بىزگە بىر تەھلىل قىلىش ئىمكانى بېرىشكەن بولاتتى. ئۇلار ئەسلىدە ئىسمىمۇ بېرىدۇ، لېكىن ئەسىرلەر ئىلگىرى ئۆلۈپ كەتكەن پەيلاسوپلارنىڭ ئىسملىرىنى بېرىدۇ. ئۇلار دەيدۇكى: «ئەڭ مەشھۇر ئىسلام پەيلاسوپلىرىدىن ئىبنى سىنا، فارابىي ۋە ئىبنى رۇشدلەرگە رىسالەئى نۇرنىڭ ئىلمىي قۇدرىتىنى كۆرسىتىش مۇمكىن بولسا ئىدى، ئۇلار دەرھال تىزلىنىپ رىسالەئى نۇردىن دەرس ئالاتتى»[307].

---

[306]- شۇئالار، 14- شۇئا، رىسالەئى نۇر كۇللىياتى، 1- جىلد، 1037- بەت.

[307]- سىككەئى تەسدىقى غەيبىي، رىسالەئى نۇر كۇللىياتى، 2- جىلد، 2104- بەت.

## پايدىلانغان مەنبەلەر:

قۇرئان كەرىم

بۇخارى، جامىئۇسسەھىھ.

مۇسلىم، سەھىھۇ مۇسلىم.

مۇقەددەس كىتاب كونا ۋە يېڭى ئەھد (تەۋرات ۋە ئىنجىل)، كىتابى مۇقەددەس شىركىتى ئىستانبۇل 1981.

ئىنجىل (خۇش خەۋەر)، ئىنجىلنىڭ ھازىرقى زامان تۈركچە تەرجىمىسى، ياشام نەشرىياتى ئىستانبۇل 2002.

ئابدۇلئەزىز بايىندىر: قۇرئان نۇرى ئاستىدا تەرىقەتچىلىككە نەزەر، سۈلەيمانىيە نەشرىياتى، تۆتىنچى نەشرى، ئىستانبۇل 2004.

ئابدۇراھمان كۈچۈك، دىنلەر تارىخى، ئوجاق نەشرىياتى، ئەنقەرە 1997.

ئەلىي رىزا دىنچ، ئىككى جاھان سەرۋەرى پەيغەمبىرى زىشانىمىز، يېڭى دۇنيا ژورنىلى، 58- ۋە 59- سانلار، ئاۋغۇست-سىنتەبىر 1998.

بەدىئۇززامان سەئىد نۇرسىي، رىسالەئى نۇر كۇللىياتى، يېڭى ئاسىيا نەشرىياتى، ئىستانبۇل، 1- جىلد 1994، 2- جىلد 1995.

بەدىئۇززامان سەئىد نۇرسىي، سۆزلەر، سۆزلەر نەشرىياتى، ئىستانبۇل 1993.

ئەلمالىلى مۇھەممەد ھەمدى يازىر، ھەق دىنى قۇرئان دىلى، ئىستانبۇل 1936.

فەتھۇللاھ گۈلەن، كىچىك دۇنيايىم 2، زامان گېزىتى 28 نويابىر 1996.

ھەسەن كامىل يىلماز: ئىنسانى كامىل، ئالتىن ئولۇق مەجمۇئەسى، 1996- يىلى، ئىيۇل.

خەيرۇددىن قارامان: ئىمامى رەببانىي ۋە ئىسلام تەسەۋۋۇپى، ئىستانبۇل 1992.

خەيرۇددىن قارامان، ئىبراھى كافى دۆنمەز، مۇستافا چاغىرىچى ۋە سەدرەتتىن گۈمۈش، قۇرئان يولى تۈركچە تەرجىمە ۋە تەپسىر، ئەنقەرە 2003.

خەيرۇددىن قارامان، ئەلىي ئۆزەك، ئىبراھى كافى دۆنمەز، مۇستافا چاغىرىچى، سەدرەتتىن گۈمۈش ۋە ئەلىي تۇرغۇت، قۇرئان كەرىم ۋە ئىزاھلىق تەرجىمىسى، تۈركىيە دىيانەت ۋەخپى نەشرىياتى، ئەنقەرە 1997.

خەيرۇددىن قارامان: «رامىزاندا مازار-ماشايىخ زىيارەتلىرى» 2000- يىلى، 12- ئاينىڭ 12- كۈنى چىققان يېڭى شەفەق گېزىتى، فىقھ بۆلۈمى.

ئىبنى ھىشام، سىيرەتۇننەبىي، م. مۇھيىددىن ئابدۇلھەمىد تەھقىقى، بېيرۇت 1981/1401.

ئىبنى كامال پاشا: ئەلئەربەئۇن v، 360، سۈلەيمانىيە كۈتۈپخانىسى، ئەسئەت ئەپەندى 1694.

ئىمامى رەببانى: مەكتۇبات (ئەرەبچە).

ئىسمائىل ئىبنى مۇھەممەد ئەلئەجلۇنىي: كەشفۇلخەفا، بېيرۇت 1988/1408.

ئىسمائىل ئىبنى ئۆمەر ئىبنى كەسىر، تەپسىرى ئىبنى كەسىر، بېيرۇت 1401.

ئىزۇتسۇ توشىكو، تاۋچىلىقتىكى ئاچقۇچلۇق ئۇقۇملار، ئەھمەت يۈكسەل ئۆزئەمرە تەرجىمىسى، كاكنۈس نەشرىياتى، ئىستانبۇل 2001.

ژ. س كوپېر، ئەردەمنىڭ نۇرى (تاۋچىلىق)، ئىسمەت زەكى ئەييۇبئوغلۇ تەرجىمىسى، ساي نەشرىياتى، ئىستانبۇل، 1994، 39- بەت.

كاتولىك چېركاۋى دىن ۋە ئەخلاق ئاساسلىرى، دومىنىك پامىر تەرجىمىسى، ئىستانبۇل 2000.

لاۋزى، بىلىنمىگەن تەلىماتلار (Hua Hu King)، تەرجىمە قىلغۇچى: ئىسمائىل تاشپىنار، ئامىنە گۈلشاھ جوشقۇن، كاكنۈس نەشرىياتى، ئىستانبۇل، 1999.

ماھمۇد ئۇستا ئوسمان ئوغلۇ (ماھمۇد ئىشان) باشچىلىقىدىكى بىر گۇرۇپپا تەرىپىدىن يېزىلغان روھۇلفۇرقان تەپسىرى، ئىستانبۇل 1992.

مەھمەت دەمىرچى، «ھەقىقەتى مۇھەممەدىيە»، دىيانەت ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيەسى ، 15- جىلد، 179-180.

مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللاھ خانى، ئاداب، ئابدۇلقادىر ئاقچىچەك تەرجىمىسى، ئىستانبۇل، 1976/1396.

مۇھەممەد ئىبنى جەرىر ئەتتەبەرىي، جامىئۇ بەيان فىي تەفسىرلقۇرئان (تەپسىرى تەبەرى)، بېيرۇت 1992/1412.

مۇھەممەد رىزا مۇزەففەر، ئەقائىدى ئىمامىيە، شىئە ئېتىقادلىرى، (ئابدۇللاھ گۈلپىنارلى تەرجىمىسى) ئىستانبۇل 1978.

سادىق ئالبايراق، ئاخىرقى دەۋر ئوسمانىيە ئۆلىمالىرى، ئىستانبۇل 1996.

سادىق دانا (ئالائىددىن ئەتتاردىن نەقلەن)، ئالتىنئولۇق سۆھبەتلىرى1، ئەرقام نەشرىياتى، ئىستانبۇل 1991.

سەفىيۇررەھمان ئەلمۇبارەكفورى، ئەررەھىقۇلمەختۇم، بېيرۇت 1988/1408.

شىناسى گۈندۈز، ماھمۇت ئايدىن، مىسسىئونېرلىك، ئىستانبۇل 2002.

ئوسمان يەنەر، تاو تې چىڭ، يول ۋە ئەردەمنىڭ كىتابى، تەرجىمە، ئىزاھات ۋە مۇلاھىزىلەر، ئاناختار نەشرىياتى، ئىستانبۇل 1998.

### لۇغەتلەر

جەۋھەرىي، ئىسمائىل ئىبنى ھەمماد، سىھاھ، بېيرۇت 1984/1404.

خەلىل ئىبنى ئەھمەد ( 100ـ 175 ھ) ئەين، مەھدى ئەلمەھزۇنىي ۋە ئىبراھىم ئەسسامەررائىي، ئىران 1409.

ئىبنۇ مەنزۇر: لىسانۇل ئەرەب، بېيرۇت 1990/1410.

مۇتەرجىم ئاسىم، قامۇس تەرجىمىسى (فىرۇز ئابادى). بەھرىيە مەتبەئەسى 1305.

راغىب ئەل ئىسفەھانى: مۇفرەدات ئەلفازىل قۇرئان (سەفۋان ئەدنان داۋۇدىنىڭ تەھقىقى بىلەن)، دەمەشىق ۋە بېيرۇت 1992/1412.

شەمسۇددىن سامىي: قامۇسى تۈركى، دەرسائادەت ئىستانبۇل 1317.

زەبىيدىي (مۇھەممەد مۇرتازا ئەززەبىيدىي)، تاجۇلئەرۇس، مىسىر 1306.

### تورلار

www.incil.com

http://arsiv.zaman.com.tr/1996/11/28/kose/hocaefendi/index.html

www.risaleinur.com.tr